


باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن
مۇھەررىر: ئەزىز تۇردى

# بۇ ساندا

ئۇيغۇر كلاسسىك جاۋاھىر ئەدەبىياتىدىن

تارىخى رەشىدىي ............ مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

فۇتۇۋۋەتنامە ............ مەۋلانا ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفى (22)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەنۋەر تۇردى

ئەجدادلار تەستىقى

«دۇردانىلەر خەزىنىسى» دىن ............ (31)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

چۇش ۋە رىۋاللىق ............ سەيىد ئەھمەدخان (37)

تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە ............ بارتولد (41)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىل ئابدۇقادىر

مەسئۇل مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىراق ئەلدىن سىرلىق ماكانغا كەلگەن «تاۋاپ» چىلار ......... ئەركىن شېرىپ (45)

## دىن تەتقىقاتى

«قۇرئان كەرىم» دىكى ئەخلاقىي دەۋەتلەر ......... يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق (52)

## مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

سۇنغان ساتار ..................... مىركەرىم ئاسىم (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) (61)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەت

## ئەدەبىي مۇھاكىمە

ئىسلام سەنئىتىنىڭ ماھىيىتى ۋە باشقا تەرەپلىرى......... مۇھەممەد قۇتۇب (77)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇللاجان كېرەم
«ئەرگىنەقۇن» داستانى ھەققىدە ..................... تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى (82)
مەختۇمسۇلا ئوبرازىنىڭ تارىخىي مەنبەسى ............ مېھرىگۇل ئوبۇلقاسىم (94)

## دەۋرىمىز شەھىتلىرىدىن

مەدەنىيلىشىشمۇ، ياتلىشىشمۇ (4) ................................ تۇغلۇق (96)

* *

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد

* *

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: فەرھاد ۋە شىرىن. رەسسام: مەجىد مېھرىگان

مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتىدىكى رەسىملەرنى ئابدۇرېھىمجان ئوبۇلقاسىم سىزغان.

مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى بېتىدە: «مىڭ بىر كېچە» قىسسىسىگە سىزىلغان قىستۇرما رەسىم، رەسسام: مىستىلاۋ يابىرووۋىسكىي (رۇسىيە)

تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرى: (0991) 2827726

# تارىخى رەشىدى[1]

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

مولla مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزئەخمەت

## تاغام سەيىد مۇھەممەد مىرزىغا ئائىت سۆزلەرنىڭ بايانى

بۇ يەردە مۆرىتى كەلگەچكە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق ئېيتىشنى لايىق كۆردۈم. بۇ كىتابتا ھەرقانداق يەردە «تاغام» دېگەن سۆز كەلسە بۇ مېنىڭ تاغام سەيىد مۇھەممەد مىرزىنى كۆرسىتىدۇ.

مەخپىي قالمىسۇنكى، تاغامنىڭ دەسلەپكى ئەھۋاللىرى يۇقىرىدا قىسقىچە زىكىر قىلىنغانىدى، ئۇنىڭ پەرغانە ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلغان ۋەقەلىرىنىڭ تەپسىلاتىمۇ ئوچۇق بايان قىلىنغانىدى. تاشكەنت ۋەيرانچىلىقى دەۋرىدە تاغام سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. ئۇلار ئەندىجانغا باردى ۋە كاسانىنى ئۇئايلا قولغا كىرگۈزۈپ تاغامغا بەردى. خانلار ئاخسىغا بارغانىدى، شاھىبېكخان يېتىپ كېلىپ خانلار بىلەن يۈزمۇيۈز جەڭ قىلدى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى.

خانلارنىڭ شاھىبېكخانغا يېڭىلگەنلىك خەۋىرى تاغامغا ئاڭلاندى، تاغام دەرھال كاساندىن كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ھېچقانداق شىكەستىلىك يەتمىدى. ئۇ بېرىپ موغۇلىستانغا قېچىپ كەلگەن خالايىققا قوشۇلدى، سۇلتان مەھمۇدخان موغۇلىستانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تاغام ئۇنىڭغا قوشۇلدى. سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ موغۇلىستانغا كەلگەن ۋەقەسىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى.

تاغام شۇ ۋاقىتتىن تاكى سۇلتان ئەھمەدخان ۋاپات بولغۇچە سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن بىللە ئىدى. سۇلتان ئەھمەدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خان يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ئاقسۇ ۋە موغۇلىستاننى چۆكۈرۈپ: «موغۇلىستانىنىڭ پادىشاھلىقىدىن تاشكەنتنىڭ ئۈشتىگەرلىكى ياخشىراق» دېدى. تاغام جاۋاب بېرىپ: «توغرا، تاشكەنتتە ئۈشتىگەرلىك قىلغىلى قويغان ئەھۋال ئاستىدا شۇنداق» دېدى. يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك سۇلتان مەھمۇدخان تاغامنىڭ بۇ سۆزىدىن ئىنتايىن رەنجىگەنىدى. بىرنەچچە

---

[1] بېشى ئالدىنقىساندا

www.uyghurkitap.com



پەسكەشلەر بار ئىدى ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ھەمىشە ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار بۇ ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، تاغامنىڭ كۆچىيىپ كېتىۋاتقانلىق ئەھۋالىنى سۇلتان مەھمۇدخانغا ئەرز قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار شۇ دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىكى، تاغامنىڭ ھاياتلىق رىشتىسىنى ئۆلۈم پىچىقى بىلەن شۇنداق كېسىپ تاشلاپ، تاكى قىيامەتكىچە تاغام بىلەن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئارىلىرىدا ئالاقە ئورنىتىشنىڭ ئىمكانىيىتىنى قويماسلىققا بەل باغلىدى. ئەمما سۇلتان مەھمۇدخان: «ئۇنىڭ بىزگە بولغان تۇغقاندارچىلىقى ھەممىدىن يېقىن، بۇنداق يارامسىز قىلىققا قەدەم قويۇش ماڭا ھەرگىز لايىق ئەمەس، ئۇ ئەڭ ياخشىسى جېنىنى سالامەت ئېلىپ بىر تەرەپكە كەتسۇن، تۇرپانغا، مەنسۇر خاننىڭ ھۇزۇرىغا بارغىنى مۇۋاپىقراق» دەپ تاغامنى تۇرپانغا ماڭدۇردى، سۇلتان مەھمۇدخانمۇ موغۇلىستانغا كەتتى.

تاغام تۇرپانغا كېتىۋېتىپ ئاقسۇدا سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ خىزمىتىدە قالغانلارغا قوشۇلدى. سۇلتان مەھمۇدخان ئاقسۇغا قېرىنداشنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندە ئوغلى سۇلتانمۇھەممەد سۇلتاننى ۋە ئەمىر ئەھمەد ئىتارچىنى موغۇلىستاندا بىرنەچچە كىشى بىلەن قويۇپ كەلگەندى. سۇلتانمۇھەممەد سۇلتان ۋە ئەمىر ئەھمەد ئىتارچى موغۇلىستاننى تولۇق تىزگىنلىدى. ئاندىن ئۇلار كىشى ئەۋەتىپ تاغامنى موغۇلىستانغا ئېلىپ باردى. تاغام سۇلتانمۇھەممەد سۇلتان بىلەن ياخشى كېلىشىپ ئۆتتى. ئۇلار ئارىسىدا ناھايىتى چىڭ بىرلىك ۋە دوستلۇق ئالاقىسى ئورنىتىلدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندى، بىر كېچىسى ئەمىر ئەھمەد ئىتارچىنى مۇلازىملىرى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەمىر ئەھمەد ئىتارچىنىڭ كىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھېچ ئاشكارىلانمىدى.

شۇنىڭ بىلەن موغۇلىستان ۋىلايىتىنىڭ شاھلىق خىزمەتلىرى ۋە سۇلتانمۇھەممەد سۇلتاننىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى تاغامنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. لېكىن، تەدبىرلىك، ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ يوقلۇقىدىن ۋە كونا لەشكەرلەرنىڭ يوقلۇقى سەۋەبىدىن تاغامنىڭ ئىشلىرى تازا يۈرۈشمىدى، چۈنكى تاغامنىڭ كونا لەشكەرلىرى ۋە دانىشمەن ئەمىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئاتام بىلەن بىللە ھىسار تەرىپىگە كەتكەندى. تاغامنىڭ يېنىدا ئىككى يۈزچە كىشى بار ئىدى. ئۇلار بىلەن ھېچ ئىش تەرتىپكە چۈشمىدى. سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان خەلىل سۇلتان قىرغىزلار بىلەن موغۇلىستاندا غوۋغا ۋە زىلزىلە پەيدا قىلغاندا تاغام موغۇلىستاندىن قېچىپ يەتتەكەنتكە باردى. سۇلتان مەھمۇدخان شۇ يەردە ئىدى. سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ يېنىدىكى ئاشۇ رەزىل كىشىلەر يەنە پىتنە - پاسات ۋە تەپرىقىچىلىك ئويۇنلىرىنى شۇ دەرىجىگە يەتكۈزدىكى، ئاخىر تاغامنى تۇتۇپ، ئۆزبېكلەرگە ئەۋەتىپ بەردى. جانىبېك سۇلتان ئەندىجاندا ئىدى. تاغامنى شۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىشتى. ئۇ تاغامغا ھېچنېمە دېمەستىن، بەلكى مېھىر - شەپقەت بىلەن ھۆرمەتلىدى. شۇنداق قىلىپ تاغام جانىبېك سۇلتاننىڭ يېنىدا بولدى. تاكى شاھ ئىسمائىلنىڭ نۇسرەت قازىنىپ، بابىر پادشاھ باش كۆتۈرگەن زامانغىچە تاغام جانىبېك سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىدا ئىدى. ئاشۇ قىش زىمىستاندا شاھىبېكخان شاھ ئىسمائىلنىڭ قولىدا ئۆلدى. شۇ قىشنىڭ ئەتىياز پەسلىگە كەلگەندە ھەممە سۇلتانلار مەسلىھەتلىشىپ ماۋەرائۇننەھردە قالغان موغۇللارنى پۈتۈنلەي قەتلئام قىلىپ يوقاتماقچى بولۇشتى. لېكىن، جانىبېك سۇلتان بۇ مەسلىھەتكە رازى بولمىدى[1]. ئۇ

[1] بۇ سۆز مولla مۇھەممەد نىياز نۇسخىسىدا «رازى بولدى» دەپ يېزىلىپ قالغان، باشقا نۇسخىلار ئاساسىدا تۈزىتىلدى.

تاغامنىڭ خىزمىتىدىكى ھەممە موغۇللارنىڭ ئەندىجانغا بېرىپ ئائىلىسى بىلەن قوشۇلۇشقا رۇخسەت بەردى. تاغام جانىبەك سۇلتاننىڭ پىكىرلىرىنىڭ تۇراقسىزلىقى ۋە سۆزلىرى ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىن ئىنتايىن جىددىي قوزغىلىپ، تېزلىكتە كەتتى. ئەمما جانىبەك سۇلتان شۇ ھامانلا پۇشايمان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىشى ئەۋەتىپ قوغلاپ تاپقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى. لېكىن، تاغام ئىنتايىن تېز ۋە چاققانلىق بىلەن يۈرۈپ ئەندىجانغا يەتتى - دە، قالغان موغۇللار ۋە ئەندىجان خەلقى بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭ قىلدى، شۇ ئارقىلىق پەرغانە ۋىلايىتىدىكى بارلىق ئۆزبېكلەرنى قوغلاپ چىقاردى. ئاندىن كېيىن قايىرتېكىن يولى بىلەن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىشى ئەۋەتىپ، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغىنىدەك بۇ ۋەقەلەرنىڭ خوش خەۋىرىنى يەتكۈزدى. پادىشاھ بۇ خوش خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن شاد - خۇرام بولدى.

## تاغام سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ پەرغانىنى ئىشغال قىلغانلىق خەۋىرى پادىشاھقا ئاڭلانغانلىقى، پادىشاھنىڭ سۇلتان سەئىدخاننى ئەندىجانغا، تاغامنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەنلىكى

ئىشتىمەك كېرەككى، تاغامنىڭ پەرغانىنى ئىشغال قىلغانلىق خەۋىرى قۇندۇزغا ئاڭلىنىشتىن ئىلگىرى، موغۇل ئەمىرلىرىدىن مىرشىرىم، مىرمەزىد، قۇلنەزەر مىرزا، جانكە مىرزا، مىرئەييۇب، مىرمۇھەممەد مىرئىبراھىم، يادىگار مىرزا، قارا سۇلتان ئەلى مىرزا، نەزەر [مىرزا]، مىرغۇرى بارلاس، ئەمىر دائىم ئەلى، مىرزا مۇھەممەد، مىر بەگمۇھەممەد، مىرقەنبەر، شاھنەزەر مىرزا، قۇتلۇغ مىرەك مىرزا قاتارلىق ئەقىلدارلار ۋە باشقا بىرنەچچە ئەمىرلەر بىرلىشىپ، خىلۋەت جايدا سۇلتان سەئىدخانغا مۇنداق ئەرز قىلىشتى: «ئەگەر خان رۇخسەت قىلسا، پادىشاھنى ئارىدىن كۆتۈرىمىز ۋە سەلتەنەت تەختىدە خاننى ئولتۇرغۇزىمىز». چۈنكى، ئۇ ۋاقىتلاردا موغۇل قوۋمىدىن مۇكەممەل قوراللانغان 20 مىڭ كىشى تەييار ئىدى، چاغاتايىلارنىڭ ھەممىسى بەش مىڭغا يەتمەيتتى. ئەمىرلەر ئۆز مۇددىئاسىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، خان جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «شاھىبېكخان ئىستېلاسىنىڭ توپانى ۋە قىرغىنچىلىق دولقۇنلىرى ئەۋجىگە چىقىپ، موغۇل خاقانلىرىنىڭ ئۆمۈر كېمىسىنى پارە - پارە قىلىپ، ھەممىسىنى يوقلۇق دەرياسىدا غەرق قىلغان ۋاقىتلاردا مەن يوشۇرۇنلۇق تاختىيى ئۈستىدە قېلىپ، كابۇلدىن ئىبارەت ئارالغا ئاران چىقىۋالغانىدىم. بابىر پادىشاھ مېنى بالا - قازا دولقۇنلىرىدىن سالامەت ئاسراپ، شۇ قەدەر قىسىنچىلىق جەزىرىدە مېنى ناھايىتى راھەت - پاراغەت ۋە خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە مۇھاپىزەت قىلدى. ئەمدى ئىستىقبال ساھىلىغا يەتكىنىمدە بۇنداق ناچار ئىشقا قەدەم قويۇش نېمىدېگەن نامەردلىك، بۇنداق قەبىھ قىلىقنى قىلىش نەقەدەر ھىممەتسىزلىك - ھە، بۇنداق ناچار خىيالنى ۋە بولمىغۇر تەسەۋۋۇرنى كۆڭۈلدىن كەچۈرۈش شەرىئەتتە ھارام، ياخشىلىق مەزھىپىدە نىجىسلىقتۇر» دېدى. شۇنداق قىلىپ خان ئۇلارنىڭ بۇ پىتنە - پاسات قوزغىغۇچى مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلاپ ۋەھىمىگە چۈشتى. ئەمىر قاسىم قاۋچىن پادىشاھنىڭ ئاتىلىق ئورنىدىكى ئىشەنچلىك كىشىسى ئىدى. خان ئەمىر قاسىمغا: «پادىشاھقا بۇ ئەرزىمنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى www.uyghurkitap.com



يەتكۈزگەيسىز، خۇداغا شۈكرى، بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە دۆلەت قۇياشى ئىقبال بۇرجىدا مۇقىملاشتى ۋە قارار تاپتى. ھەممە تائىپە خەلقلىرى پادىشاھنىڭ ئالەم پاناھ بارگاھىغا يۈزلەندى. خۇسۇسەن ئاھالىسى كۆپ، غەيرەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتتە باشقا خەلقلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان موغۇل خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ تەدبىرى ۋە ھىممەت ـ شىجائىتى بىلەن ئىززەت، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان ئەمىرلىرى ھەمىشە ئۆز ھىممەتلىرىنى ئۆز خەلقلىرىنى كۈچەيتىشكە سەرپ قىلىۋاتىدۇ. ئەقىل ـ تەپەككۇر ھۆكمى بويىچە ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولۇشۇم نامۇۋاپىق كۆرۈنۈۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇزاق مۇددەتلىك بىرلىكىمىزنىڭ يېڭى بۆلۈنۈشكە ئۆزگىرىپ كېتىش ئېھتىمالى بار. پادىشاھ مېنى بىرەر جايغا ئەۋەتسە، شۇ ئارقىلىق قەدىمىي مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈلمەي مۇستەھكەم ۋە ھەقىقىي تۇرىدە داۋاملاشسا، بۇنىڭ ھەر ئىككىلا تەرەپ دۆلىتىگە پايدىسى بار» دېدى.

ئەمىر قاسىم خاننىڭ ئەرزىنى پادىشاھقا يەتكۈزدى. شۇ ئەھۋال ئەسناسىدا يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئەندىجاندىن ئادەم كېلىپ تاغامنىڭ ئىلتىماسىنى پادىشاھقا ئۆتتى.

## بابىر پادىشاھنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە كەلگەنلىكى ۋە ئۇ يەردە پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغانلىقى

تاغامنىڭ ئىلتىماسى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ شۇ باھانە بىلەن خاننى ئەندىجانغا ئەۋەتتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن مىرزاخان شاھ ئىسمائىلدىن ياردەم ئېلىپ يېتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھنىڭ كۈچى زورايدى، شۇڭا پادىشاھ ئۆزى ئۇلۇغلۇق تىزگىنىنى ھىسار ۋىلايىتىگە قارىتىپ تارتىپ، ھىسارغا يۈرۈش قىلدى. بۇ خەۋەر ئۆزبېكلەرگە ئاڭلاندى، ئۇلارمۇ كۆپ قوشۇن يىغدى، ئۇلۇغلىرىدىن ھەمزە سۇلتان، مەھدى سۇلتان ۋە تېمۇر سۇلتان باشلىق نەچچە سۇلتانلار پادىشاھقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى. شاھبېكخاننىڭ ئورنىدا تەختتە ئولتۇرغان كۆچۈم خان بىلەن سۇيۇنچەك سۇلتان، جانىبېك سۇلتان ۋە ئۇبەيدۇللا سۇلتان باشلىق پۈتكۈل سۇلتانلار قارشىغا يىغىلغانىدى، قارشىنىڭ ئەسلىي ئىسمى نەخشەب ئىدى. پادىشاھ پۇلسەنگىن (تاشكۆۋرۈك) گە يېتىپ كەلدى. ھەمزە سۇلتان يېتىپ كېلىپ، پۇلسەنگىننى توسۇپ بىر ئاي تۇردى، ئاخىر ئۆزبېكلەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھېسابسىز تولىلىقى، ئۇلارنىڭ داڭلىق سەردار ۋە پەھلىۋانلىرىنىڭ كۆپلۈكى، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشنىڭ قىيىنلىقى مەلۇم بولدى. پادىشاھتا تاقابىل تۇرۇپ جەڭ قىلغۇدەك كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ يوقلۇقىنى ئۆزبېكلەرمۇ بىلىپ قالدى. شۇڭا ئۇلار پۇلسەنگىننىڭ تۆۋەن تەرىپىگە يۈرۈش قىلىپ دەريادىن ئۆتتى. ناماز ۋاقتى بولغانىدى، پادىشاھقا بۇ خەۋەر ئاڭلاندى، پادىشاھ شۇ سائەتتىلا ئورۇنلىرىدىن كۆچۈپ ئابەرە تەرەپكە يۈردى، چۈنكى ئۇ تەرەپنىڭ تاغلىرى مۇستەھكەم ئىدى. شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە يۈرۈپ، ئەتىسى ناماز پېشىنگىچە يەنە تېزلىك بىلەن يۈرۈش قىلىپ، بىر مۇستەھكەم جاينى تاپتى. ھەممە دانىشمەنلەر شۇ جايغا چۈشۈشنى لايىق كۆردى، شۇڭا ئاشۇ جايدا ئورۇنلاشتى. تاڭ كېچە بولغانىدى، قاراۋۇللار: «ئۆزبېكلەر پۈتۈن قوشۇنى بىلەن كېلىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلدى. تاۋاچىلار دەرھال پۈتكۈل لەشكەرگە خەۋەر يەتكۈزدى. سۇبھى ۋاقتىغىچە ھەممە جەڭ ئەسلىھەلىرى ھازىرلىنىپ تەق بولدى.

ۋاقتىكى، كېچە قوشۇنى كۈندۈز لەشكىرىدىن ييىگىلىپ، مەغرىب تەرەپكە قاچتى. غالىب

سۈپەتلىك قوياش ئۆزىنىڭ نۇسرەت بەلگىسى بولغان تۇغىنى كۆتۈردى. شەرق شاھى جاھاننى يورۇتقۇچى نۇرلۇق شەمشىرىنىڭ شولىلىرى بىلەن تۈن لەشكىرىنىڭ سەردارلىرى بولغان يۇلتۇزلارنى ئاسمان سەھنىسىدىن يوق قىلدى. شۇ ئەسنادا قاراۋۇللار يېتىپ كېلىپ: «ئۆزبېك لەشكەرلىرى كەلدى» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. پادىشاھ شۇئان دۆلەت ئايغىنى نۇسرەت ئۆزەڭگىسىگە قويۇپ ئاتلاندى ۋە بىر ئېگىز جايغا چىقتى.

دۈشمەن تەرەپنىڭ پەقەت بىرلا تار يولى بار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا يولى يوق ئىدى. بۇ يولنىڭ سول تەرىپىدە يەنە بىر ئېگىز دۆۋە بار ئىدى، ئۇنىڭ ئارىلىقىدا بىر چوڭقۇر دەريا بار ئىدى، ئۇ دۆۋىنىڭمۇ بىرلا يولدىن باشقا يولى يوق ئىدى. ئۆزبېك لەشكەرلىرى ئارقىمۇئارقا كېلىپ بىر تۈزلەڭ يەردە سەپ تارتتى. ئۇلار پادىشاھ چىققان يەرگە چىقىشنىڭ مۇشكۇل ئىكەنلىكىنى كۆردى. يەنە بىر دۆۋىگە تېمۇر سۇلتان باشلىق بىرنەچچە سۇلتانلار ئون مىڭچە كىشى بىلەن چىقتى. پادىشاھ ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مىرزاخان باشچىلىقىدا لەشكەرنىڭ ھەممە پالۋانلىرىنى ئىلغاپ ئەۋەتتى. شۇ ئەسنادا پادىشاھنىڭ سائادەتلىك نەزىرى بىر توپ خالققا چۈشتى ۋە: «بۇلار كىمدۇر، قايسى جامائەتتۇر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار جاۋاب بېرىپ: «بىز مىرزا ھەيدەرنىڭ مۇلازىملىرى» دېدى.

ئاتام كابۇلدىن چىققاندا مىراسىي خىزمەتكارلاردىن ئاتامنىڭ ئۈچ مىڭ كىشىسى بىللە بارغانىدى، قالغان موغۇللار بىلەن خۇراساندىن قۇندۇزغا كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ۋە مۆتىۋەر كىشىلىرىنى پادىشاھ ئۆزىگە مۇلازىم قىلغانىدى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ خىزمىتىمدە ئىدى. پادىشاھنىڭ نەزىرى چۈشكەن جامائەت شۇ كىشىلەر ئىدى. پادىشاھ ماڭا خىتاب قىلىپ: «سەن تېخى كىچىك، بۇنداق ئىشلارغا سېنى بۇيرۇغىلى بولمايدۇ. شۇڭا سەن مېنىڭ يېنىمدىن يىراققا بارمىغىن» دەپ مېنى ئېلىپ قالدى. مەۋلانا مۇھەممەد باشلىق قالغان مۇلازىملارنى مىرزاخانغا كۆمەكلىشىشكە ئەۋەتتى. مېنىڭ مۇلازىملىرىمدىن بارغانلار مىرزاخانغا يېتىشىپ بارغانىدى، ئۆزبېكلەر بىرلا ھۇجۇم بىلەن مىرزاخاننىڭ ئالدىدىكىلەرگە تالاپەت يەتكۈزۈپ، قوغلاپ مىرزاخاننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. شۇ ئەسنادا مېنىڭ مۇلازىملىرىم مىرزاخانغا يېتىشىپ باردى. ئۇلارنىڭ سەردارلىرى جانئەھمەد ئاتاكە ئاتلىق بىر نامرات كىشى ئىدى. جانئەھمەد مېنىڭ مۇلازىملىرىمنى باشلاپ ھۇجۇم قىلىپ ئۆزبېكلەرگە زەربە بېرىپ قاچۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن مىرزاخاننىڭ ئالدىدا زەربىگە ئۇچراپ قاچقانلارمۇ ئارقىسىغا يېنىپ، ھەممىسى بىردەك ھۇجۇمغا ئۆتتى ـ دە، ئۆزبېكلەرنى ياندۇردى. بۇ ئىشلار جەريانىدا مېنىڭ مۇلازىملىرىمدىن بىرى بىر ئۆزبېكنى تۇتۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، پادىشاھ ئۇنى ياخشى فال (بەخت ـ تەلەي) دەپ بىلدى ۋە: «بىرىنچى خىزمەتنى مىرزا ھەيدەرنىڭ نامىغا پۈتۈڭلا» دېدى.

يەنە چەت تەرەپتىمۇ تاكى كەچكىچە قاتتىق جەڭ بولدى، ئەمما پادىشاھ تۇرغان يەرگە ئۆزبېكلەرنىڭ قەدەملىرى يەتمىدى. چۈنكى يولنىڭ تارلىقى تۈپەيلىدىن ئىككىلا تەرەپكە مېڭىش قىيىن ئىدى. نامازدىگەر بولغاندا پادىشاھ ئەتراپىدىكى شىجائەتلىك خەلق پىيادە بولۇپ تۆۋەنگە چۈشتى. ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ مەنزىلىگە يېتىپ بولغۇچە كەچ بولدى. بېرىپ قارىسا سۇ بولمىغانلىقتىن ئۆزبېكلەر ئۇ يەردە تۇرالماي قوزغىلىپتۇ. چۈنكى، ئۇ يەردىن سۇ بار يەر بىر پەرسەڭ يىراقلىقتا ئىدى. ئۆزبېكلەر ئۇ يەردىن چىقىپ سۇغا يېقىن يەرگە چۈشۈپ قونۇپ، ئەتە يېنىپ كېلىپ جەڭ قىلىمىز دېگەن غەرەزدە كۆچۈپ يۈرگەنىدى. پادىشاھ يېنىدىن چۈشكەن پىيادىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن «ھاي ـ ھۇي!» دەپ غوۋغا سالدى.

www.uyghurkitap.com



مىرزاخانغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان ئۆزبېك قوشۇنى بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ئارقىغا چېكىندى، ئۇلار كۆرۈپ ئۆزبېكلەرنىڭ غول قوشۇنى بولغان ھەمزە سۇلتان باشلاپ بارغان قوشۇنمۇ ئارقىسىغا يېنىشقا قەدەم قويدى. بۇلار تىزگىنىنى ئارقىسىغا ياندۇرغان ھامان مىرزاخان ھەممە قوشۇنى بىلەن بىرلا ھۇجۇم قىلغانىدى، مىرزاخانغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان قوشۇن زەربە يەپ قېچىشقا يۈزلەندى، ئۇ قوشۇننىڭ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ غول قوشۇندىكىلەرمۇ قاچتى. ئۇلارغا مۇشۇ زەربە يەتكەنچە ھەممىسى بىراقلا مەغلۇپ بولدى. نامازشام ۋاقتى بولغاندا پادىشاھنىڭ ھەمزە سۇلتان، مەھدى سۇلتان ۋە ماماق سۇلتانلارنى تۇتۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. شەيبانىيلار موغۇل خانلىرىغا ۋە چاغاتاي سۇلتانلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلغان بولسا، پادىشاھمۇ بۇلارغا ئۇنىڭ ئۆتنىسىنى ياندۇردى.

شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە ئۆزبېكلەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. ئۇلار تاكى بەندەرى ئاھەنىن (تۆمۈر قوۋۇق) چېگرىسىغا يەتكۈچە قوغلاپ، ئاندىن پۈتكۈل غالىب لەشكەر ھىساردا يىغىلدى. ھىسارغا يەنە شاھ ئىسمائىلدىن كۆمەك (ياردەم) يېتىپ كەلدى. ئالەمنىڭ ھەممە ئەتراپلىرىدىن جامائەتلەر كېلىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ لەشكەرلەرنىڭ سانى 60 مىڭغا يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھىساردىن يۈرۈپ قارشىغا باردى. ئۆزبېك سۇلتانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سەمەرقەندتە ئىدى. ئۇبەيدۇللا خان قارشى قەلئەسىگە بېكىندى. دانىشمەنلەر ۋە تەدبىرلىك زاتلارنىڭ ھەممىسى قارشى شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلىشنى لايىق كۆرمىدى. ئۇلار: «بىز بۇخاراغا ئۆتۈپ كېتەيلى، ئۇبەيدۇللا خان قارشىدىن چىقماي مۇقىم تۇرسا بۇخاراغا بارالمايدۇ، بىز بۇخارانى ئاسانلا قولغا كەلتۈرەلەيمىز. ئۇنىڭ قارشىدا تۇرغىنىنىڭ ئۆزىگە پايدىسى يوق، بىزگە زىيىنى يوق. مۇبادا قارشىدا تۇرۇشتىن قورقسا قەلئەنى تاشلاپ كېتىدۇ. بۇ چاغدىمۇ يەنە ئەسلى مۇددىئايىمىز ھاسىل بولغان بولىدۇ» دېدى. بۇ مەسلىھەت پادىشاھنىڭ مۇبارەك كۆڭلىگە لايىق كۆرۈندى. پادىشاھ قارشىدىن ئۆتۈپ بىر مەنزىلگە چۈشتى. شاھنىڭ ئارقىسىدىن ئارقىمۇئارقا قاراۋۇللار كېلىپ: «ئۇبەيدۇللاخان قارشى قەلئەسىدىن چىقىپ، بۇخاراغا قاراپ يۈردى» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. شۇ سائەتتىلا ئاتلىنىپ پۈتۈن سۈرئەت بىلەن تاڭ ئاتقۇچە قوغلاپ بۇخاراغا يېتىپ باردى. پالۋانلار ئۆزبېكلەرنى قوغلاپ بۇخارادىنمۇ ئۆتكۈزۈپ تۈركىستان چۆلىگىچە قوغلاپ باردى. بۇ جەرياندا قوللىرىغا چۈشكەنلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى.

ئۆزبېك سۇلتانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سەمەرقەندكە يىغىلغانىدى. بۇ بالا - قازانىڭ داغدۇغىسى بىلەن ھەممىسى پاراكەندە بولۇپ، ھەر تەرەپكە قېچىپ، پاراكەندە ۋە پەرىشان ھالدا ئۆزلىرىنى تۈركىستانغا يەتكۈزۈۋالدى.

پادىشاھ بۇخاراغا كەلگەندىن كېيىن، شاھ ئىسمائىلنىڭ كۆمەكلىشىشكە كەلگەن كىشىلىرىنى تولۇق ئىنئام ۋە ئىلتىپاتلار بىلەن ئىززەت - ئىكرام قىلىپ قايتىشقا ئىجازەت بېرىپ ياندۇردى. پادىشاھ سالاپەت ۋە زەپەر بىلەن سەمەرقەندكە يۈزلەندى. ماۋەرائۇننەھرنىڭ يەرلىك كىشىلىرى، بارلىق ئاكابىر - ئەشرەپلەر، ئۇلۇغ زاتلار، كەسىپ ئىگىلىرى ۋە كاتتا - كىچىك پۇقرالارنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ بۇ مۇبارەك قەدەم تەشرىپى ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال - خۇرام بولۇپ، ئىستىقبال شەرىپىگە مۇشەررەپ بولدى. قالغانلارنىڭ ھەممىسى شەھەرنى زىننەتلەشكە مەشغۇل بولدى. كوچا - يوللارنىڭ ھەممىسىنى ھەرخىل ئەسۋابلار ۋە نەپىس ماتالار بىلەن بېزىدى، ھەرخىل نەقىشلەر ۋە رەڭگارەڭ سۈرەتلەرنى ئاستى.

تارىختا توققۇز كۈن يەتتە، رەجەپ ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا[1] پادىشاھ سەمەرقەند شەھىرىگە شۇقەدەر ئۇلۇغۋارلىق ۋە ھەيۋەت ـ ھەشەمەت بىلەن كىرىپ كەلدىكى، بۇنداق ھالەتنى ھېچ بىر كۆز كۆرمىگەن بولغىيدى، بۇنداق زىبۇ ـ زىننەتلەرنىمۇ ھېچ قۇلاق ئىشىتمىگەن بولغىيدى، گوياكى مالائىكە ـ پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا «ئۇدۇخۇلۇھا بىسەلامىن ئامىنىن» (ئامان ـ ئېسەن، تىنچ كىرىڭلار)[2] دېگەن سۆزلەر بىلەن جار سېلىۋاتقاندەك ئىدى. ھەممە خالايىق پۈتكۈل ئالەملەرنىڭ پەرۋىشكارى بولغان تەڭرىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، ھەمدۇسانا ئوقۇماقتا ئىدى. ماۋرائۇننەھرلىكلەر، بولۇپمۇ سەمەرقەند خەلقى نەچچە يىللاردىن بېرى پادىشاھنىڭ جۇدالىقى سەۋەبىدىن ئىشتىياق ۋە سېغىنىش مەشئەللىرىنى تاڭ سەھەرلەردىكى ئاھ ئوتلىرى بىلەن پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنىڭ پۈشتى ـ پاناھى ھەزرىتى تەڭرى دەرگاھىدا يورۇتۇپ كەلگەنىدى. ئۇلار پادىشاھنىڭ ياخشىلىق يوپۇرماقلىرى ۋە ئېھسان مېۋىلىرى مول بولغان ئادالەت دەرىخىنىڭ شەرەپلىك كۆلەڭگىسى بىر كۈنى بېشىمىزغا سايە سالىدۇ، دېگەن ئارزۇدا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، زۆرۈرىيەت مەزگىلىدە قىزىل باشلار كىيىمىنى كىيىپ بەدئەتكە ئوخشاپ قالغان، بەلكى كۇپۇرلۇققا يېقىنلاپ قالغان كىشىلەر پادىشاھنىڭ سەمەرقەند تەختىدە ئولتۇرۇشى بىلەن پەيغەمبەر شەرىئىتىنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇپ مۇستاپا سۈننەتلىرىنىڭ تاجىنى بېشىغا كىيىدۇ، بىدئەتتىن ئىبارەت بولغان پادىشاھلىق تاجىنى بېشىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ، دېگەن ئۈمىدتە ئىدى. ئەمما، پادىشاھ سەمەرقەند تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، سەمەرقەند ئەھلىنىڭ پادىشاھتىن كۈتكەن بۇ ئۈمىدلىرى ئورۇندىيالمىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب پادىشاھ تېخىچە ئۆزىنى شاھ ئىسمائىلنىڭ ياردەم ۋە مەدەتلىرىگە ئېھتىياجلىق بولمىغان ھالەتتە سەزمىگەنىدى. ئۆزىنىڭ ئۆزبېكلەرگە تاقابىل تۇرغۇدەك قۇۋۋىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتى. شۇڭا زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن قىزىل باشلارغا مۇرەسسە ـ مادارا قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ماۋرائۇننەھر خەلقىنىڭ پادىشاھقا بولغان غايىبانە ئىشەنچ ۋە ئىشتىياقلىرى بۇ ۋەقەلەرنى مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن، بىرمۇنچە توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىدى. پادىشاھ تېخىچە تۈركمەنلەرگە يېقىنچىلىق ۋە مادارا قىلاتتى.

## سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەندىجانغا بارغانلىقى ۋە ئۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى

يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، پادىشاھ خاننى ئەندىجانغا رۇخسەت بىلەن ماڭدۇردى. خان موغۇل ئەمىرلىرىدىن كۆپ سانلىق كىشىلەرنى ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار ئىچىدە مىرغۇرى بارلاس، مىردائىم ئەلى دوختۇۋى ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەھمەد ئەلى، مەھمۇد قۇلى، مىرزا مۇھەممەد بەگچەك ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى بەگمۇھەممەد، دوغلات قوۋمىدىن شاھنەزەر مىرزا ۋە مىرزا ئەلى تاغاي، قۇتلۇق مىرەك مىرزا، ئۆرگەنجى[3]

---

① ھىجرىيە 917 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى مىلادىيىنىڭ 1511 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② «قۇرئان كەرىم»، 15 ـ سۈرە ھىجر 46 ـ ئايەت.

③ بۇ ئېتنىك نام موللا مۇھەممەدنىياز نۇسخىسىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، قالغان نۇسخىلارنىڭ ھەممىسىدە «كۈنجى» دېيىلگەن.

www.uyghurkitap.com



ئەمىرلىرىدىن قۇلنەزەر مىرزا، جانكە مىرزا، ئەمىر قەنبەر ئىبنى ھەيدەر كوكەلداش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار خاننىڭ خىزمىتىدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يولغا چىقتى. پەرغانە ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلىشتا تاغام بىلەن بىرلىشىپ ھەمنەپەس بولغان ئۆزگەنچە ئەمىرلىرىدىن سۇلتان ئەلى، مىرزا بەگچەك، پەشكە مىرزا، ئىتارچى نوياغوت ۋە باشقىلارغا ئوخشىغان نەچچىلىگەن ئەمىرلەر خاننىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ، ئاياغلىرىنى تاۋاپ قىلىش شەرىپىگە ئېرىشتى. ئاندىن ئۇلار ئەندىجانغا يېتىپ بېرىپ ئورۇنلاشتى.

بىلمەك كېرەككى، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ھەمزە سۇلتان، مەھدى سۇلتان ۋە تېمۇر سۇلتان باشلىق بارلىق ئۆزبېك سۇلتانلىرى پادىشاھقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھېسارغا يىغىلىپ تۇرغانىدى. ئەمما، ئۇبەيدۇللا سۇلتان شاھ ئىسمائىلنىڭ ماۋەرائۇننەھرنى پادىشاھقا تەۋە قىلىپ بەرگەنلىكىنى، شاھ ئىسمائىلنىڭ ئۆزى كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزى ئېھتىيات قىلىپ قارشى شەھرىدە تۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئاقىۋىتىمۇ بايان قىلىپ ئۆتۈلدى. جانىبېك سۇلتان، كۆچۇم خان، سۆيۈنچەك سۇلتان قاتارلىقلار پەرغانە ۋىلايىتىنىڭ خەلقىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، ئاخسى ۋە ئەندىجانغا يۈرۈش قىلغانىدى، ئۇلار ئەندىجانغا كېلىپ تېخى ئورۇنلىشىپ بولمىغانىدى، ئۆزبېك سۇلتانلىرىنىڭ يۈرۈش قىلغانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى. مىرزاخان سۇلتان ئەلى مىرزىنى ۋە توبرە نوياغوتنى كاسانغا ئەۋەتتى، چۈنكى، ئۆزبېكلەر كاساننى ئېلىش قەستىدە بېرىپ قورشاپ، كاساننى قىيىنچىلىق ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. بۇ خەۋەر خانغا يەتكەن ھامان ھەممە خىللانغان باھادىر سەردارلارنى كاسان تاغلىرىغا ئەۋەتتى. گەرچە خاننىڭ ئۆزبېكلەرگە تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچلىرى يوق بولسىمۇ، لەشكەرلەر بېرىپ ئەتراپتا غۇلغۇلا ۋە غوۋغا كۆتۈرسە، قارشى تەرەپ تەشۋىشكە چۈشىدۇ ۋە كاسان خەلقىگىمۇ كۈچ - قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ، دەپ ئويلاپ بۇلارنى ماڭدۇردى. بۇلار كاسانغا يۈرۈش قىلىپ يولدا كېتىۋاتقانىدى، شۇ كۈنلەردە ئۆزبېك سۇلتانلىرى بىراقلا ھۇجۇم قىلىپ كاسان قەلئەسىنى ھەر تەرەپتىن يېرىپ، شوتا قويۇپ شۇ قەدەر زورلۇق قىلدىكى، قەلئەدىكىلەرنىڭ شەھەرنى قوغداپ قالغۇدەك كۈچ - قۇۋۋىتى قالمىدى. ئۇلار ئىلاجىسىز كاساننىڭ خۇشك تەرەپتىكى دەرۋازىسىدىن چىقىپ قاچتى، ئۆزبېك لەشكەرلىرى ھەممىسى پىيادە ھالدا جەڭ قىلىۋاتاتتى. ئۇلار كاسان خەلقىنى قېچىپ كېتىدۇ دەپ گۇمان قىلماي پىيادە جەڭ قىلغانىدى. كاسان خەلقىنىڭ قاچقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆزبېكلەر يېنىپ كېلىپ ئاتلىرىنى مىنىپ، ئۇلارنى قوغلاپ بولغۇچە، قاچقانلار ئۇزاپ كېتىپ بولدى. شۇڭا، ئۆزبېكلەر ئۇلارغا يېتەلمەي كېيىن قالغان بىر مۇنچىسىنى تۇتۇۋېلىپ، قەلئەدە قالغانلارغا قوشۇپ قىرغىن قىلدى. بالدۇر قېچىپ چىققانلار خاننىڭ يېنىدىن كاسان تاغلىرىغا كەلگەنلەرگە قوشۇلۇپ، ساق - سالامەت ئەندىجانغا ئۆزلىرىنى يەتكۈزۈشتى.

يوشۇرۇن قالمىسۇنكى، مىرزا ئابابەكرى خاننىڭ ئەندىجانغا كەلگەنلىكى ۋە ئۆزبېك سۇلتانلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كاسان ئۈستىگە كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، پەرغانە ۋىلايىتىنى قولغا كىرگۈزۈش تاماسىدا قەشقەردىن كېلىپ، ئەندىجاننىڭ يۇقىرىسىدىكى ئۆزگەند، مادۇ[1]، ئوش قاتارلىق جايلارنىڭ ئوبدان يۇرتلىرىنى ئىشغال قىلىپ ئەندىجانغا يۈرۈش قىلدى. ئۇ: «ئەندىجان قەلئەسى چوڭ قەلئەدۇر، قەلئەنى ئالىدىغان ئەسلىھەلەر

---

① بۇ ئورۇن ئىسمى مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە «بادۇ» دېيىلگەن.

بولمىغۇچە ئىككى - ئۈچ مىڭ كىشى بىلەن مۇھاسىرە قىلىپ، ئۇنى قولغا ئېلىش مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئويلاپ مەنچاناق ۋە شوتا قاتارلىق قەلئە ئېلىش ئەسلىھەلىرىنى تەييار قىلىپ ئەندىجانغا يۈرۈش قىلدى. بۇ خەۋەر خانغا ئاڭلانغاندىن كېيىن، خانغا ۋە ئەندىجان خەلقىگە ناھايىتى ئېغىر قورقۇنچ ھەم چوڭ ۋەھىمە يۈزلەندى. ئەمما، كەرەملىك تەڭرى دەرگاھىغا تەۋەككۇل قىلىپ جەڭگە تەييارلىنىپ، ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى ھازىرلاشقا تۇتۇش قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇ جەرياندا خانغا خېلى كۆپ كۈچ - قۇۋۋەت ھاسىل بولدى. شۇ كۈنلەر مىرزا ئابابەكرى ئەندىجانغا يېرىم پەرسەڭ ئارىلىقىچە يېقىنلاشتى، ئۇ قەلئە ئېلىشنىڭ بارلىق ئەسلىھەلىرىنى ھازىرلاپ ئەتە تاڭ ئېتىش بىلەنلا قەلئەنى ئالىمىز دەپ ئويلىغانىدى. خاننىڭ كاسانغا كەتكەن لەشكەرلىرىنىڭ كەلگەنلىكىدىن ئۇ بىخەۋەر ئىدى.

خان بامدات ۋاقتىدا قەلئەدىن چىقىپ مەيدانغا چۈشۈپ، جەڭ قىلىشقا تەييار بولۇپ تۇردى. مىرزا ئابابەكرىمۇ لەشكىرىنى ئېلىپ كېلىپ، قەلئەنى مۇھاسىرە قىلىش قەستىگە چۈشتى، ئىككى تەرەپ تۇتلۇق (ئۇجمىلىك) دېگەن يەردە ئۇچرىشىپ قالدى. ھەر ئىككىلا تەرەپ جەڭ سەپلىرىنى تۈزدى. پالۋانلار مەيدانغا كىردى، بۇ جەڭنىڭ ۋەقەلىرى ناھايىتى كۆپ. ھەممىسىنى بايان قىلساق، سۆز ئۇزاققا سوزۇلىدۇ. نۇرغۇن شىددەتلىك جەڭلەردىن كېيىن، غالىبىيەت شامىلى خاننىڭ بايرىقىنى لەپىلدىتىشكە باشلىدى، ئۆلۈم ۋە خارلىق توپىلىرىنى دۈشمەننىڭ كۆزىگە تولدۇردى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكىرى كۈچ - قۇۋۋەت ۋە سان جەھەتتە گويا تاغدەك ئىدى، خاننىڭ بەخت - سائادەت ۋە نۇسرەت شامىلى ئۇنى گوياكى سامانىنى ئۇچۇرغاندەك سورۇۋەتتى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكىرىگە قاتتىق مەغلۇبىيەت يۈزلىنىپ ئۆلگەنلىرى ئۆلدى. قالغانلىرى خاننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشتى. ئۇلارنى خان ئەندىجانغا يىغىپ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاشقا بۇيرۇدى. ئۇلارنى سەپمۇسەپ ئولتۇرغۇزۇپ ئۆلتۈرگىلى ھازىرلىدى، ئاشۇ ھالەتتە تاغام سەييىد مۇھەممەد مىرزا شاپائەت تىزلىرىنى ئىلتىماس زېمىنىغا قويۇپ، خاننىڭ شەرەپلىك سەمىگە بۇ ئەرزنى يەتكۈزدى: «تەڭرىگە تەشەككۈرلەر ۋە مىننەتدارلىقلار بولسۇنكى، بۇ غەلىبە ۋە نۇسرەت قەشقەر مەملىكىتى دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىدۇر، خۇدا خالىسا قەشقەرنىمۇ ئاسانلىق بىلەن ئىشغال قىلىشىمىزغا مېنىڭ ئۈمىدىم چوڭ. بۇ يىغىلغان ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈش گەرچە ئىنتىقام ۋە قىساس ئېلىش مەزھىپىدە توغرا ۋە لايىق ئىش بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى قەشقەر دىيارىنىڭ خەلقىدۇر. ئەگەر بۇلار ئۆلتۈرۈلسە گوياكى قەشقەرنى قەتلىئام قىلغاندەك ئىش بولىدۇ. بۇ ئاقىۋەتتە پۇشايمان ۋە نادامەتكە سەۋەب بولىدۇ. ھەزرىتى خان ئەگەر بۇلارنى ماڭا تاپشۇرۇپ، گۇناھىنى ئەپۇ قىلسا، بۇ ئىش خاننىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك تەرەققىياتى دەرىجىسى، ۋە شان - شۆھرىتى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.»

تاغامنىڭ بۇ ئەرزى خاننىڭ مۇبارەك سەمىگە يەتتى، خان دەرھال ئەپۇ قەلىمى بىلەن كەچۈرۈم رەقىمىنى ئاشۇ پۈتكۈل ئەسىرلەرنىڭ ھاياتلىق تاختىسىغا يازدى. ئۈچ مىڭ كىشى بىراقلا ئۆلۈمدىن نىجاتلىق تېپىپ، ھەممىسى بىردەك دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، خاننىڭ ھەققىگە ياخشى دۇئالارنى قىلدى.

بۇ ئۇلۇغ غەلىبە قولغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆزبېكلەرمۇ خانغا ھۇجۇم قوللىرىنى ئۇزارتىشتىن توختاپ، ئەندىشە ئايىغىنى ئېھتىيات ئېتەكلىرى ئىچىگە تارتتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ھەمزە سۇلتاننىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى ۋە ئۆزى بابىر پادىشاھنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىك خەۋىرى ئاڭلاندى. بۇ خەۋەردىن كېيىن پادىشاھنىڭ سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلغانلىقى،

سەمەرقەند ئەھلىنىڭ ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چىققانلىقى ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ تامام قېچىپ كەتكەنلىكى ئارقا - ئارقىدىن ئاڭلاندى. پادىشاھ سەمەرقەندتە، خان ئەندىجاندا تولۇق مۇستەقىللىق بىلەن سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇردى. شاھ ئىسمائىل ئىراققا يېنىپ كەتتى. بابىر پادىشاھ كابۇل ۋە غەزنەيىننى ئۆزىنىڭ كىچىك ئىنىسى ناسىر مىرزىغا بەردى. ئۆزبېكلەرنىڭ ھەممىسى تۈركىستانغا يىغىلدى. ئۇلارنىڭ قالغان ۋەقەلىرى خۇدا خالىسا كېيىن ئاشكارا قىلىنغۇسىدۇر.

مەخپىي قالمىسۇنكى، سۇلتان خەلىل سۇلتاننى جانىبېك سۇلتاننىڭ ئاخىسدا شېھىت قىلىنغانلىقى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەنىدى. سۇلتان خەلىلنىڭ سۈت ئېمىدىغان بىر ئوغلى قالغانىدى، ئىسمىنى بابا سۇلتان قويغانىدى، يەنە سۇلتان سەئىدخاننىڭ يۇقىرىدا ئىسمى زىكىر قىلىنغان بىر خوتۇنى بار ئىدى. خان خاجەئەلى باھادىرنىڭ قولىغا تۇتقۇن بولۇپ، ئاز مۇددەتتە بىر ئوغۇل پەرزەنت تۇغدى، خان كابۇلدىكى ۋاقتىدا بۇ خەۋەر ئاڭلاندى، پادىشاھقا بۇ خەۋەر يەتكۈزۈلدى. پادىشاھ خانغا: «سىزنىڭ ئىسمىڭىز سەئىددۇر، ئوغلىڭىزنىڭ ئىسمىنى ئابدۇررەشىد قويسىڭىز مۇۋاپىق بولغۇسىدۇر» دەپ مەسلىھەت بەردى، خانمۇ ئاشۇ ئىسمىنى قويۇشنى قارار قىلدى. بابا سۇلتان ئىبنى خەلىل سۇلتان، ئابدۇررەشىدخان ئىبنى سۇلتان سەئىدخاندىن ئىبارەت بۇ ئىككى خانزادىلەرنى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قىزى تۇتۇق خانىم بېقىۋالغانىدى، چۈنكى تۇتۇق خانىم تاشكەنت ۋەيرانچىلىقى دەۋرىدە جانىبېك سۇلتاننىڭ قولىغا چۈشكەنىدى. تۇتلۇق جېڭىدە خان غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۆزبېكلەر پەرغانە ۋىلايىتىدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى. سۇلتان سەئىدخان بۇ ئىككى خانزادىنى ساق - سالامەت تېپىۋالدى. بۇ ئىككى خانزادىنىڭ ھېكايىلىرىمۇ كېيىن بايان قىلىنغۇسى. بۇ يەردە سۆزنىڭ مۆرتىي خان بىلەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئارىسىدا ئۆتكەن ۋەقەلەر بايانىغا يېتىپ كەلدى. ئەمدى ئەگەر مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلمىساق ھېكايەت روشەن بولمايدۇ.

## مىرزا ئابابەكرى ئەھۋالىنىڭ قىسقىچە بايانى

بىلىش كېرەككى، پېقىر مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ ئىككىنچى بوۋام ئەمىر سەييىد ئەلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ بايانى تەڭرى خالىسا ئۆز نۆۋىتىدە زىكىر قىلىنغۇسى. ئەنە شۇ ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ ئىككى پەرزەنتى بار ئىدى. بىرىنىڭ ئېتى سانىسىز مىرزا بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى چۇراس ئەمىرلىرى تەبىقىسىدىن ئىدى. ئىككىنچى ئوغلى پېقىرنىڭ بوۋام مۇھەممەدھەيدەر مىرزا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى پەخىرلىك ۋە تەۋەررۈك بىلىپ پېقىرغا قويۇپتىكەن. بوۋام مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ ئانىسى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ھاممىسى ئىدى. ئەمىر سەييىدئەلى — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ئوغلى سانىسىز مىرزا ئوغۇللۇق رەسمىيىتى بويىچە ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ھاكىمىيەت تەختىگە ئولتۇردى. يەتتە يىلدىن كېيىن ئۇمۇ ئاخىرەتكە كېتىپ قالدى، ئۇنىڭدىنمۇ ئىككى ئوغۇل قالدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئابابەكرى مىرزا، ئىككىنچىسى ئۆمەر مىرزىدۇر. بۇ ئىككى ئوغۇلنىڭ ئانىسىنى موغۇل قائىدىسىدىكى يەڭگىلىك رەسمىيىتى بىلەن مۇھەممەدھەيدەر مىرزا نىكاھىغا ئالدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئانىسىدىن مۇھەممەدھەيدەر مىرزىمۇ ئىككى ئوغۇل يۈزى كۆردى. ئۇلارنىڭ بىرى، پېقىرنىڭ ئاتام مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا — تەڭرى ئۇنىڭ

زىيارەتگاھنى نۇرلۇق قىلغاي — ، ئىككىنچى ئوغلى تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزىدۇر.

سانسىز مىرزا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، پۈتكۈل قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمىيىتى بوۋام مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا قارار تاپقانىدى. بوۋام يىگىرمە تۆت يىل ئىچىدە ناھايىتى ئىنساپ ۋە ئادالەت بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنىدى. لېكىن، مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئاتا - بوۋىسى ۋە ئەجدادىدىن تارتىپ دۆلەتمەن كىشى بولۇپ، ھېچبىر مېھنەت ۋە كۈلپەت يۈزى كۆرمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ۋۇجۇدى ئەقىل، شىجائەت، چارە - تەدبىر زىننەتلىرى بىلەن بېزەلگەن ياشلارنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ۋە ئۇلارغا قانداق ھۆرمەت قىلىشنى بىلمەيتتى. ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ سەكسەن يىللىق ئۆمرى ئىچىدە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن تەجرىبىلىك ۋە تەدبىرلىك كىشىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇھەممەدھەيدەر مىرزا زامانىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگۈچە ۋاپات بولغانىدى. ھايات بولغانلىرىمۇ توقسان ياشلاردىن ئېشىپ، شەيخى پانىيلىق دەرىجىسىگە بېرىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئەقىل - ئىدراك قوللىرىدىن ھېچبىر چارە - تەدبىر كەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى بار بولسىمۇ، لېكىن قابىلىيەتسىز ئىدى. شۇ كۈنلەردە مىرزا ئابابەكرى يىگىرمە ياشلارغا يەتكەن ۋاقىت ئىدى. ئۇ ھەمىشە تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئەمىر زادىلەر ۋە ياشلار بىلەن ناھايىتى خۇشخۇيلۇق، مۇلايىملىق بىلەن چىقىشىپ ۋە ئارىلىشىپ ئۆتەتتى. ئۇلارمۇ تەڭتۇشلۇق مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن ھەمىشە مىرزا ئابابەكرىنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى. مىرزا ئابابەكرى ئۇ ۋاقىتلاردا ساخاۋەت قوللىرىنى شۇنداق ئاچقانىدىكى، ھەرخىل مال - مۈلۈك ۋە ئەسۋاب - سەرەمجانلارنى جەملىگەن ئۆيىنى پات - پات بۇيرۇق بىلەن تالان - تاراج قىلىپ، كۆپچىلىككە ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى. ئۇنىڭ بىر مۇلازىمىدىن ئاڭلىشىمچە: مىرزا ئابابەكرى ۋەدىسى ۋە ئادىتى بويىچە بىر كۈنى پۈتۈن مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلدۇرۇپتۇ. ئۇ مۇلازىم شۇنچە تېزلىك بىلەن يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، كېلىپ قارىسا مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھېچ نەرسىسى قالماپتۇ. خالايىق تالان - تاراج قىلىپ تۈگىتىپ بوپتۇ. مىرزا ئابابەكرى ئۆيىنىڭ ئىشىكىدە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئادەم بېرىپلا مىرزا ئابابەكرىنىڭ پېشىنى مەھكەم تۇتۇپ: «گەرچە كېيىن كېلىپ قېلىپ تالان - تاراجدىن مەھرۇم قالغان بولسامۇ، لېكىن ناھايىتى ياخشى گۆرۈدىن بىرنى تاپتىم، ئۇنى تاكى ماڭا بىر نەرسە بېرىلمىگۈچە قويۇپ بەرمەيمەن» دەپتۇ. مىرزا ئابابەكرى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە نۇرغۇن مەبلەغ بېرىپ ئۆزىنى سېتىۋاپتۇ. دېمەك، مىرزا ئابابەكرى ئىنئام ۋە ساخاۋەت ئالىقىنىنى شۇ قەدەر كەڭ يايغانىدىكى، پۈتكۈل خالايىق ئۇنىڭغا يۈزلەنگەنىدى. بۇ مۇددەت ئىچىدە مىرزا ئابابەكرى ئىسانبۇغاخاننىڭ ئوغلى دوستمۇھەممەدخاننىڭ مۇلازىمىتى ئۈچۈن ئاقسۇغا ۋە موغۇلىستانغا باردى. دوستمۇھەممەدخان مىرزا ئابابەكرىگە ياخشى ئىنئام ۋە ئېھسانلار بېرىپ ئۇنى ھۆرمەتلىدى، بىر تۇغقان سىڭلىسىنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بەردى، ئاندىن كېيىن رۇخسەت بېرىپ ياندۇردى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى ئۇزۇندۇر، ئۇنى بايان قىلساق مەقسەت يىراقتا قالىدۇ.

قىسقىسى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇھىم شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان يەركەنت قەشقەردىن تۆت كۈنلۈك يىراقتا بولۇپ، ھازىر پۈتكۈل قەشقەر مەملىكىتىنىڭ پايتەختىدۇر. مىرزا ئابابەكرى يەركەنتنى قولغا كىرگۈزدى. ئۇنىڭ خىزمىتىگە ئۈچ مىڭ پالۋان يىغىلدى، بۇ ئۈچ مىڭ پالۋان خىللانغان ئوتتۇز مىڭ كىشىگە تەڭ كېلەتتى. بۇ ئۈچ مىڭ كىشى مۇخالىپەتچىلىك ناغرىسىنى ئاشكارە چېلىشقا باشلىدى ۋە مۇستەقىللىق دۇمبىقىنى ئۇچۇق

www.uyghurkitap.com



ياڭراتتى.

بوۋام مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ جەمئىي ئوتتۇز مىڭ كىشىنى ئېلىپ مىرزا ئابابەكرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ يېڭىلىپ ياندى. ئاندىن كېيىن يۈنۈسخانغا ئىلتىجا قىلىپ كۆمەك (ياردەم) تىلىدى. يۈنۈسخان مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ ھامىمىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. يۈنۈسخانمۇ مىرزا ئابابەكرىنى سەل چاغلاپ، لەشكىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلمەي، ئوتتۇز مىڭ مۇكەممەل قوراللانغان لەشكەرنى ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلدى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزىمۇ پۈتۈن لەشكىرىنى يىغىپ يۈنۈسخان بىلەن بىللە مىرزا ئابابەكرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ قېتىممۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۈچ مىڭ نەپەر پالۋىنى يەركەنت قەلئەسىدىن چىقىپ ھەر ئىككىلا لەشكەرگە زەربە بەردى. يۈنۈسخان بىلەن مۇھەممەدھەيدەر مىرزا يېڭىلىپ پاراكەندە ھالەتتە قەشقەرگە كەلدى، يۈنۈسخان موغۇلىستانغا كەتتى. ياندۇرقى يىلى يۈنۈسخان پۈتۈن ئەتراپتىكى ھەممە لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە كەلدى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزىمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پۈتۈن لەشكەرلىرىنى يىغىپ، ھەر ئىككىيلەن يەنە يەركەنتكە يۈرۈش قىلدى. بۇ قېتىم مىرزا ئابابەكرىمۇ لەشكىرىي ئەسلىھەلەرنى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە زىيادە تەييارلاپ، ئاتلىق چېرىكلىرىگە پىيادە ئوقياچى لەشكەرلەرنى ھەمراھ قىلىپ شەھەر تاشقىرىسىغا چىقىپ سەپ تۈزدى. شۇ قەدەر قاتتىق جەڭ بولدىكى، قەلەم تىلى ئۇنى بايان قىلىشقا ئاجىز ۋە كۈچسىزدۇر. مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكىرى ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق جەڭدە غەلىبە قىلىپ تېخىمۇ قورقۇمسىز، دادىل بولۇپ كەتكەندى. بۇ قېتىم ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك جۈرئەت ۋە شىجائەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، بۇ ئىككى لەشكەر دەرياسىنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا پاراكەندە ۋە پەرىشان قىلدى. يۈنۈسخان ۋە مۇھەممەدھەيدەر مىرزا بۇ قېتىم ئۈچىنچى نۆۋەت قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ قەشقەرگە كەلدى. بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشى قىيىن بولدى. شۇ سەۋەبتىن مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئائىلىسىنى ئېلىپ، ھەممە تاۋابىئاتلىرى بىلەن كۆچۈپ يۈنۈسخان بىلەن بىللە ئاقسۇغا كەتتى. مىرزا ئابابەكرى پۈتكۈل قەشقەر مەملىكىتىدە مۇستەقىل ھالدا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى. ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئۆمەر مىرزىنىڭ كۆزىنى كور قىلىپ، ئۆزىگە تەۋە زېمىندىن ئېچىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئۆمەر مىرزا سەمەرقەندكە بېرىپ تۇرغاندى. سۇلتان سەئىدخان قەشقەر ۋە يەركەنتنى ئالغاندا ئۆمەر مىرزا سەمەرقەندتىن قەشقەرگە كەلدى. خان ئۇنىڭغا ھەددىدىن زىيادە ئىززەتلىدى ۋە ھۆرمەتلىدى، تاكى ئۇ ۋاپات بولغۇچە ئۇنىڭغا تولا ئىززەت - ھۆرمەت ۋە ياخشىلىقلارنى قىلدى.

مىرزا ئابابەكرى ئاشۇ قېتىم غەلىبە قازانغىنىچە تاكى قىرىق سەككىز يىل مۇددەتكىچە قەشقەر مەملىكىتىدە مۇستەقىل ھۆكۈمەت تۈزتى. بۇ مۇددەت ئىچىدە يۈنۈسخاننىڭ ئوغلى ئالاچەخان لەقىمى بىلەن مەشھۇر بولغان سۇلتان ئەھمەدخان تارىخقا توققۇز يۈز بەش[1] بولغاندا قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ كېلىپ، مىرزا ئابابەكرىدىن يېڭىلىپ ياندى. ئۇنىڭ يېڭىلگەن ۋەقەسى خۇدا خالىسا ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنغۇسى.

مىرزا ئابابەكرى سۇلتان ئەھمەد خانغا زەربە بەرگەندىن كېيىن، ئەتراپتىكى جايلارغا ئىشغالىيەت قوللىرىنى ئۇزارتىشقا باشلىدى. ئۇ تىبەتكە لەشكەر ئەۋەتىپ تىبەتنى ئىشغال

---

① ھىجرىيە 905 - يىلى مىلادىيەنىڭ 1499 — 1500 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

قىلدى، تاكى كەشمىر چېگرىسىغىچە بولغان تىبەتنىڭ كۆپىنچە يۇرتلىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ شۇنداق مۇستەھكەم ئىدارە قىلدىكى، ئۇلارنىڭ سەركەشلىك قىلغۇدەك ماجاللىرى قالمىدى. ئاندىن كېيىن بەدەخشانغا لەشكەر ئەۋەتىپ، بەدەخشاننىڭ ھەزارىلىرىنىڭ (قىشلاقلىرىنىڭ) كۆپىنچىسىنى قولغا كىرگۈزدى. شاھىبېكخان ئۆز قوشۇنى بىلەن پۈتكۈل ئالەمنى تىترەتكەن زامانلاردىمۇ مىرزا ئابابەكرى ئەندىجانغا لەشكەر ئەۋەتىپ، جانىبېك سۇلتاننى قىستاپ، ئوش، ماۋەرائۇننەھر ۋە ئۆزگەندنى ئۆزبېكتىن تارتىۋېلىپ، پۈتكۈل موغۇلىستاننى شۇ قەدەر قاتتىق تىزگىنلىگەندىكى، ھېچبىر موغۇل يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغىنىدەك موغۇلىستاندا تۇرالمىدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ موغۇلىستاندا تۇرالماي، ئىلاجىسىز ئۆلۈمگە رىزالىق بېرىپ ئەندىجانغا بارغانلىق ۋەقەسى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇلدى. پۈتكۈل موغۇل گۇرۇھى مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكىرىنىڭ تەھلىكىسى تۈپەيلىدىن موغۇلىستاندا تۇرالماي ھەر تەرەپلەرگە قېچىپ كەتكەندى. ھەتتاكى موغۇلىستان جاڭگىلىنىڭ شىرى دەپ ئاتالغان قىرغىز تائىپىلىرىمۇ موغۇلىستاندا تۇرالماي چالىشقا مەنسۇرخاننىڭ يېنىغا كەتتى.

سۇلتان ئەھمەدخان ۋاپات بولۇپ، سۇلتان مەھمۇدخان موغۇلىستانغا كەتكەندىن كېيىن، مىرزا ئابابەكرى ئاقسۇغا لەشكەر تارتىپ بېرىپ، ئاقسۇدا ئۈچ (ئۈچتۇرپان) نى ئېلىپ، ئۈچنىڭ پۈتكۈل خەلقىنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەلدى ۋە ئۈچ قەلئەسىدە چىرىك قويۇپ بۇ يەرنى قاتتىق تىزگىنلىدى. بۇ ھېكايەتلەردىن مەقسەت شۇكى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكىرىنىڭ تولىلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ھەيۋىسى، جاسارىتى ھەم شىجائىتى شۇ دەرىجىدە بولۇپ، پۈتكۈل ئەتراپى ئالەمگە شۇ قەدەر زىلزىلىلەرنى سالغانىدىكى، بۇلار ھەممىسى يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتتۇلدى. مىرزا ئابابەكرى شۇ قەدەر زەبەردەست ۋە كۈچلۈك بولسىمۇ، تۇتلۇق جېڭىدە سۇلتان سەئىدخان ئۇنى شۇنداق مەغلۇپ قىلدىكى، بۇنىڭدىن خاننىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىززەت ۋە شىجائىتى مەلۇم بولدى.

## مىرزا ئابابەكرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ يامان سۈپەتلىرى، ناچار قىلىقلىرىنىڭ بايانى

مەخپىي قالمىسۇنكى، «تارىخى رەشىدىي» ناملىق بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان ھەربىر ھېكايەت، ھەربىر ۋەقەلەرنى ئۆزۈم كۆرمىگەن، كىشىلەردىن نەقلەن ئىشىتكەن بولسام، ئۇنى توختاۋسىز ئىنقىلاپ نۇرغۇن كىشىلەر ئىسپاتلىغان بولسا ۋە خاتىرەم لەۋھەسىدە ئەقلىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى ئايان بولسا، ئاندىن ئۇنى قىسقىچە بايان قىلدىم. چۈنكى، ھەر كىشى ھەر نەرسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن بولسا، ئۇنىڭدا خاتالىق ۋە ئىختىلاپلارنىڭ بولۇشى ئېھتىمال. شۇ سەۋەبتىن بۇنداق كۆرمىگەن ۋەقەلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىشتىن ئۆزۈمنى تارتىشنى لايىق كۆردۈم. ھەر قانداق ۋەقەنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بولسام، ئۇنى كەم - زىيادە قىلماي تولۇق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىپ يازدىم.

شۇ جۈملىدىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ ئەھۋالى، يامان قىلىقلىرى، شۇم پەيلىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلدۈم. ئۇنىڭ بىر قىسمى خالايىقتىن ئاڭلىغانلىرىم بولۇپ، بۇنداقلىرىنى نۇرغۇن قېتىم ئارقىمۇئارقا ئاڭلىغان ۋە مۇتلەق ئىختىلاپ يوقلۇقى ئىسپاتلانغانلىرىدۇر. بۇلارنى قىسقىچە بايان قىلدىم. يەنە بىر قىسمى بولسا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئەھۋاللار بولۇپ، كۆرگەن خەلق ئۇ خىل يامان قىلىق ۋە قىلمىشلارنى ئاڭلىسا

www.uyghurkitap.com



ھەرگىز ئىشەنمەس ھەم ئەقىللىرىمۇ قوبۇل قىلالماس. بۇنداق ئىشلار ئەلۋەتتە ناتايىن ۋە بولمىغۇر ئىشلار جۈملىسىدىن بولۇپ سانىلار. شۇ سەۋەبتىن بۇنداق قىلمىقلارنى ئەسلا بايان قىلىپ يازمىدىم. يەنە بىر قىسمى بولسا ئۆزۈم كۆرگەن، ئەگەر ئۇنى كىتابقا كىرگۈزۈپ يازسام، كۆرمىگەن خەلقنىڭ بەزىلىرى پۈتۈنلەي ئىشەنمىدۇ، پەقەت بۇلارنى يالغان دەپ قارىمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن مۇشۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ ئۆزۈنلىرىنى قىسقارتىپ، تەپسىلاتلىرىنى يىغىنچاقلاپ، مىڭدىن بىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. خۇدا ساقلىسۇنكى، بۇ ۋەقەلەر دەپتەرلىرىنى مۇلاھىزە قىلغۇچىلار ئەگەر مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرمىگەن بولسا، چوقۇم پېقىر مىرزا ھەيدەرنى بەك مۇبالىغە قىلىپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپتۇ دەپ قارىشى مۇمكىن ياكى بولمىسا بۇنى ناچار قىلمىقلاردىن بىرى بولغان ئەيىب ئىزدەش، غەيۋەت قىلىش دەپ ھېسابلاپ، مېنى راستچىللىقتىن چەتلىگەنلەر قاتارىدا سانىشى مۇمكىن. مەن پېقىردىن بۇنداق گۇمان قىلماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، ئەگەر راستچىللىقتىن چەتلەشنى راۋا كۆرگەن بولسام ئىدى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ يامان سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى راستچىللىق بىلەن بايان قىلىشتىن باشقا چارە قالمىغان بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ كۆزۈم كۆرگەن قىلمىقلىرى ۋە خۇي - پەيلىلىرىنىڭ بەزىلىرىنىلا كىتابقا كىرگۈزدۈم.

بىلمەك كېرەككى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مۇددىتى قىرىق يىلدىن ئاشقانىدى. ئاخىرقى ۋاقىتلاردا زۇلۇم ۋە كۈلپەت ئادەتلىرى ئۇنىڭ تەبىئىتىدە شۇ قەدەر ئۈستۈن ئورۇنغا چىققانكى، ئەگەر ھەر قانداق كىشى ئۇنىڭ ھۆكمىدە گۇناھكارلىق دائىرىسى ئىچىگە كىرىپ قالسا، گەرچە شەرىپلىك شەرىئەت ھۆكمى بويىچە ئۇ كىشىگە ھېچقانداق ئازاب ۋە ئوقۇبەت لازىم كەلمەيدىغان بولسىمۇ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۆڭلىدىكى ئاداۋەت كىرلىرى ئۇ بىچارىنى بىر قېتىم ئۆلتۈرۈش بىلەنلا پاكلانمايتتى، غەزەپ ئوتىمۇ پەسەيمەيتتى. بەلكى، ئۇ بىگۇناھ «گۇناھكار»غا شۇ قەدەر ئازاب ۋە ئوقۇبەتلەرنى سالاتتىكى، ئۇ بىچارە ھەر كۈنى مىڭ نۆۋەت ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپمۇ تاپالماس ئىدى. ئەگەر بىرەر كىشىدىن ئازراقلا ناماقۇللۇق سادىر بولۇپ، ئۇنى مىرزا ئابابەكرى ئون يىلدىن كېيىن ئىشىتسە، ئۇ كىشىنى پۈتكۈل بالا - چاقىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقان قېرىنداشلىرى، يېقىن يۇرۇقلىرى بىلەن قوشۇپ شۇنداق بالا - قازاغا مۇپتىلا قىلاتتىكى، ھېچكىم بۇ خىل ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ تاقەت قىلالمايتتى. شۇ سەۋەبتىن خالايىقنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭ سىياسىتىنىڭ ۋەھىمىسى شۇنداق ئورناپ كەتكەنىدىكى، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ پىكرىگە خىلاپلىق قىلىشنى خىيال قىلىشقا ھەددى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قاتتىق سىياسىتى شۇ دەرىجىدە مۇستەھكەم بولۇپ، خەزىنە، دەپىنە، مال - مۈلۈك، چارۋا قاتارلىق ئەشيالىرى شۇ قەدەر كۆپەيدىكى، بۇلار ھەددىدىن تاشقىرى، ھېسابتىن زىيادە ئىدى.

ئۇ گۇناھكارلارغا مۇنداق قاتتىق ئىشنى پەيدا قىلدى: ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ گۇناھىغا قاراپ قاتتىق مۇشەققەتلىك ئىشلارغا سالاتتى. شۇلاردىن بىر ئىشى «قېزىق» ئاتلىق ئەمگەك ئىدى. بىر كونا شەھەر بار ئىدى، گۇناھكارلارنى شۇ شەھەرگە ئاپىرىپ ئىشلىتەتتى. ئۇ شەھەرنىڭ زېمىنىنى كولاپ تۇپرىقىنى سۇدا چايقاتقۇزاتتى. چۈنكى، چوكراق نەرسە بولسا كولىغاندا چىقاتتى، ئۇششاق نەرسىلەر بولسا سۇدا چايقىغاندا كۆزگە كۆرۈنەتتى. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن قېزىش ئارقىلىق ھېسابسىز ئالتۇن - كۈمۈش ۋە جاۋاھىراتلارنى تېپىۋالدى.

يەنە مىرزا ئابابەكرىنىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرىدىن مۇنداق ئاڭلىغانىدىم: مىرزا ئابابەكرى يەركەنتنىڭ كونا قەلئەلىرىدىن بىر خەزىنىنى تاپقانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە يىگىرمە يەتتە چوڭ

كۆپ بار ئىدى. ئۇ كۆپلەرنىڭ چوڭلۇقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئەگەر ئوق ۋە ساغداق باغلىغان كىشى ئىچىگە كىرسە، كۆپنىڭ ھېچ تەرىپىگە تاقىشىپ قالمايتتى. ئۇ كۆپلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئىچىدە بىر چوڭ مىس ئاپتۇۋا بار ئىدى. ئۇ ئاپتۇۋلاردىن بىرى پېقىرنىڭ قولىغا چۈشكەنىدى، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى شىپشە شەكلىدە بويىنى ئۇزۇن، ئىنچىكە دەستىسى يوغان تۇمۇردىن، جوغىسى مىستىن بولۇپ، جوغىسىنىڭ ئۇچى ئاپتۇۋىنىڭ ئاغزى بىلەن تەڭ تۇراتتى. ئاپتۇۋىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم گەزدىن ئۇزۇنراق ئىدى. ئەگەر ئۇ ئاپتۇۋىغا سۇ توشقۇزۇلسا، ئىككى كۈچتۈڭگۈر كىشى تەستە كۆتۈرەتتى. ئاشۇ يىگىرمە يەتتە كۆپنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئىچىدە بۇ ئاپتۇۋدىن بىردىن بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە لىق قۇم ئالتۇن توشقۇزۇلغانىدى. ئاپتۇۋىنىڭ سىرتىدىكى كۆپنىڭ بوش قالغان يەرلىرىگە كۈمۈش باش تىزىپ توشقۇزۇلغانىدى. «تارىخىي جاھانكۇشاي» ۋە «جامىئۇت - تەۋارىخ» قاتارلىق تارىخ كىتابلىرىدا كۈمۈش باشنى چۈشەندۈرۈپ: «ھەربىر باش بەش يۈز مىسقال كۈمۈش بولۇپ، ئۇنى بىر خىش قىلىنىدۇ، كۆرۈنۈشى سوقا، ئوتتۇرىسى ئىنچىكە» دېيىلگەن. مەن كۈمۈش باشنىڭ تەرىپىنى يۇقىرىقى كىتابلاردا ئاشۇنداق كۆرگەنىدىم، ئەمما كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقمىغانىدىم. مىرزا ئابابەكرى ئۇ كۈمۈش باشلارنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئاپتۇۋىنىڭ تېشىغا تىزدۇرۇپ كۆپلەر بىلەن يۆتكەپ خەزىنىسىدە قويغانىكەن. سۇلتان سەئىدخان يەركەنتنى ئىشغال قىلغاندا، ئۇ كۈمۈش باشلار خانىنىڭ لەشكىرىنىڭ قولىغا چۈشكەنىدى. پېقىرغىمۇ بىرنەچچە باش چۈشكەنىدى، شۇ ۋاقىتتا بۇ باشلارنى كۆرۈپ كىتابتا كۆرگىنىم بىلەن ئوخشاش سۈرەتتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

يەنە بىر ئاجايىپ ۋەقە شۇكى، مەن ئۇ قازغۇچىلارنىڭ ئۇستىلىرىدىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇلار مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇ كۆپلەرنىڭ ئىچىدىكى ئاپتۇۋلارنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە قەغەزگە يېزىلغان تۈركىي تىلدىكى خەت چىقتى، ئۇ خەتتە ‹بۇ بايلىقلار خۇمار دېگەن خاتۇنىنىڭ ئوغلىنىڭ خەتنە تويىنىڭ خىراجىتىگە تەييار قىلىنغان› دەپ يېزىپ قويۇلۇپتۇ، ئەمما خۇمار خاتۇن دېگەنىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ۋە قايسى زاماندا ئۆتكەنلىكى ھېچ مەلۇم ئەمەس. ئۇنى ھېچكىم بىلمەپتۇ». تېخىمۇ ئاجايىپراقى شۇكى، مۇنچىۋالا ۋەقەلەرنى كۆرگەن تۇرۇقلۇقمۇ ئادىمىزات ھېرىسمەنلىك، ئارزۇ ۋە خام خىيالدىن توختىمايدۇ. چۈنكى، مىرزا ئابابەكرى بۇ بايلىقلارنى تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ خىل قېزىشقا خەلقنى ئىشلىتىشكە بولغان دىققىتى ۋە تىرىشچانلىقلىرى تېخىمۇ زىيادە بولدى. يەنە نەچچىلىگەن خەزىنىلەر قەشقەر، يەركەنت، خوتەننىڭ كونا قەلئەلىرىدىن تاپتى. ئەمما، بۇ قېزىقتا ئىشلەيدىغان خەلقنىڭ ئەھۋالى شۇ ھالەتتە ئىدىكى، ئون سەككىز، يىگىرمە كىشى بىردىن زەنجىرگە چېتىقلىق ئىدى. ئۇلار بويۇنلىرىدا زەنجىر، قوللىرىدا كەتمەن قىش - ياز ئىشلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ يېمەكلىكىگە بىر غەلۋىر تېرىق بېرەتتى. كۈندۈزى ئىشلىتىپ، ئاخشىمى زىندانغا سولاپ قوياتتى. ئەگەر قاتتىقراق گۇناھ قىلغان گۇناھكار بولسا ئۇنىڭغا شۇنداق ھۆكۈم قىلىناتتىكى، ئۇ گۇناھكارنىڭ خاھى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، خاھى يات كىشىلەردىن ھېچ كىشى ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە بېرەلمەيتتى، ئۇنىڭغا بىر ئېغىز سۆزمۇ قىلالمايتتى، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر زەنجىردىكى ھەمراھلىرىمۇ ئۇنىڭغا سۆز قىلالمايتتى. [ھەربىر زەنجىرگە بىر كىشى مەسئۇل ئىدى، ھەر ئون زەنجىرنىڭ مەسئۇلىغا يەنە بىر كىشى مەسئۇل ئىدى، پۈتكۈل قېزىق ئىشىغا يەنە بىر ئادەم مەسئۇل ئىدى. ئەگەر بۇ مەسئۇللار ئىچىدە خاھى چوڭى بولسۇن ياكى كىچىكلىرى بولسۇن، كىمكى «گۇناھكارلار» نى ئۇرۇشتا، سورۇپ ھەيدەشتە، ئىشقا

www.uyghurkitap.com



بۆيرۇشتا، زىندانغا تاشلاشتا «گۇناھكارلار»غا بەلگىلەنگەن بەلگىلىمىگە قىلچىلىك خىلاپلىق سادىر قىلسا، ئۇ مەسئۇل بولغۇچى كىشىمۇ ئاشۇ زەنجىر بىلەن مەھكەم چېتىلغان خەلقلەرنىڭ قاتارىغا قوشۇلاتتى. بۇ مەسئۇللاردىن ئەندىشە قىلىپ، قورقۇپ، ھېچكىم ھېچ كىشىگە رەھىم - شەپقەت قىلالمايتتى. ھەتتاكى يۈرەكلىكرەك گەپمۇ قىلىشالمايتتى]. ئەگەر گۇناھى يەڭگىلرەك گۇناھكار بولسا، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ھەر ھەپتىدە بىر كىشى ئۇنى بىر نۆۋەت كۆرەلەيتتى.

مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان نەچچە تۈرلۈك ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تەيىنلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھېچكىم زەررىچە قېچىپ قۇتۇلالمايتتى.

مىرزا ئابابەكرى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يېقىن - يورۇقلىرىغا شۇ قەدەر ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەت ۋە جەبىرلەرنى قىلدىكى، ئۇنى بايان قىلسام ئاڭلىغۇچىلارغا مالاللىق يېتىپ، كۆڭلىگە غەشلىك ۋە پەرىشانلىق يۈزلەنگۈسىدۇر، ھەتتا بەلكى ئۇنى ئەقىلمۇ قوبۇل قىلمايدۇ. شۇ خىل زۇلۇم كۆلپەتلەردىن بىرى شۇكى، شاھ بېگىم، مېھرىبانگار خېنىم، پېقىرنىڭ ئىنىم مۇھەممەد شاھ ۋە ئاتامنىڭ ئانىسىنىڭ سىڭلىسى قاتارلىقلار كابۇلدىن بەداخشانغا كېلىۋاتقىنىدا يولدا مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكىرىنىڭ قولىغا چۈشتى. مىرزا ئابابەكرى بۇلارنى قەشقەرگە ئەۋەتكەندى، خان سۇلتان خانىم مىرزا ئابابەكرى بىلەن تۇغقاندى، ئىنتايىن پاك ۋە سالىھ ئايال ئىدى. پاك ئېتەكلىك، پاكىزە نەسەبلىك، پۈتكۈل ئۆمرىنى ئىبادەت ۋە خەيرلىك ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزەتتى. مىرزا ئابابەكرى خان سۇلتان خانىمغا شۇنداق جاپالارنى قىلدىكى، نەچچە مۇددەتكىچە ئۇنىڭغا تائام ۋە سۇ بەرمىدى، سۇ ئورنىدا چاغىر (ھاراق) بەردى. ئۇ بىچارە ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن ئىزتىراپقا چۈشۈپ، ئۆلەر ھالەتكە يەتكەندە، ئىلاجىسىز ھالدا تەشنالىقنى بېسىش ئۈچۈن بىر يۇتۇم - ئىككى يۇتۇمدىن ئىچەتتى. ئاخىر ئاشۇ ئازاب - ئوقۇبەت بىلەن ئالەمدىن كەتتى. يەنە ئىنىم مۇھەممەد شاھنى ئۆزىنىڭ ئاختا قىلىنغان غۇلاملىرىنىڭ ئارىسىدا قويدى، تاكى ئون بەش يىلغىچە① خارۇ - زار ھالەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈردى. ئون بەش يىلدىن كېيىن② ئۇنى بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، كاۋاپ زىخنى مەيدىسىگە قويۇپ توقماق بىلەن قېقىپ تامغا مىخلاپ تاشلىدى، ئىنىم شۇ يەردە تامغا قاداقلىق ھالەتتە بەش كۈن تۇرۇپ، شۇ ئازاب بىلەن جان بەردى. ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسىغا ۋە قېرىندىشىنىڭ ئوغلىغا بۇنداق ئازابلارنى سالغان ئۇ جاپاكار زالىم پاك ۋە ئىززەت - ھۆرمەتكە ئىگە، پاكلىق پەردىسى ئىچىدە ياشىغان شاھ بېگىم ۋە مېھرىبانگار خېنىمغا نېمە كۈنلەرنى كۆرسەتكەن بولغىيتتى، قانچە ئويلىنىپ مۇلاھىزە قىلغان بولسامۇ، قەلەم تىلى ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن جەبىر - زۇلۇملارنى يېزىشقا تاقەت قىلالمىدى. كۆڭلۈممۇ بۇ كىتابچىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتىرىنى ئۇ مەزلۇم بىچارىلەرنىڭ ئەھۋالىنى يېزىش ئارقىلىق پەرىشان ۋە بىئارام قىلىشنى خالىمىدى. ئۇ زالىم جاپاكارنىڭ جەبىر - زۇلۇملىرىنىڭ تولىلىقى شۇ دەرىجىدىدۇركى، بۇنىڭدىن زىيادە بايان قىلسام بۇ كىتابنى ئوقۇغۇچىلارغا مالاللىق يەتكۈسىدۇر.

مىرزا ئابابەكرى بۇ قەدەر زالىملىقىنىڭ ئۈستىگە يەنە تائەت - ئىبادەت، خەيرلىك ئىشلار، سەدىقە - ساخاۋەت، ئۆشرە - زاكات قاتارلىق ئىشلارغىمۇ ھېرىسمەن ۋە مايىل ئىدى.

---

① بۇ سۆز مۇھەممەد سادىق قەشقەر تەرجىمىسىدە «ئون بەش ياشقا توشقۇچە» دېيىلگەن.

② بۇ سۆز مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە «ئون بەش ياشقا توشقاندىن كېيىن» دېيىلگەن.

بۇ ئىشلارنى بىردەممۇ تەرك قىلمايتتى، دائىم ئالىملار ۋە پىقھى ئۆلىمالىرىنىڭ مەجلىسلىرىدە بولاتتى. ھەممە ئىشلاردا پەتىۋاغا ئاساسلىناتتى، تاكى ئۆلىمالار پەتىۋا بەرمىگۈچە ھېچ ئىشنى ھۆكۈم قىلمايتتى. ھەرقانداق قەبىھ ۋە يامان ئىشلار بولسا ئۇنى توغرا ۋە يوللۇق ئىكەنلىكىگە پەتىۋا سورايتتى. كۆرۈنۈشتە ئۇ ۋەقەنى شەرەپلىك شەرىئەت بويىچە يوللۇق ئىكەنلىكىگە يول تېپىلىدىغان دەرىجىدە بايان قىلاتتى. ئەگەر ئۆلىمالار پەتىۋا بەرسە، توختاۋسىز ھالدا ئۇ ئىشنى قىلاتتى، ئەگەر پەتىۋا بېرىشتىن ئۆزىنى تارتسا، مۆپتىنى زۇلۇم ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەر بىلەن ئۆز گۇناھىغا ئىقرار قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ بېشىغا ئۆلۈم كەلتۈرەتتى، ئاندىن يەنە ئۇنىڭغا مىننەت قىلىپ: «شەرىئەت بويىچە سېنى ئۆلتۈرمەك لازىم ئىدى، ئەمما رەھىم - شەپقەت يۈزىسىدىن ئۆلۈم جازاسىنى ئەپۇ قىلدىم، ئەمدى پالانى ئىشنى قىلغىن» دەپ شۇنداق بىر ئىشقا بۇيرۇيتتىكى، ئۇ ئىش ئۆلۈمدىن نەچچە ھەسسە يامانراق ۋە مۇشكۈلرەك ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بۇنداق زۇلمىدىن قورقۇپ ئۆلىمالار ھەر قىسما ئىشلارغا پەتىۋا بېرەتتى، ئۇنىڭ ئەمەل قىلغان پەتىۋالىرىدىن بىرى مۇنداق ئىدى، مەسىلە:

ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا، ئۇ كىشى ئۆزىگە بولغان خەتەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن ۋە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇ قەست قىلغۇچىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى قۇتقۇزسا، شەرەپلىك شەرىئەت ھۆكمى بويىچە توغرىمۇ ياكى ناتوغرىمۇ؟ جاۋاب شۇكى: پارلاق شەرىئەت ھۆكمى بىلەن بۇ يوللۇقتۇر، چۈنكى ئۇ كىشى قەست قىلغۇچىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى قۇتقۇزىدۇ، ئۆزىنىڭ جېنىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋاجىپتۇر.

يەنە بىر پەتىۋا شۇكى، مەسىلە: ئەگەر بىر كىشى پىتنە - پاساتچى بولسا، ئۇنىڭ يەنە بىر ۋىلايەتكە بېرىشى بىلەن بۇ ۋىلايەتكە پىتنە - پاسات يۈزلىنىش ئېھتىمالى بولسا، بۇ ۋىلايەتنىڭ باشلىقى پىتنە - پاساتنى توسۇش ئۈچۈن، ئۇ كىشىنى يەنە بىر مەملىكەتكە بارالمىغۇدەك قىلىپ قويسا توغرىمۇ ياكى ناتوغرىمۇ؟ بۇنىڭغا جاۋاب شۇكى: شەرىئەت ھۆكمىدە مەملىكەت باشلىقىنىڭ ئۇ ئادەمنى يەنە بىر ۋىلايەتكە بارالمايدىغان قىلىپ قويۇپ، خالايىقنى پىتنە - پاساتتىن ساقلاپ قېلىشى راۋادۇر، — ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر — گەرچە بۇ ئىككىلا پەتىۋاغا ئەمەل قىلىش شەرىئەت بويىچە توغرا ۋە راستتۇر، بۇ پارلاق شەرىئەتنىڭ ھۆكمىدۇر ۋە مۇجتەھىتلەر سۆزىدۇر. ئەمما، ئۇ دىيانەتسىز زالىم بۇ ئىككى پەتىۋانى باھانە قىلىپ چەكسىرەك، ئۆزگەند ۋە مادۇ خەلقىدىن ئۈچ مىڭ كىشىنى «مېنى ئۆلتۈرگىلى قەست قىلىپتۇ» دەپ بىرىنچى پەتىۋاغا يۆلەپ قىرىپ تاشلىدى. يەنە نەچچە مىڭ كىشىنى «بۇلار قېچىپ يەنە بىر ۋىلايەتكە بېرىپ پىتنە - پاسات پەيدا قىلماقچى، بۇلارنى يەنە بىر مەملىكەتكە بارغۇزماي پىتنە - پاساتنى پەس قىلىمەن» دەپ كېيىنكى پەتىۋاغا يۆلەپ ھەممىسىنىڭ پۇتىنى كەستۇردى.

دېمەك، ئۇنىڭ ھەممە زۇلۇم - كۈلپەتلىرى شۇ تەرىقىدە ئىدىكى، ئۇنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى سۆزلىسەم بۇ كىتابقا سىغمايدۇ. ئېھتىمالى باركى، كىرامەن كاتىبىنىنىڭ دەپتىرىگە سىغقاندۇ. شۇڭا، ئىلاجىسىز مىرزا ئابابەكرىنىڭ كىشىلەر كۆڭلىگە كۈلپەت، دىلىغا نەپرەت يەتكۈزىدىغان بۇ ۋەقەلىرىنى مۇشۇ جايدا قىسقارتتىم. قالغان ئەھۋالى كېيىنچە بايان قىلىنغۇسى.

(داۋامى كېلەر ساندا)

# فۇتۇۋۋەتنامەئى سۇلتانى ياكى جەۋانمەردلىك تەرىقەتى (مەردانىلىك يوسۇنلىرى)

## مەۋلانا هۇسەيىن ۋائىز كاشىفى

## ئىككىنچى باب
## پىر ۋە مۇرىدلىق هەم ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدا

### بىرىنچى پەسىل
### تەرىقەتتە كامىل پىرغا ئېھتىياج زۆرۈرىيىتى هەققىدە

بىلگىنكى، تەرىقەت يولىغا كىرگەن كىشى پىرغا ئېھتىياجمەندۇر. جەلالىددىن رۇمىي شۇنداق دەيدۇ:

پىر يازدۇر، ئۆزگىلەر مىسلى كۈزەك[2]،
خەلق توندۇر، پىر مىسالى ئاي دېمەك.
يولنى بىلگەن پىر هالىدىن سەن گەپىر[3]،
پىرنى تاللا، ئاندىن پەقىر يولىغا كىر.

### ئىككىنچى پەسىل
### شەيخلىقنىڭ شەرتلىرى توغرىسىدا

شۇنى بىلگىنكى، تەرىقەت يولىنىڭ قاراقچىلىرى كۆپتۇر، ئۇلار نادان ۋە كالتە پەملەرنى هىيلە ـ مىكىر يەملىرى بىلەن ئالدام خالتىغا چۈشۈرۈش قەستىدە يۈرۈيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەھنەما بولالايدىغان، پىرلىق (شەيخلىق) شەرت ـ شارائىتى ۋە رۇكنلىرى (ئاساسلىرى) نى ياخشى بىلىدىغان كىشىنى پىر، دەپ تاللاش لازىم. مەۋلەۋى جەلالىددىن رۇمىي دېگەندەك «ئادەم قىياپىتىدىكى ئىبلىسلار كۆپ، بەس، شۇڭلاشقا هەر كىمگە قول بەرگىلى بولىمايدۇ».

ئەگەر «شەيخ» سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟ دەپ سورىسا، «شەيخ» دەپ لۇغەتلەردە ياشانغان، قېرى كىشىنى ئېيتىدۇ، دەپ جاۋاب بەر، ئەمما تەرىقەت ئەھلى ئىستىلىدا شەيخ دەپ، ئۆزى كامالەت دەرىجىسىنى ئىگىلىگەن ۋە باشقىلارنى هەم كامالەتكە

(1) بېشى 2001 ـ يىللىق 1 ـ ساندا.
(2) كۈزەك — كەچكۈز
(3) گەپىر — سۆزلە، ئېيت

يەتكۈزۈشكە قادىر ۋە شەيخلىق شەرتلىرى، رۇكنلىرى ھەققىدە تولۇق خەۋەردار كىشىگە ئېيتىلىدۇ.

ئەگەر شەيخلىق شەرتلىرى ۋە مۇرىد ساقلاش شارائىتى نەچچە؟ دەپ سورىسا، (بۇنىڭ) يىگىرمە شەرتى بار، دەپ ئېيت. شۇ شەرتلەرگە رىئايە قىلغان كىشى كامىل پىر ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇ مۇرىد تەربىيىلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. بۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىچەدۇر: بىرىنچىدىن، (شەيخلىككە دەۋاگەر) ئادەمنىڭ ئېتىقادى پاك بولۇشى كېرەك تاكى مۇرىد ئۇنىڭ ئەقىدىسىگە ئەگىشىپ توغرا يولدىن ئاداشمىسۇن. ئىككىنچىدىن، زۆرۈر رەۋىشتە ئىلىم ئىگىلىگەن بولۇشى لازىم. پەقىر ۋە تەرىقەت ئىلمىنى ھەم چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگەن بولسۇن، مۇرىدلاردا تەرىقەتكە دائىر ھەرقانداق مۇشكۇل سوئال تۇغۇلغاندا، ئۇنى ئاسانلىق بىلەن ھەل قىلىپ بېرىدىغان بولسۇن. ئۈچىنچىدىن، ئۆز ئەھدىدە چىڭ ۋە تەرىقەت قائىدىلىرىنى ساقلاشتا مۇستەھكەم تۇرۇپ كۆپ كەچۈرىدىغان بولسۇن، تاكى مۇرىد تەربىيىسى شەرتلىرىگە قەتئىي ئەمەل قىلسۇن. تۆتىنچىدىن، سېخىي، مەرد بولسۇن، تاكى مۇرىدنى ئۇزۇق - تۈلۈك ۋە كىيىم - كېچەك لازىمەتلىكلىرى تەشۋىشلىرىدىن خالاس قىلسۇن. بەشىنچىدىن، ئادەملەرنىڭ مالامىتى ۋە پىتنىلىرىدىن قورقمايدىغان روھلۇق، شىجائەتلىك بولسۇن ۋە ھەركىمنىڭ سۆزىگە كىرىپ، مۇرىدنى رەت قىلمىسۇن. ئالتىنچىدىن، پاك ۋە ئىپپەتلىك، ھايالىق، دىيانەتلىك بولسۇن، نامەھرەملەرگە قارىمىسۇن، تاكى مۇرىد ئۇنىڭدىن دەر گۇمان بولۇپ يۈرمىسۇن. يەتتىنچىدىن، ئالىي ھىممەتلىك بولسۇن ۋە مۇرىدنىڭ مال - مۈلكىدىن تاما قىلمىسۇن. سەككىزىنچىدىن، شەپقەتلىك، مېھرىبان بولسۇن، مۇرىدتىن مەرھەمەت ھىممىتىنى ئايىمىسۇن. توققۇزىنچىدىن، ھەلىم بولسۇن، تاكى مۇرىدنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە ئاچچىقى كەلمىسۇن. ئونىنچىدىن، ئەپۇچان بولسۇن، مۇبادا مۇرىد تەرىپىدىن تەرىقەتكە نامۇناسىپ ھەرىكەت سادىر بولسا، ئەپۇ قىلسۇن. ئون بىرىنچىدىن، خۇلقى - خۇيى يېقىملىق، لاتاپەتلىك بولسۇن، تاكى مۇرىد ئۇنىڭ سۆھبىتىدە قوپال ئادەمگە ئايلانمىسۇن. ئون ئىككىنچىدىن، قولى ئوچۇق بولسۇن، مۇرىدقا ئۆزىدىن كۆپرەك بەرسۇن، ئون ئۈچىنچىدىن، كەرەملىك بولسۇن، تاكى كاتتا ھىممىتى ئارقىلىق مۇرىدنى ئۆزىدىن بەھرىمەن ئېتەلىسۇن. (تەرىقەت ئەھلى «كەرەم»، «ھىممەت» دېگەندە، ئىلاھ يولىدىكى تىرىشچانلىقنى، ئارىفانە تەربىيىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئون تۆتىنچىدىن، ماھىر مۇرەببىي بولسۇنكى، مۇرىدنى تەربىيىلىيەلىسۇن. ئون بەشىنچىدىن، رىزا ۋە تەسلىم (ئىتائەتمەنلىك) نى شوئار قىلسۇن، ئارتۇقچە ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلمىسۇن. ئون ئالتىنچىدىن، سالاپەتلىك، ۋەزمىن ۋە تەمكىن بولسۇن، تاكى مەردلەر ئىچىدە ھۆرمىتى ساقلىنىدىغان بولسۇن. ئون يەتتىنچىدىن، خاتىرجەم ۋە ئاسايىشتە بولسۇن. ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن ئىش قىلمىسۇن. مۇرىدقا ئاستا - ئاستا، پەيدىنپەي تەسىر قىلىپ، ئۇنى ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇندۇرسۇن. ئون سەككىزىنچىدىن، ھەيۋەت ۋە سالاپىتىنى يوقاتمىسۇن، تاكى شانۇشەۋكىتى مۇرىدنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىپ، ئۇنىڭ كالامىنى شۈبھىسىز قوبۇل قىلسۇن. ئون توققۇزىنچىدىن، ئەدەبلىك بولسۇن، تاكى مۇرىدمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ۋە كەينىدە ھۆرمىتىنى بىر دەك ساقلىسۇن. يىگىرمىنچىدىن، كامىل پىرنىڭ خىزمىتىنى ئۆتەپ، ئۇنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان بولسۇن، تاكى ئۆز پىرىدىن ئالغانلىرىنى مۇرىدلارغا سەرپ قىلسۇن.

ئەگەر شەيخلىق رۇكنلىرى نەچچە؟ دەپ سورىسا، يەتتە دەپ جاۋاب بەرگىن. بىرىنچىدىن، كامىل مەرىپەت ئىگىسى بولسۇن، يەنى ئۆزىنى تونۇغان بولسۇن،

ئىككىنچىدىن، ئۆتكۈر پاراسەتلىك، ئادەمشۇناس كىشى بولۇپ، بىر نەزەر تاشلاش بىلەن مۇرىدنىڭ قابىلىيىتىنى ئىلغا قىلالىسۇن. ئۈچىنچىدىن، تولۇق روھىي - مەنىۋى كۈچ - قۇۋۋەتتى بولسۇن، تاكى (مۇرىد تەرىقەت يولىدا ئادىشىپ قالسا) ئۇنىڭغا مەنىۋى مەدەت بېرىپ، مۇشكۇلىنى ئاسان قىلسۇن، توغرا يولغا سالسۇن. تۆتىنچىدىن، يېتەرلىك دەرىجىدە ئەركىن ئادەم بولسۇن، يەنى، ھېچ نەرسىگە موھتاجلىق بولمىسۇن. بەشىنچىدىن، ئىخلاسى مۇستەھكەم بولۇپ، ئىككى يۈزلىمچىلىك ۋە تەمەنى تەرك ئەتسۇن. مال ۋە مەنسەپ دەپ باشقىلار ئالدىدا سارغىيىپ، ئېگىلمىسۇن. ئالتىنچىدىن، راستلىق ۋە غەرەزسىز دوستلۇقنى شوئار قىلسۇن، ھەق سۆزنى ھەر يەردە، ھەر قانداق شارائىتتا ئېيتالايدىغان بولسۇن. كىشىلەر بىلەن بولغان سۆھبەتتە ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلمىسۇن. يەتتىنچىدىن، قەلبىدە شەپقەت نۇرى پارلاپ تۇرسۇن. مۇرىد مەنپەئىتىنى ۋە ئومۇم مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن قويسۇن.

ئەگەر شەيخلىق ئۆلچىمى نېمە؟ دەپ سورىسا، بۇ — ئۇنىڭ قەلبىدىن مۇرىدنىڭ چوڭقۇر جاي ئېلىشى، مۇرىد مۇرادىنىڭ ھاسىل بولۇشىدۇر، دەپ جاۋاب بەرگىن.

ئەگەر شەيخلىقنىڭ زۆرۈرىيىتى نەچچە، دەپ سورىسا، تۆت دەپ ئېيت: بىرىنچى، مۇرىدنى بارچە غەم - ئەندىشە ۋە زۇلمەتتىن خالاس قىلىش؛ ئىككىنچى، مۇرىدقا راۋا دەپ بۇيرۇلغان قائىدىلەرگە ئۆزى ھەم ئەمەل قىلىش، مۇرىد ئۇچۇن مەنئى قىلىنغان نەرسىلەرنى ئۆزى ھەم تەرك ئېتىش. ئۈچىنچى، ئۆزىنى چوپان، مۇرىدلارنى بولسا پادا توپى ھېسابلاپ، ھەر قانداق شارائىتتىمۇ ئۇلارنى قورۇقلاشتىن باش تارتماسلىق؛ تۆتىنچى، مۇرىدنىڭ مال - مۈلكىنى ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەتمەسلىك ۋە ئۆزىنىڭ قىلمىشالماسلىق.

ئەگەر شەيخلىقنىڭ ئىسپاتى نېمە؟ دەپ سورىسا، دەريا كەبى ساخاۋەتلىك بولۇش، دەپ جاۋاب بەر. يەنى، ھەرقانداق ۋەزىيەتتە ئۆزگەرمەستىن مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە ھەممە نەرسىنى پىكىر - مۇلاھىزە بىلەن ھەل قىلىش ...

ئەگەر شەيخلىق نۇرى نېمە؟ دەپ سورىسا، بۇ — مۇرىدنى كۆپىرلىق ۋە شېرىكلىك (ئاللاھنىڭ شېرىكى بار دەپ ئويلاش) زۇلمىتىدىن قۇتقۇزۇش ۋە ئۇنى ھىدايەت يولىغا باشلاپ، نىجاد مەنزىلىگە يەتكۈزۈش، دەپ ئېيت.

ئەگەر شەيخلىق ئەدەبلىرى نېمە؟ دەپ سورىسا، ھېچكىمگە خىيانەت كۆزى بىلەن قارىماسلىق ۋە ھەممىگە مېھرىبان، رەھىمدىل بولۇش، دەپ ئېيتقىن.

ئەگەر ھەقىقەت پىرى كىم؟ دەپ سورىسا، بۇنىڭ ئالامەتلىرى مۇنۇلار دەپ جاۋاب بەرگىن: تۈنلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈش، ئىلىم ئۆگىنىش، يامانلار بىلەن بىللە ئولتۇرماسلىق، غەيۋەت ۋە يالغاندىن ساقلىنىش، كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقىنى ئىزدەش ۋە ئەنە شۇ خىسلەتلەرنى ئۆز مۇرىدلىرىغا يەتكۈزۈش.

## ئۈچىنچى پەسىل
## مۇرىدنىڭ ئەدەبلىرى ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى

بىلگىنكى، ئىرادەت (ئىخلاس بىلەن تەرىقەت يولىغا كىرىش) ئۇلۇغ دۆلەتتۇر. ئەگەر بۇ مۇرىد قەلبىدە بىخلانسا، ھەممە سائادەتلەرنىڭ ئۇرۇقى شۇدۇر. شۇڭلاشقا، شەيخ سەئدى

مۇنداق بۇيرۇغان:

ئىرادەت بولمىسا، سائەت ئىزلىمە،
رىيازەت چەكمەيىن ئىجابەت ئىزلىمە.

شۈبھىسىز، كىمدە ـ كىم بولسۇن، ئىرادىتى يوق بولسا، ئۇنىڭ سائادىتى ھەم بولماس.

ئەگەر «مۇرىد» سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟ دەپ سورىسا، جاۋاب بېرىپ شۇنداق دېگىن: مۇرىدنىڭ لۇغەت مەنىسى ئىزدىگۈچى، خاھلىغۇچى دېمەكتۇر. كۆڭۈل خاھىشى سەۋەب بولمىسا، زاھىردا ھېچبىر ئەمەل كۆزگە تاشلانمىغاي. ۋە يەنە تەرىقەت تىلىدا «مۇرىد» دەپ نەپسىنىڭ بارچە مۇراد (ئىستەك) لىرىدىن قۇتۇلغان ئادەمگە ئېيتىلۇر. بۇنداق ئادەمنىڭ پىرنىڭ خاھىشىدىن ئۆزگە خاھىشى بولمايدۇ.

ئەگەر مۇرىدنىڭ سۈپەتلىرى نەچچە بولۇشى كېرەك؟ دەپ سورىسا، ئون بولۇشى كېرەك، دەپ ئېيتقىن. بىرىنچىسى شۇكى، ئۇ بالاغەت يېشىغا يەتكەن بولۇشى كېرەك. چۈنكى، بالاغەتكە يەتمىگەن كىشىنى تەۋبىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ ۋە تەۋبە قىلمىغان ئادەم مۇرىدلىققا مۇناسىپ ئەمەس. ئىككىنچىدىن، ئۇ ئاقىل ئادەم بولۇشى لازىم. چۈنكى، ئەقىللىق بولمىسا، سۆزنىڭ قىيىن ـ چوڭقۇر، ئاشكارا ـ يوشۇرۇن مەنىلىرىنى چۈشىنەلمەيدۇ. ئۈچىنچىدىن، مۇسۇلمان بولسۇن. چۈنكى، ئەگەر مۇسۇلمان بولمىسا، تەۋبىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. تۆتىنچىدىن، تەلەپكار بولسۇن. يەنى تەلەپ يولىغا جان ـ جەھدى بىلەن قەدەم قويمىسا، ئىلگىرى باسمايدۇ. بەشىنچىدىن، ساداقەتلىك بولسۇن. چۈنكى، چىن دىلىدىن كىرىشمىسە، پىرنىڭ مەرىپەتى كۆڭلىدىن ئورۇن ئالمايدۇ ۋە ئەگەر پىرنىڭ سۆزى دىلىغا تەسىر قىلمىسا، ئۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. ئالتىنچىدىن، تەۋە بولسۇن. يەنى، پىرنىڭ ئىختىيارىدىن بىرقەدەممۇ چېكىنمىسۇن. يەتتىنچىدىن، يۈكسەك ئىدراك ئىگىسى بولسۇن. يەنى، ئۆتكۈر زېھىن ۋە زېرەكلىك بىلەن توغرا يولنى تېپىپ ئالسۇن. سەككىزىنچىدىن، قوبۇل قىلغۇچى بولسۇن. يەنى، پىرنىڭ سۆزلىرىنى راست دەپ قوبۇل قىلسۇن ۋە پىرغا مەقبۇل چۈشسۇن. توققۇزىنچىدىن، قانائەتلىك بولسۇن. يەنى پەقەت زۆرۈرى ئېھتىياجىغا كېرەكلىك نەرسىلەر (يەپ ـ ئىچىش، كىيىنىش) بىلەنلا قانائەتلەنسۇن، ئارتۇقچىسىنى تەلەپ قىلمىسۇن، چۈنكى، ئارتۇقچە تەلەپلەر كىشىنى تەرىقەت يولىدىن چەتنەشتۈرۈۋېتىدۇ. ئونىنچىدىن، سالىم (ساغلام) بولسۇن. يەنى، باشقا بىر پىرغا قول بەرمىگەن بولسۇن. باشقا كىشى بىلەن كېلىشىپ، ئەھدلەشمىگەن بولسۇن. چۈنكى، ئەھدۇپەيمان پەقەت بىرلا بولىدۇ.

ئەگەر مۇرىدنىڭ ئەدەبلىرى نەچچە؟ دەپ سورىسا، سەككىز دەپ ئېيتقىن. ئاۋۋال شۇكى، ئۇ ئۆز ئىشىغا پۇختا بولۇشى كېرەك. پاك نىيەت بىلەن ئىش باشلىشى لازىم. ئىككىنچىدىن، چىن ئېتىقاد بىلەن سۇلۇكنى باشلىسۇن. ئۈچىنچىدىن، پىرنىڭ نەزىرىگە چۈشكەندىن كېيىن، ئۆز ھالاۋىتى ۋە ئادەتلىرىدىن ۋاز كەچمىسۇن. تۆتىنچىدىن، كۆرۈشكە لازىمى يوق ھەممە نەرسىلەردىن كۆز يۇمسۇن. بەشىنچىدىن، ئاڭلاشقا راۋا بولمايدىغان نەرسىلەردىن قۇلىقىنى يۇپۇرۇۋالسۇن. ئالتىنچىدىن، قىلىنىشى مەنئى قىلىنغانلاردىن قولىنى تارتسۇن. يەتتىنچىدىن، ئۆز پىرىنىڭ مۇخالىپلىرى بىلەن مۇئامىلە ۋە مۇناسىۋەتتە بولمىسۇن ...

www.uyghurkitap.com



ئەگەر مۇرىدلىقنىڭ رۇكنىلىرى نەچچە؟ دەپ سورىسا، ئالتە، دەپ جاۋاب بەرگىن. يەنى، پەرمانغا ئىتائەت قىلماق، راست سۆزلىمەك، ۋاپالىق بولماق، نەسىھەتكە قۇلاق سالماق، دىلئازارلىق قىلماسلىق ۋە سىر ساقلىماق...

ئەگەر مۇرىدلىق خىسلەتلىرىنىڭ قىسقىچە بايانى نەچچە؟ دەپ سورىسا، بەش، دەپ ئېيتقىن. يەنى، پاك بولۇپ، پاك يۈرۈش، مەردلىك ۋە مالامەتىي سۈپەتلەرنى ئىگىلەش. (مالامەتىي — ئەل مالامىتىنى ئۆزىنىڭ شەرىپى، دەپ بىلگەن سوفىي)، باشقىلارنىڭ گەپ - سۆزىدىن قورقماسلىق، قەلەندەرلىك ھالىتىگە كىرىپ، ئادەملەرنىڭ تەئرىفۇ تەھسىنلىرى ۋە قارغىش - ماختاشلىرىغا پەرۋا قىلماسلىق. شىجائەتلىك ۋە جەسۇر بولۇش، ھەرخىل خىياللارغا بېرىلمەي ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇش، نىيازمەند، يەنى، ھەمىشە دىيدار تەلەپ بولۇش.

ئەگەر مۇرىدلىقنىڭ جەۋھەرى (مېغىزى) نېمە؟ دەپ سورىسا، بۇ تەرىقەت بۇرادەرلىرىنىڭ خۇرسەندلىكىدۇر، دەپ ئېيتقىن.

ئەگەر مۇرىدلىقنىڭ زىننىتى نېمە؟ دەپ سورىسا، بۇ مۇنۇلاردىن ئىبارەت، دەپ جاۋاب بەرگىن. زۇھد، تەقۋا، تىرىشچانلىق، ئۆز نەپسىنى يېڭىش ئۈچۈن شىجائەت كۆرسىتىش، ھەممىگە بىردەك مىننەتسىز خەير - ئېھسان قىلىش، ئىشنىڭ بىناسىنى ساداقەت ئاساسىغا قۇرۇش، ئۆزىنى تۇنۇش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگۈچە ئىلىم ئىگىلەش، ئەدەب - قائىدىگە مۇنتىزىم رىئايە قىلىش، بۇرادىرىنى خۇش قىلىدىغان مۇلايىم خۇلقلىق بولۇش، دوستلارغا قوپاللىق قىلماسلىق، ئىنساپ سىزىقىدىن چىقماسلىق، پىداكارلىق، باشقىلارغا ئازار يەتكۈزمەسلىك، كەم سۆز بولۇش، لېكىن كېرەكلىك جايدا مۇناسىپ گەپنى تېپىپ ئېيتىش، ئالىي ھىممەتلىك بولۇش، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار بىلەن قانائەتلەنمەسلىك، ئامانەتنى ساقلاشنى بىلىش، رەھىم - شەپقەتلىك بولۇش، ئاتا - ئانا ۋە پىر ئۇستازلار خاھىشىدىن چىقماسلىق، كىمىكى ئۇشبۇ سۈپەتلەر بىلەن بېزەلگەن بولسا، شۇ ھەقىقەتەن زىننەتلىك مۇرىددۇر.

ئەگەر مۇرىدنىڭ غۇسلى (تاھارىتى) نېمىدۇر؟ دەپ سورىسا، بۇ تۆۋەندىكى ئوتتۇز سۈپەتتىن خالىي ئادەمدۇر، دەپ ئېيتقىن: بايلىقنى سۆيۈش، مەنسەپنى سۆيۈش، شۆھرەتنى سۆيۈش، گۈزەللەرگە ناپاك نىيەت بىلەن كۆڭلىنى بېرىش، ھېرىس، ھەسەد، ھىيلە - مىكىر، كىبىر - ھاۋا، كىنە - ئاداۋەت، پىتنە - پاسات، ئاچكۆزلۈك، غەپلەت، شەك - شۈبھە، تەكەببۇرلۇق، يالغانچىلىق، بوھتان، نىفاق، رىيا، ھارامخورلۇق، ھەۋەس، تەمە، ئويۇن - كۈلكە، بەدنىيەتلىك، تائەت - ئىبادەتتە جالىق، پاھىش، ئايغاقچىلىق، بىراۋدىن ئەيىب ئىزدەش، پىتنىخورلۇق، ئىككى يۈزلىمىچىلىك. كىمىكى ئۇشبۇ ئوتتۇز سەلبىي سۈپەتتىن پاك بولسا، تاھارەت بۇلىقىدا تەرىقەت غۇسلىنى ئادا قىلغان مۇرىد ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر مۇرىدنىڭ سەرمايىسى (بايلىقى) نېمە؟ دەپ سورىسا، پاك ئېتىقاد ۋە روشەن كۆڭۈلدۇر، دەپ ئېيتقىن.

ئەگەر مۇرىدلىقنىڭ قانۇنى نېمە؟ دەپ سورىسا، ئۆزىگە راۋا كۆرگەن نەرسىنى، ئۆزگىلەرگە راۋا كۆرۈش ۋە ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن نەرسىنى ئۆزگىلەرگىمۇ راۋا كۆرمەسلىك، دەپ جاۋاب بەرگىن.

## تۆتىنچى پەسىل
## مۇرىد تاللاش كەيپىياتى (شەرتلىرى) ھەققىدە

ئەگەر مۇرىدلىققا قوبۇل قىلىشتا نېمىلەرگە ئېتىبار قىلىنىدۇ؟ دەپ سورىسا، تۆۋەندىكى يىگىرمە سەككىز شەرتنى ئادا قىلىش زۆرۈر، دەپ ئېيتقىن: ئاۋۋال شۇكى، شەيخلىق شەرت - شارائىتى تەيمۇتەييار بولسۇن. ئىككىنچىدىن، مۇرىد تەۋبە قىلدۇرۇلسۇن. ئۈچىنچىدىن، بەيئەت (ئەھدۇ پەيمان) قىلىنسۇن، يەنى، مۇرىدنىڭ قولىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا: «ئەھد قىلدىم ۋە فۇتۇۋۋەت ئەھلى ھەلقىسىگە (دائىرىسىگە) كىردىم» دېگەن سۆزلەرنى يۇقىرى ئاۋازدا دېيىشى كېرەكلىكى ئۇقتۇرۇلسۇن. تۆتىنچىدىن، تەرىقەت كەلىمىسىنى قايتۇرۇشنى مۇرىدقا تەيىنلەش (تەرىقەت كەلىمىسى مەخسۇس ئىبادەتتۇر)، چۈنكى بەزىلەر تەرىقەتنى تۇۋىنغا باغلىق، دەپ ھېسابلىشىدۇ. بەشىنچىدىن، جايىنامازنى يېيىش. ئالتىنچىدىن، تەرىقەت بۇرادەرلىرىنى يىغىش. يەتتىنچىدىن، مۇرىدنى ئاۋايلاش. سەككىزىنچىدىن، پىرنىڭ ئۆزى ۋە ھازىر بولغان جامائەت تىزلىرىنى پۈكۈپ ئولتۇرۇشى. توققۇزىنچىدىن، كۆپ گەپ قىلماسلىق، خاتىرجەملىكنى ساقلاش. ئونىنچىدىن، ئۆزىگە كۆپ ئېتىبار قىلماسلىق لازىم. ئەگەر پىردىن نېمەڭ بار؟ دەپ سورىسا، خۇشۋاقلىق ئالامىتى، دەپ جاۋاب بەرسۇن. ئەگەر پىر - مۇرىدلىقنىڭ بېزىكى نېمىدۇر؟ دەپ سورىسا، مۇرىدتىن خىزمەتۇ ۋاپا، پىردىن چوڭ ھىممەتۇ ئاتا (لۇتۇف - ئېھسان)، دەپ جاۋاب بەرگىن.

# ئۈچىنچى باب
# نەقىب، ئەھد ئاتىسى ۋە شەدد ئۇستازى (ۋاپا بەلبېغىنى باغلىغۇچى كىشى) ھەمدە شاگىرت بىلەن شەدد ئۇستازىنىڭ ئەھدىلىشىشى ۋە بۇنىڭ شەرتلىرى، رۆكنلىرى ھەققىدە

## بىرىنچى پەسىل
## نەقىب ھەققىدە

ئەگەر «نەقىب» سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟ دەپ سورىسا، شۇنداق دېگىنكى، «نەقىب» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى، سىنىغۇچى، تونۇيدىغان كىشى دېمەكتۇر. يەنى، نەقىب ئادەملەرنىڭ پېئىلى، روھىيىتىنى ياخشى پەملەيدىغان كىشىدۇر ۋە ئۇ كىشىلەر ئۆز زامانىسى قوۋم - ئەھلىنىڭ گۇۋاھچىسىدۇر. تەرىقەت ئەھلى بولسا چوڭ كىشىلەرنىڭ ھال - ئەھۋالىنى بايقايدىغان، روھشۇناس ئادەمنى نەقىب دېيىشىدۇ. نەقىب ئۆزىدە بىرقانچە پەزىلەتلەرنى جەملىگەن دانىشمەن، زاكاۋەتلىك ئىنساندۇر. (شۇنداق بولغانلىقتىن) ئەگەر قانداق ئادەمنى نەقىب دەيدۇ؟ دەپ سورىسا، جاۋاب بېرىپ ئېيتقىنكى، تۆۋەندىكى ئون خىسلەتنى جەملىگەن ئادەم نەقىبتۇر. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ ئالىم بولمىقى كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئۇ ئامىل، يەنى ئىلمىگە ئەمەل قىلغۇچى تەجرىبىلىك كىشى بولسۇن. ئۈچىنچىدىن، كۆپ سەپەر قىلىپ، كۆپنى كۆرگەن بولسۇن. تۆتىنچىدىن، رەھبەرلىك قابىلىيىتىگە ئىگە بولسۇن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بەشىنچىدىن، ئۆگۈتچى بولسۇن. ئالتىنچىدىن، ياخشىلىقنى سىغىنىـــــدىغان بولسۇن. يەتتىنچىدىن، سېخىي بولسۇن. سەككىزىنچىدىن، خۇلقـــى يېقىـــملىـــق بولسۇن. توققۇزىنچىدىن، ھەق سۆزنى دەيدىغان بولسۇن، ئونىنچىدىن، سىر ساقلايدىغان بولسۇن.

ئەگەر «نەقىب» (نقيب) سۆزىنىڭ ھەرپلىرى نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىن: ن ـ نىيازمەندلىكنى، ق ـ قوبۇلنى (نەقىب تەرىقەت پەرزەندلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇھەببەت بىلەن قوبۇل قىلىشى لازىم)، يى — يارلىق ۋە مېھرىبانلىقنى، ب — بىھبۇدىيى (فۇتۇۋۋەت ئەھلى نىيەتلىرىنىڭ دائىملىق ياخشىلىقى) نى بىلدۈرىدۇ.

## ئىككىنچى پەسىل
## ئەھد ئاتىسى خۇسۇسىدا

ئەگەر ئەھد ئاتىسى كىم؟ دەپ سورىسا، جاۋاب بېرىپ ئېيتقىنكى، تەرىقەت پەرزەنتىنى ئەھدۇ پەيمان بىلەن باغلىغۇچى كىشى ئەھد ئاتىسى دېيىلۇر. ئەگەر ئەھدۇ پەيمان باغلاش قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىسا، بۇ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت دەپ ئېيتقىن: ئەھد ئاتىسى تەلەپكار يىگىتكە قاراپ: «بىزنىڭ ئەھدىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ھەلقىمىزگە (سېپىمىزگە) پەرھىز قىلىسەن» دەپ ئېيتىدۇ. تالىپ بولسا: «ھەلقىڭىزگە كىردىم ۋە بۇنىڭدىن كېيىن خىلاپ ئىش قىلماسلىققا ئەھد قىلىمەن» دەپ قەسەم ئىچىدۇ. ئەگەر تەرىقەت ئەھدىنامىسى قايسىدۇر؟ دەپ سورىسا، بۇ مۇرىدنىڭ گۇۋاھلىقى ئۈچۈن ھازىر بولغانلار قورشاۋىدا نىيەت قىلىپ، فەتىي، يەنى، مەردلەر ھەلقىسىگە كىرىشتۇر، دەپ ئېيتقىن ...

## ئۈچىنچى پەسىل
## ئەھدۇ ۋاپا بەلبېغىنى باغلىغۇچى ئۇستاز ۋە (بەل باغلاش) شەرتلىرى ھەققىدە

بىلگىنكى، ھېچبىر ئىش ئۇستازسىز ئەمەلگە ئاشمىغاي ۋە كىمكى ئۇستازسىز بىر ئىش قىلۇر بولسا، شۇ ئىشنىڭ ئاساسى مۇستەھكەم بولمىغاي. ئېيتۇرلەركى، كىشى ئەگەر كەشفۇكەرامەت مەرتىۋىسىگە يېتىپ، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ مۆجىزىلەر سادىر بولسىمۇ، ئەگەر ئۇنىڭ مەقبۇل رەھنەما ئۇستازى بولمىسا، ئىشى بىرەر نەتىجە بەرمەيدۇ ۋە ئەرزىمەس بولىدۇ. يەنى:

كىمنىكىم ئۇستادى يوق، ھەم ئىشىن بۇنيادى[1] يوق،
مەئنى[2] يولىدا غەرىبدۇر، كىمنىكىم ئۇستادى يوق.

بەس، ھەركىم ئىشى ئاساسلىق (ئۇلى مۇستەھكەم) بولۇشىنى ئويلىسا، ئەڭ ئاۋۋال كامىل ئىنسان ئېتىكىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا قول بەرسۇن ... ئۇستازنىڭ زۆرۈرلۈكىگە دەلىل كۆپتۇر. ئۇستازغا ئەگەشمەستىن كىشىنىڭ ئەمگىكى نەتىجە بەرمەيدۇ. كىمكى، ئۇستازسىز

---

(1) بۇنياد — ئاساس، ئۇل، نېگىز

(2) مەئنى (مەئنا) — مەنە، مەزمۇن، ئەقىل، ئەس ـ ھوش

ئىش باشلىغان بولسا، ئىشى ۋە ئەمەلى مېۋە بەرمەيدۇ. ئۇستازىڭنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، شاد بول، بىر مەزگىل ئۇستازغا خىزمەت قىلغىن - دە، ئاندىن ئۆزۈڭ ئۇستاز بول.

ۋە بۇ يولدا فۇتۇۋۋەتكە تەلەپكار ئادەمنىڭ بېلىنى باغلايدىغان ئادەمنى ئۇستادى شەدد (ئەھد - ۋاپا ئۇستازى) دەپ ئاتايدۇ ۋە بېلىنى باغلاشقا تەلەپكار شاگىرتنى بولسا خەلاف (خەلىپە) دەيدۇ شۇنداقلا تەرىقەت پەرزەنتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

سائادەتلىك شەخس ئىرادەت بەرىكىتى نۇرى بىلەن كامىل پىرنىڭ پېشىنى تۇتقاچقا ۋە فۇتۇۋۋەت ھەلقىسىگە كىرىش ئۈچۈن دەۋاگەر بولۇپ، بەل باغلىغان فەتىيلەر سېپىدىن جاي ئېلىشقا نىيەت قىلغاچقا، ئۇ، ئۇستازى شەددىن چەتنەپ ئۆتەلمەيدۇ.

ئەگەر ئۇستادى شەدد ئەمەل قىلىشى لازىم بولغان شەرتلەر نەچچە؟ دەپ سورىسا، ئالتە، دەپ ئېيتقىن: بىرىنچىدىن شۇكى، ئۇنىڭ بېلىنى كامىل ئىنسان باغلىغان بولسۇنكى، ئۇنىڭ بېلىگە بىرەر مەردنىڭ قولى تەگمىگەن بولسۇن، ئۇنىڭ پەرزەند (شاگىرت) بېلىگە قول تەگكۈزۈشكە ھەققى يوق. ئىككىنچىسى شۇكى، فۇتۇۋۋەتكە ئائىت ھەممە سۈپەتلەر ئۇنىڭدا مۇجەسسەم بولسۇن. ئۈچىنچىدىن، تەرىقەتنىڭ نازۇك ئىما - ئىشارەتلىرىدىن خەۋەردار بولسۇن، ئۇلارنى شاگىرتىغا يەتكۈزەلەيدىغان بولسۇن.

ئەگەر كامىل ئۇستاز كىم؟ دەپ سورىسا، ئۇ پاك مەزھەپلىك، ئۆز ئەيىبىنى كۆرەلەيدىغان دانا ھەم تەمىزلىك[1] كىشىدۇر، دەپ ئېيتقىن. ئۇنداقتا ھەسەت، گىنە ۋە بېخىللىقتىن ئەسەر قالمايدۇ ... تۆتىنچىدىن، بەل باغلايدىغان ئۇستاز بۇ ئىشنى چىن دىلىدىن، توغرىلىق يۈزىسىدىن قىلسۇن. ئۇنىڭ توپ ماھىيىتىنى ئاڭلاپ ئىش قىلسۇن. بەشىنچىدىن، پەرزەنت بېلىنى شەيخ، نەقىب ۋە تەرىقەت بۇرادەرلىرى ھازىر بولغان مەجلىستە باغلىسۇن ۋە ئەگەر بۇنىڭغا مۇيەسسەر بولالىسا، بېلىنى خىلۋەت بۇلۇڭلاردا ئەمەس، بەلكى جامائەت ئالدىدا باغلىسۇن. ئالتىنچىدىن، پەرزەنتىنىڭ ئەھۋالى زوھىيەسىدىن خەۋەردار بولسۇن، تاكى، ئۇنىڭغا شەدد (ئاتا) نىڭ قولى تېگىشى لايىق ياكى لايىق ئەمەسلىكىنى ئېنىقلىسۇن. ئەگەر ئەھد ئاتىسى مۇناسىپ، دەپ تاپمىسا، بەل باغلاشنى تەرك ئەتسۇن، بولمىسا ئەكس ھالدا يىگىتكە جەبىر قىلغان بولىدۇ.

ئەگەر بەل باغلاش شەرتلىرى (ئاساسلىرى) نەچچە؟ دەپ سورىسا، ئالتە، دەپ ئېيتقىن: ئاۋۋال شۇكى، ئۇستاز شەددنىڭ ھەممە قائىدىلىرىدىن خەۋەردار بولۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، شاگىرتقا قىرىق كۈن خىزمەت بۇيرۇپ، سىناقتىن ئۆتكۈزسۇن، كېيىن سەبىر قىلسۇن. ئۈچىنچىدىن، قوبۇل مەجلىسىدە سۇ ۋە تۇز كەلتۈرۈپ قويسۇن. تۆتىنچىدىن، بەش پىلىكلىك چىراقنى يېقىپ قويسۇن. بەشىنچىدىن، پەرزەنتىنىڭ بېلىنى شەرت بىلەن باغلىسۇن. ئالتىنچىدىن، شەدد، يەنى قوبۇل مۇراسىمى ئۈچۈن ھالۋا پىشۇرسۇن.

ئەگەر بەل باغلاشنىڭ ئادەتلىرى نەچچە؟ دەپ سورىسا، يەتتە، دەپ ئېيتقىن: ئاۋۋال شەدد جايىنامازنى (گىلەمچىسىنى) يېيىش، ئىككىنچىدىن، سول قولىنى پەرزەنتىنىڭ بېشى ئۈستىگە قويۇش، ئۈچىنچىدىن، ئوڭ قول بىلەن پەرزەنتنى تۇتۇپ تۇرۇش، تۆتىنچىدىن، بەلباغنى تەييارلاش ... يەتتىنچىدىن[2] پەرزەنت بېلىنى باغلاپ، يەتتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يېشىش.

---

(1) تەمىز — ئەقىل، ئىدراك، پەم - پاراسەت

(2) بۇ يەردە بەشىنچى ۋە ئالتىنچىسى بېرىلمىگەن.

www.uyghurkitap.com



ئەگەر بەل باغلاشنىڭ ئەدەبلىرى نەچچە؟ دەپ سورىسا، ئون، دەپ ئېيت: ئالدىنقىسى ئۆتكەن پىرلارنى ئەسلەش، پەرزەنتنى تەربىيەت بۇرادەرلىرىنىڭ ساپالىق نەزىرىگە ئۆتكۈزۈش شاگىرتىنىڭ قولىنى ئالغاندىن كېيىن، سەلاۋات ۋە پاتىھەنى ئادا قىلىش. جايىنامازدىن ئۈچ قەدەم يىراقلىشىش. شەدد يەنى بەلباغنى سول قولىغا ئېلىش. ھەربىر پەيتتە مۇۋاپىق ئايەتنى ئوقۇش، قائىدە بويىچە شاگىرتنىڭ يۈزىنى يولغا قارىتىش. يەنى ئۇنىڭغا ھەممە گەپنىڭ راستىنى دېيىش، ھالۋىنى ئۆلچەپ ئېلىش، شاگىرتىنىڭ قولىنى تۇتۇۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئۇنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىغا تەگكۈزۈش، ھەربىر ئەمەلىيەتنى كۆرسىتىۋاتقاندا ئۇنىڭ مەنىسىنى ئىسپات بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىش.

ئەگەر بەل باغلاشقا كامىل ئىنسان كىم دەپ سورىسا شۇنداق جاۋاب بەرگىنكى، مەزھەپ مەسلىكى پاك، ئۆز ئەيىپىنى كۆرۈپ ئاللايدىغان، مۇرىد تەييارلاشقا ماھارەتلىك، كىنە ۋە ھەسەتتىن بولمىغان دانا ۋە تەمىزلىك ئادەم بەل باغلاشقا كامىلدۇر.

## تۆتىنچى پەسىل

### شاگىرت بولۇشنىڭ شەرت - شارائىتلىرى

ئەگەر شاگىرتلىقنىڭ بىناسى نېمىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ؟ دەپ سورىسا، ئىرادەت ئۈستىگە، دەپ جاۋاب بەرگىن. ئەگەر ئىرادەت نېمىدۇر؟ دەپ سورىسا، سەمە ۋە تائەتتۇر، دەپ ئېيتقىن. ئەگەر سەمە ۋە تائەت نېمىدۇر؟ دەپ سورىسا، ئۇستاز نېمىنى ئېيتسا، شۇنى دىققەت بىلەن ئېيتىش، چىن كۆڭلى بىلەن قوبۇل قىلىش ۋە ۋۇجۇد ئەزالىرى ئارقىلىق ئەمەلدە ئادا قىلىشتۇر، دەپ ئېيت. ئەگەر شاگىرت ئۈچۈن نېمە ياخشى؟ دەپ سورىسا، پاك ئېتىقاد، دەپ ئېيت. چۈنكى پەقەت ئېتىقادلا كىشىنى مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ.

ئەگەر شاگىرت نېمە ئارقىلىق مۇراد - مەقسىتىگە يېتىدۇ؟ دەپ سورىسا، خىزمىتى ئارقىلىق، دەپ ئېيتقىن، ئەگەر خىزمىتىنىڭ بىناسى نېمىگە قۇرۇلىدۇ؟ دەپ سورىسا، راھەتنى تەرك ئېتىش ۋە زەھمەتنى چېكىش ئاساسىغا، دەپ ئېيت. ئەگەر شاگىرتلىقنىڭ رۇكنىلىرى نەچچە؟ دەپ سورىسا، تۆت دەپ ئېيت: بىرىنچىدىن، مەرد بولۇپ ئىشقا كىرىشىش، يەنى فۇتۇۋۋەت يولىنى مەردانە قوبۇل قىلىش. چۈنكى ئىشقا كىرىشمەستىن قورقۇپ تۇرۇش، كەينىگە سۈرۈش ۋە يولدىن قايتىشتىنمۇ يامانراق [1] ... ئىككىنچىدىن، چىن دىلىدىن خىزمەت قىلىش. ئۈچىنچىدىن، كۆڭلىنى ۋە تىلىنى بىر - بىرىگە مۇۋاپىق تۇتۇش. يەنى توغرا سۆزلەپ، توغرا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش. تۆتىنچىسى، نەسىھەتكە قولاق سېلىش ۋە ئۇستازىدىن ئاڭلىغانلىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش.

ئەگەر شاگىرتلىقنىڭ ئەدەبلىرى نەچچە؟ دەپ سورىسا، سەككىز دەپ ئېيت. ئاۋۋال شۇكى، قوبۇلغا كىرگەندە ياكى ئۇستازنى كۆرگەندە، بىرىنچى بولۇپ سالام بېرىش. ئىككىنچىسى، ئۇستازنىڭ ئالدىدا ئاز سۆزلەش. ئۈچىنچىسى، باشنى ئېگىپ تۇرۇش. تۆتىنچىسى، ھەر تەرەپكە قاراۋەرمەسلىك. بەشىنچىسى، ئەگەر مەسىلە سورىماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ئۇستازدىن ئىجازەت ئېلىش. ئالتىنچىسى، ئۇستاز جاۋاب بەرگەندە ئېتىراز بىلدۈرمەسلىك. يەتتىنچىسى، ئۇستاز ئالدىدا باشقىلارنى غەيۋەت قىلماسلىق. سەككىزىنچىسى، ئولتۇرۇپ - تۇرۇشتا ھۆرمەتنى تولۇق ساقلاش.

(داۋامى كېلەركى ساندا)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەنۋەر تۇردى

---

(1) كۆپ چېكىت ئورنىدىكى سۆزلەر يوقالغان.

# «دۇردانىلەر خەزىنىسى»دىن

## قەدىمي لەتىپىلەر

— ئوغلۇم، كۈن بەكمۇ ئىسسىپ كەتتى، بۇ ئىسسىقتا ئادەم تۇرماق، تۆمۈرمۇ ئېرىپ كېتىدۇ، جۇمۇ.

— توغرا دەيسىز ئاتا، تۈنۈگۈن ماڭا بىر سوملۇق تەڭگە بەرگەن ئىدىڭىزغۇ، قارىسام، ئۇ ئېرىپ ئون تىيىنلىق پۇل بولۇپ قاپتۇ.

* * *

بىر ئوغرى بىرسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بىرمۇنچە نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ تاشقىرىغا چىقتى. شۇ چاغدا ئۇ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كىشىنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئوغرىلىغان نەرسىلىرىنى دەرھال يەرگە قويۇپ، كوچىنى سۈپۈرۈشكە باشلىدى. ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، كوچىنى نېمىشقا سۈپۈرۈۋاتقانلىقىنى سورىغانىدى، ئوغرى:

— بۇ ئۆيدە بىرەيلەن ۋاپات بولدى، تاڭ ئاتقاندا ئادەملەر جىنازا كۆتۈرۈشۈپ كېلىشىدۇ. شۇڭا كوچىنى سۈپۈرۈپ تازىلاۋاتىمەن، — دېدى.

— ئەجەب، ئۆيىدىن يىغا ئاۋاز ئاڭلانمايدىغۇ، — سورىدى ھېلىقى كىشى.

— مەن كەتكەندىن كېيىن ئاڭلىنىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئوغرى.

* * *

بىر ئادەم تېۋىپقا مۇراجىئەت قىلىپ:

— كېسەل بولۇپ قالدىم، قورسىقىم ئاغرىۋاتىدۇ، ھېچ نەرسىگە ئىشتاھايىم يوق، شۇڭا سىلىنىڭ ھۇزۇرلىرىغا كەلدىم، داۋالاپ قويغان بولسىلا، — دېدى. تېۋىپ ئۇنىڭدىن بۈگۈن نېمە يېگەنلىكىنى سورىدى. بىمار ئازراقلا تاماق يېگەنلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، تېۋىپ قىستاۋەرگەنلىكتىن، ئىلاجسىز يېگەنلىرىنى بىرمۇ بىر ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى:

— سىلىنىڭ يانلىرىغا كېلىۋېتىپ يولدا كاللا - پاچاق دۇكىنىغا كۆزۈم چۈشتى، ئۇ يەردىن تۆت قوينىڭ كاللا - پاچىقىنى سېتىۋېلىپ يېدىم، سىلى بۇنى ئىككى قوينىڭ كاللا - پاچىقى ھېسابلىغايلا؛ كېيىن تاتلىق يېمەكلىكلەر دۇكىنىدىن تۆت قاداق ھالۋا، ئۈزۈم بازىرىدىن ئون قاداق ئۈزۈم سېتىۋېلىپ چايخانىغا كىردىم، ئۇ يەردىن ئون نان سېتىۋېلىپ،

www.uyghurkitap.com



سەككىز چەينەك چاي بىلەن ھەممىسىنى يېدىم، سىلى ئۇلارنى ئىككى قاداق ھالۋا، بەش قاداق ئۈزۈم، بەش نان، تۆت چەينەك دەپ ھېسابلىسىلا؛ يەنە تېخى تۆت قوغۇنمۇ يېدىم، سىلى ئۇنى ئىككى دانە ھېسابلىسىلا؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشخانىغا كىرىپ ئون مانتا، سەككىز زىخ كاۋاپ يېدىم، سىلى بۇلارنى بەش مانتا تۆت زىخ كاۋاپ ھېسابلىغايلا؛ ئىشتاھايىمنىڭ يوقلۇقى مانا شۇلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

تېۋىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئىشتىپ شۇنداق دېدى:

— ئەمدى مەن ئېيتاي، سىز ساناپ تۇرۇڭ. ئالتە يىل ئاشقازان كېسەللىكى بىلەن ئاغرىيسىز، بۇنى سىز ئۈچ يىل ھېسابلاڭ. كېيىن ئون يىل مېڭە ئاغرىقى دەردىگە گىرىپتار بولىسىز، سىز بۇنى بەش يىل ھېسابلاڭ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى كۆزىڭىز قارىغۇ، ئىككى قولىڭىز تۇتماس، ئىككى ئايىغىڭىز باسماس بولۇپ قالىدۇ. سىز بۇلارنى بىر كۆزۈم، بىر قولۇم، بىر ئايىغىم دەپ ھېسابلاۋېرىڭ. ئەنە شۇ چاغدا ئىشتاھايىڭىز تېخىمۇ ئېچىلىدۇ.

* * *

مەمەدان ۋە سەپسەتىۋاز بىر شائىر ئەبدۇررەھمان جامىي ھوزۇرىغا كېلىپ:

— كېچە چۈشۈمدە خىزىر ئاغزىمغا مۇبارەك تۈپرۈكىنى تۈكۈرۈپ قويىدى، — دەپ ماختاندى.

جامىي ئۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بەردى:

— يېڭىلىشتىڭ، خىزىر ئەسلىدە سېنىڭ يۈزۈڭگە تۈكۈرگەن، سەن ئاغزىڭنى ئېچىپ تۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن تۈكرۈك ئاغزىڭغا چۈشكەن.

* * *

دەريا قىرغىقىغا يېقىن بىر شەھەردە بىرنەچچە كىشى سۇغا چۆكۈپ ئۆلدى. شەھەر ھاكىمى كىشىلەرنىڭ دەريادا غەرق بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك بۇيرۇق چىقاردى: «ئۇقتۇرۇش، شەھەرچىمىزنىڭ يېنىدىكى دەريادا چۆمۈلگۈچىلەرگە شۇنى بىلدۈرىمەنكى، يېقىنقى ئۈچ كۈن ئىچىدە بىرقانچە كىشى سۇغا چۈشۈپ غەرق بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن كىمەرسىكى سۇدا چۆكۈپ ئۆلسە، ناھايىتى قاتتىق جازا بېرىمەن، ۋاقىپ بولغايلار».

* * *

ھەرقانداق كېسەلنى سۇ بىلەن داۋالاشقا ئادەتلەنگەن بىر تېۋىپ كېچىدە كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن كېمە باشلىقى بۇيرۇق بەردى:

— تېۋىپنى دەرھال قوتقۇزۇڭلار!

دېھقانچىلار ئۇنىڭغا بۇنداق دېيىشتى:

— تېۋىپنى ئاۋارە قىلمايلىق، ئۇ دورا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دورىخانىسىغا چۈشۈپ كەتتى.

* * *

بىر ئاچ كۆز كىشى بىراۋنىڭ بېغىغا كىردى. باغدا بىر ئېيىق بالىسى ئۈزۈم يەپ يۈرگەنىدى. ئۇ كىشىمۇ تەكلەردىن ئۈزۈم ئۈزۈپ ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى. باغ ئىگىسى ئۇنى كۆرۈپ قالدى. قولىغا كالتەك ئېلىپ ھېلىقى ئاچكۆز كىشىنى ئۇرغىلى تۇردى. ئۇ كىشى:

— ئېيىقمۇ ئۈزۈم يەۋاتىدىغۇ، نېمىشقا ئۇنى ئۇرماي، مېنىلا ئۇرىسەن؟ — دەپ داد - پەرياد كۆتۈردى. باغ ئىگىسى:

— ئېيىق ئۈزۈم يەپ تويغاندىن كېيىن باغدىن چىقىپ كېتىدۇ، سەن بولساڭ ھەم يەيسەن، ھەم ئۆيۈڭگە ئېلىپ كېتىسەن، — دەپ يەنە ئۇرۇشقا باشلىدى.

* * *

بىر گاداي ئۆيمۇئۆي كىرىپ، قۇرئان ئوقۇپ تىلەمچىلىك قىلار ئىدى. بىر موللا ئۇنىڭغا:

— قۇرئان ئوقۇپ تىلەمچىلىك قىلغىلى خۇدادىن قورقمامسەن؟ بۇ ئىشىڭ ئۈچۈن دوزاخقا چۈشىسەن، — دېگەنىدى، گاداي شۇنداق جاۋاب بەردى:

— سىلەر موللىلار ۋەز - نەسىھەتىڭلارغا ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلار ئەمەل قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ماڭا ئوخشاش ئاچ قالغان بولساڭلار، ئۇ چاغدا قۇرئاننىمۇ، ئۇنى ئېلىپ كەلگەن پەرىشتىنىمۇ سېتىپ يېگەن بولار ئىدىڭلار، سىلەر دوزاخقا ئەڭ مۇناسىپ كىشىلەر.

* * *

يىگىت دېدى:

— جېنىم، مەن سېنىڭ ئىشق ئوتۇڭدا چاراسلاپ كۆيۈۋاتساممۇ، سەن ماڭا يەنىلا سوغۇق قارايسەن؟

قىز جاۋاب بەردى:

— توغرا دەيسەن، سەن چاراسلاپ كۆيۈۋاتقىنىڭدا مەن سوغۇق بولمىسام، پۈتۈنلەي كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىسەن - دە.

— ئەي پەرىشتەم، نېمىشقا مېنى ئۆمۈر بويى جۈپتىڭىز قىلىشقا قوبۇل قىلمايسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— مېنىڭ پەرىشتە ئىكەنلىكىمنى ئۆزىڭىز ئەستىقلاۋاتىسىز. پەرىشتىلەردە يېيىش ئىچىش بولمىغىنىدەك، ئۇلار ئارىسىدا ئەر - خوتۇنچىلىقمۇ ھەم بولمايدۇ. مەن پەرىشتە بولغانلىقىم ئۈچۈن تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن.

* * *

بىر شائىر ئىنئام ئېلىش ئۈمىدىدە بىر باينى مەدھىيىلەپ شېئىر يېزىپ ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى.

باي بەكمۇ بېخىل، پىخسىق بولغانلىقتىن شائىرغا ھېچنېمە بەرمىدى. شائىر ئاچچىقلىنىپ بىر پارچە ساتىرا يېزىپ، بايغا ئەۋەتىپ بەردى. باي بۇنىڭغىمۇ ئېتىبار قىلمىدى، بىر كۈنى باي ناھايىتى قاتتىق كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، شائىر باينىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئىشىتىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئىچكىرىگە كىرىپ، باينىڭ بېشى تەرەپكە ئولتۇردى. باي شائىرغا ئاچچىقلىنىپ:

— قانداق يۈزسىز شائىر سەن؟ مېنى ماختاپ مەدھىيە يازدىڭ، ھېچنېمە بەرمىسەم، ھەجۋىي قىلدىڭ، ئۈندىمىدىم. ئەمدى نېمىنى ئۈمىد قىلىپ باش تەرىپىمدە ئولتۇرىسەن؟ — دېدى.

— سېنى ماختاپ شېئىر يازدىم، بولمىدى، ھەجۋىي قىلدىم، يەنە كار قىلمىدى. ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلساڭ، مەرسىيە يېزىپ، دۇئايى پاتىھە قىلىپ كەتمەكچىمەن، — دەپ جاۋاب قىلدى شائىر.

* * *

بىر شائىر خوتۇنلارنى ھەجۋىي قىلار ئىدى. خوتۇنلار يىغىلىپ شائىرنى ئۇرماق بولدى ۋە ئۇنى بىر يەردە تۇتۇۋالدى. شائىر نېمە قىلارنى بىلمەي، ئۇلارغا:

— شېئىرلىرىمدا ئېيتىلغان ناچار ئىللەتلەردىن پاك بولغان خوتۇنلار مېنىڭدىن زادىلا خاپا بولۇشمايدۇ ئەگەر ئاشۇ ئىللەتلەر سىزلەردە بار بولسا، مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىزلەرمۇ ھەقلىقدۇرسىزلەر، — دېدى.

شۇ چاغدا خوتۇنلار ئىختىيارسىز شائىرنى قويۇپ بېرىشتى.

* * *

بىر كىشى شەھەر ھاكىمىنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ:

— مەن بىر چاغدا سىزنى بىر پالاكەتتىن قۇتقۇزۇۋالغان. شۇ خىزمىتىم ئۈچۈن مېنى تۇزۇكرەك بىر خىزمەتكە قويارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە كەلدىم، — دېدى.

— ياخشى، سىزگە مۇناسىپ بىر خىزمەت تېپىپ بېرىمەن. لېكىن قېنى ئېيتىڭا،

سىز ماڭا قانداق خىزمەت قىلغان ئىدىڭىز؟ شۇنى زادىلا ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن، — دەپ سورىدى شەھەر ھاكىمى. ھېلىقى كىشى دېدى:

— ئېسىڭىزدىمۇ، بىر قىزنى ئىككىمىز تالىشىپ، ھەر ئىككىمىز ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەك بولدۇق. مەن چاققانلىق قىلىپ سىزدىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئۆيلىنىۋالدىم. ئۇنىڭغا ئۆيلەندىممۇ، بېشىمغا بالا تېرىۋالدىم. ئەگەر سىز ئۇنىڭغا ئۆيلەنگەن بولسىڭىز، شۇ بالاغا سىز گىرىپتار بولار ئىدىڭىز. ئۇنىڭغا ئۆيلىنىپ، سىزنى بالادىن قۇتقۇزغىنىم چوڭ خىزمەت ئەمەسمۇ؟

* * *

خوتۇنى بىلەن تىنىچ ئۆتەلمىگەن بىر كىشى ئۇنىڭ بىلەن جاڭجاللىشىپ دېدى:

— سىز بىلەن تۇرمۇش قۇرغىنىمدىن بېرى نىكاھ ئوقۇلغان شۇ كۈنگە لەنەت ئوقۇيمەن.

— نىكاھ كۈنىگە لەنەت ئوقۇشقا ھەققىڭىز يوق، چۈنكى ئۆمرىمىزدە تىنىچ ئۆتكەن كۈن بار بولسا، ئۇ دەل نىكاھ ئوقۇلغان كۈندۇر، — دېدى خوتۇن.

* * *

تەن ساقلىقىغا بەكمۇ ئېتىبار قىلىدىغان بىر كىشى دەريا - ئۆستەڭلەردە سۇغا چۆمۈلگەندە نېمىلەرگە رىئايە قىلىش لازىملىقىنى سوراپ بىرنەچچە تېۋىپلارنىڭ ئالدىغا باردى. تېۋىپلەرنىڭ بىرىنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى ئىككىنچىسىنىڭكىگە توغرا كەلمەس ئىدى. ئۇلاردىن بىرى: «سۇغا ئاچ قورساق چۆمۈلۈش كېرەك» دېسە، ئىككىنچىسى: «ياق، قورساق توق چاغدا چۆمۈلۈش پايدىلىق» دەر ئىدى، ئۈچىنچىسى: «سۇغا ئاياغ بىلەن ئاستا چۈشۈش كېرەك» دېسە، تۆتىنچىسى: «ياق، سۇغا بىراقلا شۇڭغۇش لازىم»، دەر ئىدى. باشقا بىرى: «سۇدىن چىققاندىن كېيىن ھەرىكەت قىلماستىن جىم تۇرماق كېرەك» دېسە، يەنە بىرى: «ياق، ئەلۋەتتە ھەرىكەت قىلماق لازىم، چۈنكى ھەرىكەت قىلىنسا بەدەن قىزىيدۇ، بۇ پايدىلىقتۇر» دەر ئىدى.

ئۇ ئادەم نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى. ئاخىر ئەڭ توغرا جاۋابنى بىر ساددا دوستىدىن ئالدى:

— دەريا - ئۆستەڭلەردە چۆمۈلسەڭ، ئۆز ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ، چۆكۈپ كەتمەسلىكنىڭ ئامالىنى قىل، سالامەتلىكىڭگە قاراپ چۆمۈل.

* * *

بىر ھەزىلكەش موللا مەسخىرىۋاز كىشىگە دېدى:

— سەن ھەر دائىم مەسخىرىۋازلىق قىلىسەن، توۋا قىل، قىيامەت كۈنى پەرىشتىلەر مەسخىرىۋازلارنىڭ ئاياغلىرىنى يۇقىرىغا، باشلىرىنى پەستكە قىلىپ دوزاخقا ئىرغىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەسخىرىۋاز كۆلۈپ دېدى:
— ئۇنداقتا، قىيامەتتىمۇ مەسخىرىۋازلىق تازا ئەۋج ئالىدىكەن ـ دە!

* * *

بىر كىشىنىڭ خۇلقى يامان، تىلى ئاچچىق خوتۇنى بار ئىدى. ئۇ قاتتىق كېسەل بولۇپ قېلىپ ئېرىنى يېنىغا چاقىرىپ، يىغلامسىراپ دېدى:
— جېنىم ئېرىم، مۇبادا ئۆلۈپ قالسام، سىزنىڭ ھالىڭىز قانداق بولۇر. مەن شۇنى ئويلاپ ئەنسىرەۋاتىمەن.
— ئاھ، جېنىم خوتۇن، مۇبادا ئۆلمەي تۇزۇلۇپ قالسىڭىز، مېنىڭ ھالىم قانداق بولۇر؟ مەنمۇ شۇنى ئويلاپ قايغۇرۇۋاتىمەن.

* * *

جامائەت پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى قىلغان بىر كىشىنى ئەيىبلەپ، ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتى. ھاكىم ئۇنىڭدىن سورىدى:
— قېنى، پەيغەمبەر بولساڭ، تاپقىنا، ھازىر مەن نېمە ئويلاۋاتىمەن؟
— سىلى مېنى يالغانچى، دەپ ئويلاۋاتىدىلا. ھاكىم:
— بۇ كىشىنى زىندانغا تاشلاڭلار، پەيغەمبەرلىكى بىرئاز ئاشسۇن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ كىشىنى زىنداندىن چىقىرىپ:
— قانداق، جىبرىئىل كېلىپ بىرەر نەرسە دېدىمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشى:
— جىبرىئىل زىندانغا كىرىشتىن قورقىدۇ، لېكىن ئۇ زىنداننىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ: «ھاكىمغا ئېيت، ساڭا ئىنئام بەرسۇن» دەپ ئېيتتى، — دېدى.
ھاكىم كۈلدى ـ دە، ئۇنىڭغا ئىنئام بېرىپ، قويۇۋەتتى.

* * *

بىر قىزنىقچىدىن ئىمام سورىدى:
— شەيتاننىڭمۇ خوتۇنى بار ئىمىش، ئۇنىڭ ئېتىنى بىلەمسىز؟
— نىكاھ كۈنى يوق ئىدىم، شۇڭا كېلىننىڭ ئېتىنى بىلمەيمەن، بۇنى ئۇلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇغان ئىمام ـ دامولىلىرىڭىزدىن سوراڭ، — دېدى قىزنىقچى.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

# جۇش ۋە رېئاللىق

سەيىد ئەھمەدخان

ھارپا كېچىسى بوۋاي قاراڭغۇ ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرىدۇ. تالا بەك قاراڭغۇ، كۆكنى بۇلۇت قاپلىغان، بوران ھۇشقىيتىپ، چاقماق چېقىپ تۇرىدۇ. بوۋاينىڭ يۈرىكى ئېغىپ نەپەس ئېلىشمۇ قىيىنلىدۇ. ئۇ ئىنتايىن ئازابلىنىدۇ. لېكىن، مۇشۇ ئۆينىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن، ئۆزىنىڭ يالغۇز قالغانلىقىدىن، قاراڭغۇ كېچىدە بوران چىقىپ، چاقماق چېقىۋاتقانلىقىدىن ياكى ھارپا كېچىسى بولغانلىقىدىن ئازابلانمايدۇ. ئۇ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىدى. ئەسلىگەنسېرى ئازابلاندى، بېشىنى قاماللاپ تۇرۇپ قاتتىق يىغلىدى. ياشلىرى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلدى.

ئۆتكەن كۈنلەر كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. باللىق چاغلىرىدا غەمسىز ئىدى. كۈنجۈت كەمپۈتى ۋە تاتلىق يېمەكلىكلەرگە ئامراق ئىدى. ئۆيدىكىلەر — دادىسى، ئانىسى، ئاكىلىرى ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. تەتىل يېقىنلاشقاندا خۇشال بولۇپ سومكىسىنىمۇ ئالماي، بىرنەچچە پارچە كىتابنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ مەكتەپكە چاپاتتى. مەكتەپ يادىغا كەلگەندە ساۋاقداشلىرىنى ئويلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ تېرەن قايغۇغا چۆمدى. ئاخىر: «ئېھ ۋاقىت! ئېھ ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەر! مېنى كەچۈر، سېنى ئۇنتۇپ كەتكىنىمگە ئۇزۇن بوپتۇ» دەپ نالە قىلدى.

ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىنى ئەسلىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىل، بەدىنى بېجىرىم، كۆزلىرى ئوتلۇق، چىشلىرى ئاپپاق ئىدى. ئۈمىد بىلەن تولغان قەلبىنى شېرىن تۇيغۇلار قاپلىغانىدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ بىر كۈنلەردە ئۇنىڭغا بەرگەن تەربىيىلىرى، ئۇلارغا «ۋىيەي ۋاقىت تېخى كۆپقۇ» دېگەنلىكى، ئادەمنىڭ قېرىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانلىقى ئېسىگە كەلدى. ئۇ ئەسلىدىن پۇشايمان يېدى، ھازىرقىدەك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بالدۇرراق ئويلاپ، قەلبىنى ئىخلاس ۋە ۋىجدان بىلەن چىنىقتۇرۇپ، پۇشايمانغا قالمىغان بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى. «ئېھ! ۋاقىت ئاققان سۇدەك ئۆتۈپ كەتتى، كۈنلەر سېنى ئاياپ قويمىدى. ئەمدى پۇشايمان ئەسقاتمايدۇ. ‹ۋاقىت تېخى كۆپقۇ› دەپ ھاياتىمنى ۋەيران قىلمىسام بوپتىكەن.»

مۇشۇلارنى ئويلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، تەمتىلەپ دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ، دېرىزىنى ئېچىپ تالاغا قارىدى. قاراڭغۇدىن ئادەمنىڭ بەدىنى شۈركىنىدۇ. كۆكنى بۇلۇت قاپلىغان. بىردەم - بىردەم چېقىلىۋاتقان چاقماق يۈرەكنى لەرزىگە سالىدۇ. بوران گۈركىرەپ، غازاڭلارنى ئۇچۇرىدۇ، سۇنغان شاخلارنىڭ قاراسلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالىدۇ. ئۇ ئاخىر ۋارقىرىۋەتتى: «كۈنلىرىم مۇشۇ قاراڭغۇ كېچىدەك قورقۇنچلۇق ئۆتۈپ كېتىپتۇ!»

www.uyghurkitap.com



بۇرۇنقى ئورنىغا يېنىپ كەلدى. ۋاپات بولغان دادىسى، ئانىسى، ئاكىلىرى ۋە دوستلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى. ئانىسى يىغلامسىرىغان هالدا ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ: «بالام، ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتىغۇ» دېدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئىللىق چىرايىغا قارىدى. دادىسى ئۇنىڭغا: «بالام، ساڭا ياخشى بولسۇن ئۈچۈن بۇرۇن ساڭا دېمىگەنمىدىم؟» دېگەندەك قىلدى. ئاكا ـ ئاچىلىرى بىر چەتتە كۆز يېشى قىلىپ ئۆرە تۇراتتى. ئۇلار ناهايىتى قايغۇلۇق كۆرۈنەتتى، «ئەمدى ساڭا نېمە قىلىپ بېرەلەيمىز؟» دېگەندەك قىلاتتى.

ئەمدى ئادەتتە ئاتا ـ ئانىسىغا، ئاكا ـ ئاچىلىرىغا ۋە دوستلىرىغا پەرۋا قىلمايدىغان، ئەدەپسىزلىك ۋە يولسىزلىق قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. بىر چاغلاردا ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقانلىقىنى، خاپا قىلغانلىقىنى، ئاكا ـ ئاچىلىرىغا مۇتتەهەملىك قىلغانلىقىنى، دوستلىرىغا تۇزكۇك هېسداشلىق قىلمىغانلىقىنى، ۋاهالەنكى ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا كۆيۈنگەنلىكىنى ئويلىدى. بۇ خىياللار ئۇنىڭ پۇشايمىنىنى كۈچەيتىۋەتتى، ئۇنى ناهايىتى ئازابلىدى. ئۇ قاتتىق تولۇلاپ كەتتى: «ئېھ! كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. جازايىمنى تارتتىم».

ئۇ دەككە ـ دۈككە ئىچىدە دېرىزە ئالدىغا كەلدى. بوران سەل پەسەيگەن، چاقماقمۇ ئازايدىغانىدى. لېكىن، كېچە يەنىلا شۇنداق قاراڭغۇ ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئازراق تىنجىپ، جايىغا بېرىپ كېلىپ ئولتۇردى. ئەمدى ئۆتتۈرا ياشلىق دەۋرى يادىغا كەلدى. ئادەم ئۆتتۈرا ياشلىق بولغاندا ياش دەۋرىدىكىدەك كۆتۈرەڭگۈ روهلۇق بولمايدىكەن، هېسسىياتىمۇ ئۇنداق ئۇرغۇپ تۇرمايدىكەن. ئۇ ساۋابلىق ئىشلارنى قىلغان ۋاقىتلىرىنى يادىغا ئالدى. ئۇ روزا تۇتقان، ناماز ئوقۇغان، هەج قىلغان، سەدىقە بەرگەن، مەسچىت سالغان، قۇدۇق كولىغاندەك ئىشلار ئۇنىڭغا تەسەللىي بولغانىدى. بىلىملىك كىشىلەر ۋە ئاخۇنۇملاردىن تەلىم ئالدى. لېكىن كۆڭلى بىئارام بولۇپ يۈردى. شەخسىنىڭ تىرىشچانلىقىمۇ مۇشۇلار بىلەن چەكلىنىدىغانلىقىنى، ئاچ قالغانلارنىڭ يەنىلا ئاچ يۈرگەنلىكىنى، مەسچىتلەرنىڭ چۆلدەرەپ قالغانلىقىنى، قۇدۇقلار قۇرۇپ كەتسىمۇ هېچكىمنىڭ كارى بولمىغانلىقىنى ئەسلىدى. ئاخۇنۇمنىڭ ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە قۇلاق سالمايۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەيۋاتقانلىقىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ بىئاراملىق ئىچىدە ئويلىنىشقا باشلىدى: مەڭگۈلۈك بولمايدىغان بۇ نەرسىلەرگە شۇنچە قىلىپ كېتىپتىمەن. نېمىگە ئەسقاتتى؟ هازىر مۇشۇنداق بولۇشنى بىلگەن بولسام، شۇ چاغدىلا شۇنداق قىلارمىدىم! ئۇ ئىلاجسىزلىق هېس قىلىپ، هەسرەت بىلەن نىدا قىلدى: «ئېھ! ۋاقىت! سېنى نېمىشقا بىكار زايە قىلىۋەتكەن بولغىيتتىم!»

ئۇ خاتىرجەمسىزلىك بىلەن دېرىزە ئالدىغا بېرىپ، دېرىزىنى ئېچىۋەتتى. بوران توختىغان، بۇلۇت تارقاپ كەتكەن، يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى، ئاسمان سۈزۈك، كېچە ئانچە قاراڭغۇ ئەمەس ئىدى. ئازابلانغان دىلىغا ئارام بېرىش ئۈچۈن، يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان ئاسمانغا قارىدى. جاهاننىڭ بىر چېتىدىكى نۇر چاقناۋاتقان جايدا يېڭى تويى بولغان كېلىنىدەك چىرايلىق جابدۇنغان قىزنى كۆرۈپ قالدى، زەن قويۇپ قارىدى. هېلىقى قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ قىز ناهايىتى زىلۋا، جەلپكار ئىدى. ئۇ سورىدى:

— كىم بولىسىز؟

— ياخشىلىق يېتەكچىسىمەن.

— سىزنى بويسۇندۇرۇشۇمغا ئىلاج تېپىلامدۇ؟

— تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىلاجى ناھايىتى ئاسان ھەم ناھايىتى قىيىن. ئاللاھقا بولغان تەقۋادارلىقنى ئادا قىلغان، ئىنساننىڭ بەختى ئۈچۈن تىرىشقان ئادەملەر مېنى بويسۇندۇرالايدۇ. دۇنيادىكى ھەرقانداق شەيئى مەڭگۈلۈك ئەمەس، پەقەت ئادەملا مەڭگۈ مەۋجۇت بولالايدۇ. لېكىن، ئۇنداقلارمۇ ئىنساننىڭ بەختى ئۈچۈن تىرىشقانلار بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئۇلار ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆپىيىپ بارىدۇ. ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش ۋە سەدىقە بېرىش ئىنسانغا خاس ئەمەل. ئادەمنىڭ ئۆلۈمى ھەممە شەيئىلەرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ماددىي نەرسىلەر ئۇزۇن مەۋجۇت بولالمايدۇ. لېكىن، ئادەمنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ئاخىرغىچە مەۋجۇت بولىدۇ. مەن ئادەمنىڭ روھىمەن، مېنى بويسۇندۇرماقچى بولغان ئادەم ئىنساننىڭ بەختى ئۈچۈن تىرىشىشى، ھېچبولمىسا ئۆز مىللىتىنىڭ بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىم.

ھېلىقى قىز مۇشۇ گەپلەرنى قىلىپ، كۆزدىن غايىب بولدى. بوۋاي بۇرۇنقى ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىنى يەنە بىر قېتىم يادىغا ئالدى. ياش ۋاقتىدا ئىنساننىڭ ۋە مىللىتىنىڭ بەختى ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلمىدى. قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۆز مەقسىتىنى كۆزلىدى؛ ئاللاغا پارە بەرگەندەك، بەزى ياخشى ئىشلارنى ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا ئىگە بولۇش نىيىتىدە قىلدى. مىللەتنىڭ بەختىنى كۆزلەيدىغان مەقسەتتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى.

خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە ھېلىقى ياخشىلىق يېتەكچىسى ئۇچراشقانلىقىنى يادىغا ئېلىپ، كۆڭلى غەش بولدى. ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىغا قاراپ بېقىپ، كەلگۈسى قىلىدىغان ئىشلىرىدىنمۇ ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ پەرىشان ھالدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، تۇۋلاپ كەتتى: «ئېھ ۋاقىت، ۋاقىت! سېنى ياندۇرۇپ كېلەلەمدىم؟ ئەگەر تۇتاملاپ پۇل بېرىپ ۋاقىتنى كەينىگە ياندۇرالىغان، ياشلىقىمغا قايتىپ قالغان بولسام، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!» ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ئېغىر ئۇھ تارتتى ـ دە، يۈرىكى مۇجۇلغاندەك بولۇپ، ھوشىدىن كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدە يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلاندى، مېھرىبان ئانىسى ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندى. ئانىسى ئۇنى سۆيۈپ قويۇپ، چىراغنى ياقتى. دادىسى، ئۇكىلىرى، سىڭىللىرىنىڭ ئۆزىنىڭ چۆرىسىدە تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئانىسى ئۇنىڭغا گەپ قىلدى:

— بالام، نېمىشقا شۇنچە ئۆزۈڭچە يىغلايسەن، كۆڭلۈڭدە بىرەر ئىش بارمۇ؟ يىغلاۋېرىپ بولۇپ كەتكىنىڭگە قارا، ئورنىڭدىن تۇر، يۈزۈڭنى يۇغىن. كىيىملىرىڭنى يەڭگۈشلەپ، يېڭى يىلنى خۇشال ـ خۇرام تەبرىكلە، ئىنى ـ سىڭىللىرىڭ سېنى ساقلاۋاتىدۇ!

بالا ئويغاندى. باياتىن چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلدى. ئۇ چۈشىدە قېرىپ كېتىپتىمىش. ئۇ كۆرگەن چۈشىنى ئانىسىغا ئەينەن سۆزلەپ بەردى. ئانىسى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

— بالام، پۇشايمان يېگەن بوۋايدەك ياشىما. ھېلىقى چىرايلىق قىزنىڭ دېگەنلىرىدەك قىل.

بالا ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئىنتايىن ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— مانا بۇ ھاياتىمدىكى تۇنجى كۈن. ھەرگىز ھېلىقى بوۋايدەك پۇشايمان يېمەيمەن. چۈشۈمدە كۆرگەن ھېلىقى چىرايلىق قىز بىلەن مۇھەببەت باغلايمەن. ئى ئاللاھ! ماڭا مەدەت

بەرگەيسەن!

قەدىرلىك ياش قېرىنداشلىرىم! مىللىتىمىزنىڭ باللىرى! چوقۇم مىللەتنىڭ بەختى ئۈچۈن تىرىشىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار ھېلىقى بوۋايدەك پۇشايماندا قالمايسىلەر. بىزنىڭ ۋاقتىمىز ئاخىرلىشىپ قالدى. ئاللاھقا دۇئا قىلىمىز. ياشلار، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىڭلار! ئامىن!

قىسقىچە تەھلىل:

بۇ ئەسەردە بالىنىڭ چۈشى تەسۋىرلىنىپ، ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەرنى ئەسلەش ئارقىلىق، ۋاقىتنىڭ ناھايىتى تېز ئۆتۈپ، ئادەمنى ساقلاپ تۇرمايدىغانلىقىنى، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئادەم قېرىغاندا پۇشايمان يەپ ئازابلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنىپ، مۇئەللىپنىڭ ئاللاغا بولغان چەكسىز سادىقلىقى ۋە مىللەتنىڭ ئىشلىرىغا بولغان چەكسىز كۆيۈنۈشى ئىپادىلەنگەن. مىللەتنىڭ باللىرى چوقۇم مىللەتنىڭ بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىلغان.

چۈش ئارقىلىق ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى يېزىش پۈتكۈل ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ مېغىزى. چۈشتىكى كۆرۈنۈشلەر ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئەسەردىكى بالا چۈشىدە بوۋاي بولۇپ قالىدۇ. تالا قورقۇنچلۇق قاراڭغۇ بولۇپ، كۆكنى بۇلۇت قاپلىغان، بوران چىقىپ، چاقماق چېقىلىۋاتقان ھارپا كۈنى كېچىسى بوۋاي قاراڭغۇ ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىنى ئازاب ئىچىدە ئەسلەيدۇ. ئۇ كىچىكىدە غەمسىز ياشىغان، ياشلىق دەۋرىدە ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىپ، تىرىشمىغان، ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە ساۋابلىق ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، مىللەتنىڭ ھالىنى ئۆزگەرتەلمەي ئازابلىنىپ ئۆزىنى ئەيىبلىگەن. ئاخىر چۈشىدىكى روھ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن، ھېچبولمىغاندا ئۆز مىللىتىنىڭ بەختى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن كۈرەش قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەسەرنىڭ ئاخىرى پوئېزىيىلىك ۋە رومانتىك تۈس ئالغان. ئەسەرنى يېزىلغان ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن باغلىغاندا، بۇ روشەنكى، مۇئەللىپنىڭ ئەينى چاغلاردىكى كۆڭۈل مۇساپىسىنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەسەر پېرسوناژلار پسىخىكىسى چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن، ئەسەرنىڭ قاتلاملىرى ئېنىق، پېرسوناژنىڭ كەيپىيات ئۆزگىرىشىدىكى لوگىكىلىق خۇسۇسىيەت كۈچلۈك. ئىنسانىيەت ۋە مىللەتنىڭ ھەققانىي ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلماي ئۆتكۈزۈۋەتكەن كۈنلەر پۈتۈن ئەسەرگە سىڭدۈرۈلۈپ، باشتىن - ئاخىرىغىچە لىرىكىلىق نەپىس روھ ئىپادىلەنگەن. قورقۇنچلۇق قاراڭغۇ كېچە، بۇلۇت قاپلىغان ئاسمان، يۈرەكنى تىترىتىدىغان چاقماقتىن تارتىپ بوراننىڭ توختىشى، بۇلۇتلارنىڭ تارقاپ كېتىشى، ئاسماننىڭ سۈزۈلۈپ، يۇلتۇزلارنىڭ چاقنىشى قاتارلىق مەنزىرىلەرنىڭ تەسۋىرى چۈش تۈسىنى قويۇقلاشتۇرۇش، پېرسوناژنىڭ روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش، مۇئەللىپنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇللاجان كېرەم

(لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى 2001 - يىلى 3 - ئايدا نەشر قىلغان «مەشھۇر مۇسۇلمان يازغۇچىلار ئەسەرلىرى ۋە ئۇلار ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى).

# تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە

## بارتولد

### تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىل ئابدۇقادىر

## تۆتىنچى لېكسىيە (ئەسلىي كىتاب 59 ـ 78 ـ بەتكىچە)

بۇددا دىنى (ئوتتۇرا ئاسىيادىن) ئىزسىز يوقاپ كەتمىدى. دەل بۇددا دىنىدىكى ۋىخار (wihar) (گېلىڭ شىمىن: بۇتخانا دېگەن مەنىدە) غا تەقلىد قىلىنىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئالىي دىنىي مەكتىپى مەدرىسە مەيدانغا كەلدى. بۇ خىل مەكتەپلەر ئەڭ دەسلەپ ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى چەت جايلاردا بارلىققا كەلدى، كېيىن يەنى 11 ـ ئەسىرلەردە ئاندىن ئىراننىڭ غەربى ھەم باغدات خەلىپىسىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدە بۇ خىل مەكتەپلەر قۇرۇلدى. بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن بەلخ ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن مەدرىسەلەر بارلىققا كەلدى.

10 ـ ئەسىردە قۇرۇلغان مەدرىسەلەر ھازىر بىلىشىمىزچە پەقەت خۇراسان ھەم ماۋەرائۇننەھردىلا بار ئىدى. ئۇ ئىسلام دىنىنى تارقىتىشتىكى كۈچلۈك بازا بولۇپ، سامانىي سۇلالىسى بۇرۇنقى ئىسلام ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سىياسەتلىرىگە قارشى تۇرۇپ، يايلاقتا ھۇجۇم قىلىپ كۈچ ئىشلەتتى. 893 ـ تالاس (ياكى تاراز، ھازىرقى جانبۇر شەھىرى) ئىسلام كۈچلىرى تەرىپىدىن ئىگىلەنگەندىن كېيىن، ئۇ جايدىكى چىركاۋلار مەسچىتكە ئۆزگەرتىلدى (نور شاھ: «بۇخارانىڭ تارىخى ھەم جۇغراپىيىلىك قىستۇرما بايانلىرى»، شىيفىر تەرجىمە قىلغان نۇسخا، 84 ـ بەت). بۇ بىر نۇقتا ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى بۇ يەردە خرىستىئان دىنى تاقىلىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

سوغدىلار ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى تۈرك يايلاقلىرىنىڭ ئېچىلىشىدا ناھايىتى زور رول ئوينىغان. ئىسلام دىنى ماۋەرائۇننەھر ئاھالىسىنىڭ دىنىغا ئايلانغاندا، ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرى سوغدىلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا جېند (jend)، خۇۋارا (Huvara) ھەم يېڭى كەنت (yangikent) تىن ئىبارەت ئۈچ ئىسلام دىنى شەھىرى قۇرۇلدى. (يېڭىكەنت، ئەرەبچىدە al—karya al—hadita دېيىلسە، پارسچىدا Dihinu، تۈركچىدە يېڭى كەنت دېيىلىدۇ. كەنت تۈرك تىلىغا سوغد تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزدۇر). بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت يېڭى كەنتنىڭ ئورنىنىلا ئېنىق بېكىتكىلى بولىدۇ. يەنى ئۇنىڭ خارابىسى ھازىر جانكەنت (jankent) دەپ ئاتىلىدۇ. سامانىي سۇلالىسى ئىگىلىگەن ئەندۇلۇس شەھىرى ھەم تىنچلىق ئاچقۇچىلار قۇرغان يېڭى كەنت مەركىزىي ئاسىيانىڭ سودا پائالىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇ يەردىن ئېرجىس دەرياسى، خەنزۇچە ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنمىگەن كىجماكلار (kjmak) زېمىنىغا تۇتىشىدىغان سودا يولى بار ئىدى (تۈركچىدە كىماك دېيىلىشى كېرەك، «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 2 ـ توم، 1085 ـ بەتكە قاراڭ)، كىجماكلاردىن قىپچاق قەبىلىسى بۆلۈنۈپ چىققان (يۇقىرىقى كىتاب 1099 ـ بەت).

---

(1) گېلىڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ نېمىسچىدىن ئىشلىگەن خەنزۇچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى، بېشى ئالدىنقى ساندا.

خازارلار دۆلىتى تاكى يوقالغۇچە يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. خازارخان ھەم ئۇنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى تەخمىنەن 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە بۇ دىننى قوبۇل قىلغان (ھارۇن رەشىد دەۋرىدە).

ئەپسۇسلىنارلىقى يەقەت باغداد يىلنامە تارىخىدىلا (تونجى قېتىم ئىبىن مىسكۇۋەيھنىڭ كىتابىدا ئۇچرايدۇ ئۇچراتقان، «ئاباس خەلىپىلىكىنىڭ يىمىرىلىشى» دېگەن كىتابىنىڭ 2 ـ تومىغا قاراڭ، ئەسلى 5 ـ كىتاب 181 ـ بەت، تەرجىمە نۇسخىسى 196 ـ بەت. ئۇنىڭ دەسلەپكى تارىخىي ماتېرىيالى ئىبىن مىسكۇۋەيھنىڭ كىتابىدىكى باشقا ئەھۋاللارغا ئوخشاشلا ئاللىبۇرۇن يوقاپ كەتكەن تابىت ئىبىن سىناننىڭ ئەسىرىدىن كەلگەن، ئۇنىڭدا ھىجرىيە 295 ـــ 363 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى ئىشلار بايان قىلىنغان). 960 ـ يىلى 200 مىڭ ئۆيلۈك تۈركنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. بىراق بۇ ئەھۋال سامانىي سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان ئەسەرلەر ھەم ئەرەب جۇغراپىيە ئەسەرلىرىدە ئۇچرىمايدۇ. بۇ بىر نۇقتا بۇ تارىخىي ۋەقەنىڭ ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇ بايانلاردا شۇ تۈركىي قوۋمنىڭ نامى ھەم تۇرۇۋاتقان ئورنى بايان قىلىنمىغان. پەقەت كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردىلا (بۇنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ۋارىيانتى ساقلىنىپ قالغان 14 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئەسەر، جامال قارشىنىڭ ئەسىرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى، بارتولدنىڭ «تۈركىستان» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1 ـ تومى، 130 ـ بەتكە قاراڭ، بولۇپ، ئۇ 11 ـ ئەسىردىكى باشقا بىر ئەسەردىن نەقىل ئېلىنغان) تۈرك خاقانى سۇتۇق بۇغراخان ئابدۇل كەرىمنىڭ ئالدى بىلەن خەلقىگە باش بولۇپ، ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغانلىقى بايان قىلىنغان (سۇتۇق بۇغراخان 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى سامانىي سۇلالىسىنى بويسۇندۇرغان ھەم ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام تۈرك ئېلىنى، يەنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان ئوردا ئەزالىرىنىڭ بىرى). بۇ ئەڭ قەدىمكى ۋارىيانتتا بۇغراخان ھەم ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىغا ئالاقىدار خاتىرىلەردىمۇ قويۇق ئەپسانىۋى تۈس بار. كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»دە بۇ خىل ئەپسانىۋى تەركىبلەر تېخىمۇ كۆپ.

سۇتۇق بۇغراخان قۇرغان بۇ خانلىقنى قايسى تۈركىي قەبىلە قۇرغانلىقى ئېنىق ئەمەس. رۇسىيىدىكى گرگورىيېف (Grgoriev) دىن باشلاپ، بۇ خانلىق بۇغراخاننىڭ يەنە بىر نامى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى دەپ ئاتىلىپ كەلدى. ئەمما ياۋروپادا دائىم ئىلىكخان دېگەن نام قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بىراق، ئىلىك دېگەن بۇ سۆز كۆپىنچە خان بىلەن بىللە قوللىنىلمايدۇ، شۇنداقلا بۇ خانلىقنىڭ بارلىق خانلىرى ئۆزىنى ئىلىك دەپ ئاتىمىغان. بۇ مەسىلە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسىرى بايقالغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ھەل بولمىدى. چۈنكى، مەھمۇد قەشقەرى ئەسىرىنى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە يازغان بولۇپ، ئۇ ئۆتمۈشتىكى ئىشلار ئۈستىدە كۆپ توختالمىغان.

960 ـ يىلىدىن كېيىنمۇ ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىرىمۇ سامانىي سۇلالىسىنىڭ شەرقىدە بىر ئىسلام تۈرك خانلىقىنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەن، بۇ ئۇلار بىلىمىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كىتابتىن كەلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. 9 ـ، 10 ـ ئەسىردىكى ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىرى بىزگە ئاددىي بىر ئۇمۇمىي بايان (تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ جايلىشىشى) قالدۇرغاندىن باشقا، ئەرەب تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى ئەھۋال تېخىمۇ مۇرەككەپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى خىل پارسچە ئەسەر ساقلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ھىجرىيە 372 (مىلادىيە 983 ـــ 982) ـ يىلىدىكى يازغۇچىسى نامەلۇم ئەسەر «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم»، يەنە بىرى 1040 ـ يىللىرىدىن كېيىن كىتاب قىلىنغان گەردىزىنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرى، بۇ ئىككى ئەسەردىكى ماتېرىيال بىردەك ئەمەس، شۇنداقلا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ كىتابىدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بۆلۈنۈشىگە ئالاقىدار ماتېرىياللار بىلەنمۇ بىردەك ئەمەس.

«ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» ھەم گەردىزىنىڭ ئەسەرلىرىدىن 10 ـ ئەسىردە ئەرەب

جۇغراپىيىسىدە، قارلۇقلارنىڭ زېمىنى دەپ خاتىرىلەنگەن بىر قىسىم جايلارنىڭ ئاللىبۇرۇن ياغمىلار (توققۇز ئوغۇزلارنىڭ باشقا بىر قىسمى) تەرىپىدىن ئىگىلەنگەنلىكىنى بىلىمىز. ياغمىلار قەشقەر ھەم نارىن دەرياسىنىڭ (سىر دەرياسىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى) جەنۇبىدىكى يەتتەسۇ رايونىنىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن بولۇپ (بىراق جاھىزنىڭ توققۇز ئوغۇزلار مانى دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن قارلۇقلار بىلەن ئۇرۇشسا دائىم قارلۇقلار يېڭىۋالاتتى دېگىنى بۇنىڭ بىلەن زىت)، قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن قەشقەر زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. خاننىڭ تۇرىدىغان ئورنى ئوردۇكەنت («خان پايتەختى» دېگەن مەنىدە، بۇ بىر نۇقتىنى مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا تىلغا ئالغان، 1 ـ توم، 288 ـ بەت). بۇنداق بولغاندا تەبىئىي ھالدا تۆۋەندىكى خۇلاسىگە ئېرىشىمىز: قەشقەرنى ئىگىلىگەن قەبىلە دەل قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، توققۇز ئوغۇزلارغا مەنسۇپ بولغان ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەبىلىسى بولغان ياغمىلار قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان. مەھمۇد قەشقەرى بۇ بىر نۇقتا ئۈستىدە تەپسىلىي توختالمىغان، ئۇ پەقەت ياغمىلارنىڭ شۇ دەۋردە ئەڭ شىمالدا ئولتۇراقلاشقانلىقى، يەنى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى بىر قەبىلە ئىكەنلىكىنىلا ئېيتقان. مەھمۇد قەشقەرى يەنە ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ئۇنىڭدىن باشقا تۈركىي قەبىلىلەردىن توخسى ھەم چىگىل (çigil)، يۇقىرىقى كىتاب، 330 ـ بەت) لارنىڭ بارلىقىنى بايان قىلغان. ئەمما، بۇ قەبىلىلەر «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» ھەم گەردىزىنىڭ ئەسەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، جەنۇب تەرەپكىرەك جايلاشقان. پارس يازغۇچىلىرىنىڭ دېگىنىگە ئاساسلانغاندا توخسىلار چۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي رايونىغا، چىگىللار بولسا ئىسسىق كۆلنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا ئولتۇراقلاشقان. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن چىگىل دېگەن بۇ نام 11 ـ ئەسىردە نۇرغۇن تۈركىي قەبىلىلەرنى ئاتاش ئۈچۈن قوللىنىلغان. سالجۇقلار سۇلتانى مەلىكشاھنىڭ ماۋەرائۇننەھرنى بۇلاپ ـ تالىغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىسىدىن كىشىلەرنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىنى چىگىللاردىن تەشكىللەنگەن دەپ قارىغانلىقىنى بىلىۋالايمىز. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دېگىنىگە ئاساسلانغاندا، ئوغۇزلار ئامۇ دەرياسىدىن جۇڭگوغىچە بولغان رايونلاردىكى بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنى چىگىللار دەپ ئاتىغان. قاراخانىيلار سۇلالىسىنى بەلكىم شۇلار قۇرغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ بىر نۇقتا چىگىللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى رولىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىراق، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ كىتابىدىن بۇ پەرەزگە پايدىلىق بىرەر ماتېرىيال تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇ چىگىل دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئوغۇزلاردىكى مەنىسىنى يېشىپ مۇنداق دەيدۇ: چىگىل شەھىرى (بۇ جايدا چىگىللارنىڭ بىر تارمىقى ئولتۇراقلاشقان) تالاسنىڭ يېقىن ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، ئوغۇزلار ئاللىبۇرۇن ئەڭ غەربكە جايلاشقان بۇ جاينىڭ شەرق تۈركلىرىگە مەنسۇپ بىر شەھەر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. چىگىللارنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى تارمىقى قەشقەرگە يېقىن ئىككى كەنتتە ھەم ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا، يەنى قۇياش شەھىرى رايونىدا (موڭغۇللار دەۋرىدە ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان بۇ شەھەر چاغاتاي ھەم ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ پايتەختى بولۇش بىلەن داڭلىق) ئولتۇراقلاشقان. قارلۇقلار توغرىسىدا مەھمۇد قەشقەرى ئۇلار بىر كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە، كىشىلەر ئۇلارنى (ئوغۇزلارغا ئوخشاش) تۈركمەن دەپ ئاتايدۇ، دەيدۇ («دىۋان»، 1 ـ توم، 393 ـ بەت). «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» دە ھەم گەردىزى (بۇ جايدا ھارۇن دەپ يېزىلغان) قارلۇقلار توغرىلىق ئۇلارنى ئىسلام رايونىنىڭ ئەڭ يېقىن قوشنىسى، يەنى تالاسنىڭ شەرقىدە دەيدۇ، ئۇلارغا تەۋە رايونلاردىن شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم شەھەرلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە pengul (خەنزۇچە 温宿، يەنى بۈگۈنكى ئۇچتۇرپان ئەتراپىدا) مۇ بار ئىدى. «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» دە بۇ شەھەر قارلۇقلار يېرىگە جايلاشقان، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانى توققۇز ئوغۇزلاردىن دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنلا بۇ جاينى قىرغىزلارنىڭ ئىگىلىۋالغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە بار («ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» دىكى

www.uyghurkitap.com



خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قىرغىزلار 10 ـ ئەسىردىلا ھازىرقى ئولتۇراق رايونىغا كېلىپ بولغان، بىراق بۇ بىر نۇقتا باشقا تارىخىي ئەسەرلەردە ئۇچرىمايدۇ). «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قەشقەر قارلۇقلار، توققۇز ئوغۇزلار ھەم قىرغىزلار چېگرىلىنىدىغان يەرگە جايلاشقان. قارلۇقلارنىڭ شىمالىغا كۆچكەنلىكى توغرىسىدا (خۇددى ياغما ھەم چىگىللارغا ئوخشاش) مەھمۇد قەشقەرى بىر نەرسە دېمىگەن. بىراق، چىڭگىزخان دەۋرىدە ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا ئالىبۇرۇن قارلۇقلارنىڭ ئولتۇراقلىشىپ بولغانلىقىنى بىلىمىز.

شۇنداق ئېكەن، قارلۇق، ياغما، چىگىلدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ تۈركىي قەبىلىنىڭ ئوخشاشلا قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرۇش ئېھتىماللىقى بار. يەنە كېلىپ مەھمۇد قەشقەرى ئۇلارنى ئوخشاشلا تىلغا ئالغان. بىراق قايسى بىرىنىڭ ئىككىسىگە قارىغاندا قاراخانىيلار سۇلالىسىگە تېخىمۇ يېقىن تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتمىغان. قىزىقارلىقى كىشىلەر قارلۇقلارنى تۈركمەن (ئوغۇزلارغا ئوخشاش) دەپ ئاتىغان. بۇ سۆزنىڭ (تۇنجى قېتىم 10 ـ ئەسىردە كۆرۈلگەن) مەنبىئى ئېنىق ئەمەس. پارسچىدىن كەلگەن (تۈركمەند، «تۈركلەرگە ئوخشاش» دېگەن مەنىدە، بۇ بىر قاراشمۇ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ كىتابىدا ئۇچرايدۇ) دېگەن قاراشمۇ ئىشەنچلىك ئەمەس. ئەمما، شۇ نەرسە ئېنىقكى، تۈركمەنلەرنىڭ بەدەن شەكلى ئادەتتىكى تۈركلەرگە ئوخشىمايدۇ، بەلكى ئىرانلىقلارغا تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ.

قارلۇقلارنى ئوغۇزلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلار ئىران مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە تېخىمۇ كۆپ ئۇچرىغان. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلار باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا ئىران مەدەنىيىتىگە تېخىمۇ يېقىن ئىدى.

12 ـ ئەسىردە كىشىلەر يەتتە سۇ ۋادىسىدىكى بالاساغۇننىڭ ھۆكۈمرانى (قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن كېلىپ چىققان) تۈركمەن ئىدى، دەيدۇ. بۇ بىر پاكىت قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قارلۇقلار قۇرغان دېگەن قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

بالاساغۇن شەھىرى توغرىسىدا پارسلارنىڭ ۋەزىرى نىزامۇل مۇلۇك (مەھمۇد قەشقەرى بىلەن دەۋرداش) مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان: «بۇ شەھەر 940 ـ يىللىرىلا ئىسلام دىنى شەھىرى ئىدى، كېيىن دىنسىزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن غازات قىلىنغان».

قارلۇقلار ياغمىلاردىن بۇرۇنلا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ياغمىلار قارلۇقلار زېمىنىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن (بۇنىڭ ئىچىدە چۇ دەريا ۋادىسى بار، بالاساغۇن شەھىرى مۇشۇ يەرگە جايلاشقان)، ئۇلارنىڭ خانى قارلۇقلارنى دوراپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. بىراق، بۇ بىر نۇقتا تېخى ئىسپاتلانمىغان.

سۇتۇق بۇغراخان («ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 1 ـ توم، 803 ـ بەت) بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان تۈرك خاقانى. ئۇ قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى، ئۇنىڭ قەبرىسى بۈگۈنكى ئاتۇشتا. بۇغراخانغا دائىر ئەڭ قەدىمكى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇ ھىجرىيە 344 (مىلادىيە 955 ـــ 956) ـ يىلى ۋاپات بولغان. بۇ بىر نۇقتا تۈركلەر 960 ـ يىلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان دېگەن تارىخىي ماتېرىيالغا زىت كېلىدۇ. ئەمما، 960 ـ يىلى بىر قىسىم تۈركلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغانلىقىغا دائىر خاتىرە باغدادلىق تارىخچى تابىت ئىبىن سىناننىڭ (مۇشۇ دەۋرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يېزىلغان) كىتابىدا ئۇچرايدۇ. بۇ قاراش يىلنامىلىرى خاتا، ئەپسانە تۈسى قويۇق بولغان سۇتۇق بۇغراخان توغرىسىدىكى رىۋايەتكە سېلىشتۇرغاندا، تېخىمۇ ئىشەنچلىك.

10 ـ ئەسىردە سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا ئولتۇراقلاشقان بىر قىسىم ئوغۇزلارمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# يىراق ئەلدىن سىرلىق ماكانغا كەلگەن «تاۋاپ» چىلار

## چەت ئەللىك شىنجاڭغا ئۆتكەن تەكشۈرۈش ئەترىتى توغرىسىدا

ئەركىن شېرىپ

19 ـ ئەسىردە، بولۇپمۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئەنگلىيە، رۇسىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تەسىر كۈچى يىراق شەرق، ئوتتۇرا شەرق، يېقىن شەرقتىكى ھەرقايسى جايلاردا مۇستەملىكىگە ئېنتىلىش، بازار تالىشىش، سودا يولى ئېچىش، دىن تارقىتىش، ساياھەت قىلىش، ئىلمىي تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت خىلمۇخىل ۋاستىلەر ئارقىلىق ناھايىتى تېز كېڭەيگەن. ئۇلارنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى جۇغراپىيە جەھەتتە دېڭىز ـ ئوكيان، ساھىل ـ قىرغاق، قۇرۇقلۇق ـ تۇزلەڭلىك، تاغ ـ ئېدىر، دەريا ـ ئېقىن، كۆل ـ سازلىق، ھاۋا ـ ئىقلىم، يەر شەكلى، دەرەخ ـ ئورمان، ئوتلاق ـ يايلاق، كان ـ بايلىقلار؛ ئىجتىمائىيەت جەھەتتە ئۇرۇق ـ ئىرق، تىل ـ يېزىق، ئىز ـ تارىخ، دىن ـ ئېتىقاد، خارابە ـ يادىكارلىق، ئىقتىساد ـ سىياسى، سودا ـ سانائەت، كەسىپ ـ ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ناپولېئون ئافرىقىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مىسىرغا باستۇرۇپ كىرگەن (مىلادىيە 1798 — 1801) دىن بۇيان، ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئىمپېرىيىلەر تەكشۈرگۈچى (ئېكسپېدىتسىيىچى) لەرنى تەشكىللەپ، ئافرىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى كېزىپ چىققان. ئۇلار مىسىردا قەدىمىي جايلارنى سىستېمىلىق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈپ، شەرق كلاسسىك ئەسەرلىرىدە خاتىرىلەنگەن نۇرغۇن خاتا قاراشلارغا خاتىمە بەرگەن.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئەنگلىيە، رۇسىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ دىپلوماتىيە كۈچى، ھەربىي ۋە سىياسىي ئارقا كۈرۈنۈشى، دىن جەمئىيىتىنىڭ ئالاقىسىدىن پايدىلىنىپ، تەكشۈرگۈچىلەرنى مەركىزىي ئاسىيا رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ، موڭغۇلىيە ۋە تىبەتلەرگە، بولۇپمۇ شىنجاڭ رايونىغا كەينى ـ كەينىدىن ئەۋەتكەن.

فرانسىيىلىك شەرقشۇناس پائول پېللىئوت (Paul Pelliot) ئاشۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئۇرۇمچىدە دۈنخۇاڭدىكى تاش غاردا نۇرغۇن قەدىمىي نومىلار بايقالغانلىقى خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇ يەرگە بېرىپ قەدىمىي يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نىيىتىگە كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دەرھال دۈنخۇاڭغا ئاتلىنىپ، ئۇ يەردىكى مىڭئۆيلەرنى ساقلايدىغان راھىب ۋاڭ يۈەنلۇنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ، نۇرغۇن قەدىمىي نوم قول يازمىلىرىنى ئېلىپ كەتكەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇ ئېرىشكەن ئۇيغۇرچە پۈتۈكلەرنى تۈزۈپ «پېللىئوت ۋە ئۇيغۇرچە پۈتۈكلەر» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان. بۇ كىتاب جەمئىي ئون ئالتە نومۇر، جۈملىدىن P. 3509 نومۇرلۇق «ياخشىلىقنى قايتۇرۇش نومىنى نوملاش» 80 بەت ئىدى. س. خۇئارت

www.uyghurkitap.com



(C. Huart)، پېللىئوت، ۋ. باڭ (W. Bang) قاتارلىقلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت مۇھاكىمە قىلىشى ئارقىلىق، ئاخىر خامىلتون (J. Hamilton) ئۇلارنى قايتىدىن رەتلەپ «دۇنخۇاڭدىكى ئۇيغۇرچە قول يازمىدىكى مۇنكىر - نەكىر خانزادىسىنىڭ بوددا ھېكايىسى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزگەن. 1971 - يىلى پارىژ دۆلەتلىك پەن تەتقىقات مەركىزى ئۇلارنى ئۇيغۇر ئەلچىسى دۇنخۇاڭدا تەرجىمە قىلغان نوملاش تۈرىدىكى ئەدەبىي ئەسەر، 10 - ئەسىردىكى دۇنخۇاڭ، تۇرپان ئىككى جايدىكى خەنزۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاقىسىنى تەتقىق قىلىدىغان تارىخىي پاكىت دەپ قارىغان.

1890 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستان ھۆكۈمىتى كاپىتان باۋۇر (Baur) نى شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن. ئۇ كۇچا ئەتراپىدا قېيىن قوۋزىقىغا پۈتۈلگەن نومنى تاپقان، كېيىن ئەنگلىيىلىك ئالىم ر. خورنىل (R. Hoernle) نىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىچە، ئۇ نوم پۈتۈكلىرى 4 — 5 - ئەسىرلەردە پۈتۈلگەن قەدىمىي يازما پۈتۈك ئىكەن. بۇ پۈتۈك ياۋروپادىكى شەرقشۇناسلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان.

1890 - يىلى كاتتا سانائەتچى ئا. نوبېل (A. Nobel) نىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى بىلەن شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن (Sven Hedin) باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتى رۇسىيىنىڭ شەرقىدىكى كىچىك شەھەر ئوش ئارقىلىق شىنجاڭغا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە كەلگەن. ئۇ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن «ئاسىيانى كېزىش» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان. 1893 - يىلى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سۋېن ھېدىن باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتى شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتىم كېلىپ، تارىم رايونىنى نۇقتىلىق تەكشۈرگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن پامىر ئېگىزلىكىنى بىر يىلدىن ئارتۇق تەكشۈرگەن. ئۇ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن يەنە «1899 — 1902 - يىللىرىدىكى مەركىزىي ئاسىيانى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى» (جەمئىي سەككىز توم) نى يېزىپ چىققان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «تارىم»، «لوپنۇر» قاتارلىق قىسمى خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

1899 — 1920 - يىللىرى سۋېن ھېدىن شىنجاڭغا ئۈچىنچى قېتىم كېلىپ، لوپنۇر، تارىم رايونىنىڭ يەر شەكلى، تاغ - ئېقىنلىرىنى خەرىتىگە ئېلىپ، ئېكولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى، جۈملىدىن ئىز - خارابە، يەر تۈزۈلۈشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماتېرىياللارنى توپلىغان ھەمدە كروران قەدىمىي شەھىرىنى بايقىغان. ئۇ سەككىز يىللىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن، يەنە «چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىش» (خەنزۇچە نامى «سەپەر خاتىرىسى»)، «خان شەھىرى رېخي»، «يىپەك يولى»، «ئاتلىق قاچقۇن» (خەنزۇچە نامى «ما جۇڭيىڭنىڭ قېچىشى»، ئۇيغۇرچە نامى «قاچقۇن ما جۇڭيىڭ»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشرى)، «كۆچمە كۆل» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان. ئۇلاردىن باشقا يەنە «ئاسىيا كىندىكىدىكى سەككىز يىللىق تەكشۈرۈش» (ئەسلىي نامى «ئاسىيا كىندىكىگە سەپەر») (ئۈچ توم)، «مەركىزىي ئاسىياغا قايتىش»، «مېنىڭ تەكشۈرۈش ھاياتىم» قاتارلىق ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇرغان.

1891 - يىلى رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى د. ئا. كلېمېنتس باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتىنى تۇرپانغا ئەۋەتكەن. ئۇلار تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، پازىېرىق مىڭئۆيلىرىنى سىزىش جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيا براھمى يېزىقى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدا ماۋزۇ قويۇلغان تام رەسىملىرىنى بايقىغان. ئۇلار ئېلىپ كەتكەن بىرنەچچە سانسكرىتچە ۋە ئۇيغۇرچە پۈتۈلگەن نومنىڭ ھەممىسى ھىنايانا نوملىرىنىڭ

دەسلەپكى ئۇيما نۇسخىلىرى ئىكەن. كلېمېنتس «1898 - يىلى سانكت پېتېربۇرگ رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تۇرپاننى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ مەلۇماتى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. 1906 — 1907 - يىللىرى ئا. ئى. كوكانوۋسكىي (A. I. Kokhanovsky) باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتى يەنە تۇرپانغا كېلىپ، سامان قەغەزگە يېزىلغان بىر پارچە سانسكرىتچە قول يازما، توققۇز پارچە خەنزۇچە قول يازما، ئىككى پارچە تۈبۈتچە قول يازما ۋە چاپ نۇسخا، بىر پارچە موڭغۇلچە چاپ نۇسخا، ئۈچ پارچە ئۇيغۇرچە قول يازما، ئىككى پارچە ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە ئىككى تىللىق ۋەسىقە ھەمدە بىرنەچچە پارچە سوغدىچە مانى دىنى پۈتۈكىنى تاپقان. 1907 — 1909 - يىللىرى رۇسىيە پ. ك. كوزلوف (P. K. Kozlov) باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتىنى ئىچكى موڭغۇلدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن. ئۇلار 1908 - يىلى نىڭشيانىڭ شىمالىدىكى قاشنۇر دېگەن جايدىكى ئېتزىنغول دەرياسى ۋادىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئاڭغۇت دەۋرىدىكى قارا خوتو (Kara Khoto) «قاراشەھەر، دېگەن مەنىدە) نىڭ خارابىسىنى تاپقان. 1909 — 1910 - يىللىرى رۇسىيە س. ف. ئولدېنبېرگ (S. Ol'denberg) باشچىلىقىدىكى چوڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئەترىتىنى يەنە تۇرپان، قەشقەر، كۇچا قاتارلىق رايونلارغا ئەۋەتكەن. ئۇلار تۇرپاندىلا قوچو قەدىمىي شەھىرى، يارغول قەدىمىي شەھىرى، ئاستانە، پازىرىق، سېڭگىم قاتارلىق جايلارنىڭ خارابىلىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ، بىر تۈركۈم سانسكرىتچە قول يازمىلارنىڭ پارچىلىرى ۋە ئۇيغۇرچە پۈتۈكلەرنى تاپقان. 1909 — 1911 - يىللىرى ۋە 1913 — 1914 - يىللىرى يەنە س. ئې. مالوف (S. E. Malov) باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتىنى ئەۋەتكەن. ئۇلار گەنسۇدىكى جيۇچۇەن ۋە شىنجاڭدىكى تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ، تۇرپاندا بىر تۈركۈم ئۇيغۇرچە دەھرىي (دىنىدىن خالىي) پۈتۈكلەرنى تاپقان. تۈرك تىلىنى تارىخىي جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان، ۋ. تومسېن (V. L. Thomsen) بىلەن ئورقۇن - يەنسەي ۋادىسىدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاشلارنى يەشكەن. تۇرپان ئۇيغۇرچە پۈتۈكلەرنى ئەڭ ئاۋۋال تەتقىق قىلغان رۇسىيىلىك تۈركشۇناس ۋ. ۋ. رادلوف (W. W. Radlov) مالوفنىڭ ئەسەرلىرىنى رەتلەپ چىقىپ، ئاخىر «ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر توپلىمى» دېگەن ئەسەرنى نەشر قىلدۇرغان.

1892 - يىلى فرانسىيىلىك گرېنارد (Grenard) مۇ خوتەندە سانسكرىتچە نورغۇن نوم پۈتۈكىنىڭ پارچىلىرىنى تاپقان. فرانسىيىلىك سانسكرىتشۇناس ئې. سېنارت (E. Senart) نىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىچە، ئۇ نوم پۈتۈكلىرى 2 - ئەسىرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، پاۋرىنىڭ تاپقان نوم پۈتۈكلىرىدىنمۇ بۇرۇن پۈتۈلگەنىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ياۋروپادىكى شەرقشۇناسلار شىنجاڭنىڭ قەدىمىي خارابىلىرىگە قىزىقىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نىيىتىگە كەلگەن.

1898 - يىلى رۇسىيە د. كلېمېنتس (D. Klementz) باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتىنى تۇرپانغا سىستېمىلىق قېزىپ تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن. بۇ چەت ئەللىكلەرنىڭ ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا تۇنجى قېتىملىق تەشكىللىك ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشى ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئا. ستەين (A. Stein) باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتىنى خوتەن ۋە ئەتراپىدىكى نىيا، كېرىيە قاتارلىق جايلاردا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن. ئۇلار قايتىپ بارغاندىن كېيىن، 1902 - يىلى

www.uyghurkitap.com



گېرمانىيەدىكى هامبۇرگتا ئۆتكۈزۈلگەن «خەلقئارا شەرقشۇناس جەمئىيىتى» گە دوك سۇنۇپ، «خەلقئارا ئوتتۇرا ئاسىيا يىراق شەرقنى تەكشۈرۈش جەمئىيىتى» قۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغان. جەمئىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، جەمئىيەتكە ئەزا بولغان نۇرغۇن دۆلەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن شۆبە جەمئىيەتلەرنى قۇرۇپ، تەكشۈرگۈچىلەرنى ئەۋەتكەن.

1902 ـ يىلى، گېرمانىيە ئا. گرۈنۋېدېل (Grü nwedel) باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتىنى تۇرپان ۋە كۇچالارغا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن. 1902 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا گرۈنۋېدېل بىلەن گ. خۇت (Georg Huth)، ت. بارتۇس (Theodor Bartus) قاتارلىقلار قوجۇ قەدىمىي شەھىرى، سېڭگىم، مۇرتۇق قاتارلىق جايلاردا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ، جەمئىي 44 ساندۇق قەدىمىي يادىكارلىقلارنى ئېلىپ، 1903 ـ يىلى قايتىپ كەتكەن. ئۇلار ئەكەتكەن بۇيۇملار ئىچىدە قول يازما، ئويما پۈتۈك، تام رەسىمى، هەيكەل قاتارلىقلار: قول يازمىلار ئىچىدە سانسكرىتچە، تۈركچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، تۇبۇتچە، موڭغۇلچە پۈتۈكلەر بار ئىدى. گرېۈنۋېدېلنىڭ تەكشۈرۈپ تۈزگەن «1902 — 1903 ـ يىللىرىدىكى ئىدىقۇت ئاستانىسى ئەتراپىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتتىن مەلۇمات» دېگەن ئەسىرى 1906 ـ يىلى ميۇنخېن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

1902 — 1914 ـ يىللىرى ياپونىيە ئوتانى ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى جورۇي چاۋ باشچىلىقىدىكى «مەركىزىي ئاسىيا تەكشۈرۈش ئەترىتى» نى ئەۋەتكەن. ئۇلار شىنجاڭ، گەنسۇ رايونلىرىنى ئۈچ قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ، تۇرپاندىكى يارغول، مۇرتۇق، پازىبرىق مىڭئۆيلىرىنى، ئاستانە ۋە قارا قوجۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقلىرى قاتارلىق جايلارنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ زور تۈركۈم قەدىمىي سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە پۈتۈك ـ ۋەسىقىلەرنى ئېلىپ كەتكەن. 1959 — 1960 ـ يىللىرى نەشر قىلىنغان «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى توملىرىدىكى «دۇنخۇاڭ، تۇرپاننىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ماتېرىياللىرى» دا تۇرپاندىن تېپىلغان زور تۈركۈمدىكى خەنزۇچە ۋەسىقىلەر تۈرلەر بويىچە ئېلان قىلىنغان ھەمدە تەتقىق قىلىنغان. زور تۈركۈمدىكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن باشقا، ئوتانى ئۇيغۇرچە پۈتۈكلەرنىڭ پارچىلىرىنى خېلى كۆپ توپلىغان. 1961 ـ يىلى خادانو ئاكىرا (Hadano Akira) بىلەن يامادا نوبۇئو (Yamada Nobuo) بىرلىكتە تۈزگەن «ئوتانى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەكەلگەن ئۇيغۇرچە ماتېرىياللارنىڭ كاتالوگى» ئېلان قىلىنغان.

1903 ـ يىلى گېرمانىيە ئىككىنچى قېتىم فون لېكوك (von Le Coq) بىلەن بارتۇسلاردىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش ئەترىتىنى ئەۋەتكەن. ئۇلار تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي بويلىرىدىكى تارىم ئويمانلىقىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ، 1904 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇرپانغا كېلىپ، قوجۇ قەدىمىي شەھىرىنى يەنە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرگەن ھەمدە شەھەرنىڭ تۈزۈلۈش خەرىتىسىنى سىزغان. ئۇنىڭدىن كېيىن سېڭگىم، پازىبرىق، مۇرتۇق، تويۇق قاتارلىق جايلاردا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ، نۇرغۇن غار تام رەسىملىرىنى ئېلىپ كەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار يەنە 24 ھەرپتە يېزىلغان 17 خىل تىلدىكى ۋەسىقىلەرنى ئېلىپ كەتكەنىكەن. 1913 ـ يىلى فون لېكوك «قوجۇ — پرۇسسىيە خانلىقىنىڭ بىرىنچى (گېرمانىيىنىڭ ئىككىنچى) قېتىم تۇرپاننى تەكشۈرۈشتە بايقىغان زور بايقالمىلارنىڭ كاتالوگى» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرغان. 1905 ـ يىلى

گرۈنۋېدېل ئىككىنچى قېتىم تەكشۈرۈش ئەترىتىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ لېكوك بىلەن ئۇچراشقان. ئىككىنچى يىلى گرىيۈنۋېدېل گېرمانىيىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، لېكوك پۈتۈن ئەترەتنىڭ خىزمەتلىرىگە باشچىلىق قىلىپ، قوچۇ قەدىمىي شەھىرى ئەتراپىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ، 1907 - يىلى 4 - ئايدا، خىزمەتلىرىنى تاماملاپ قايتىپ كەتكەن. گرىيۈنۋېدېلنىڭ تۈزگەن «شىنجاڭ قەدىمىي بۇددا دىنىنىڭ ماكانى — 1906 — 1907 - يىللىرىكى كۇچا، قاراشەھەر ۋە تۇرپان بوستانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر» ناملىق ئەسىرى 1912 - يىلى بېرلىن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 1913 - يىلى فون لېكوك بىلەن بارتۇس يەنە شىنجاڭغا كەلگەن، بىراق ئۇلار بۇ قېتىم ئاساسەن كۇچادىلا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. لېكوك ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ زېمىنى ۋە خەلقى — گېرمانىيىنىڭ تۆتىنچى قېتىم تۇرپاننى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈش مەلۇماتى» 1928 - يىلى لېيپسىگ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. لېكوكنىڭ ئې. ۋالدشمىت (Ernst Waldschmidt) بىلەن بىرلىشىپ تۈزگەن يەتتە توملۇق «مەركىزىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى دەۋرنىڭ ئاخىرقى زامانىسىدىكى بۇددا يادىكارلىقلىرى» ناملىق ئەسىرى 1922 — 1933 - يىللىرى بېرلىندا كەينى - كەينىدىن نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭغا ئاساسەن تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن سەنئەت بۇيۇملىرى كىرگۈزۈلگەن.

1907 - يىلى ستەين ئىككىنچى قېتىم يەنە تەكشۈرۈشكە كەلگەن. 1906 - يىلدىن 1908 - يىلغىچە گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭ ۋە ئۇنىڭ غەربىي شىمالىدىكى سەددىچىن سېپىلىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت نۇرغۇن تارشا پۈتۈكلەرنى تاپقان. ئۇ شۇ يىلى دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيلەردىكى تاش غارلاردىن نۇرغۇن قەدىمىي پۈتۈك، نوم قول يازمىلىرى، يۆگىمە پۈتۈكلەرنى ئېلىپ ھىندىستانغا قايتقان. بۇ پۈتۈكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھازىر لوندوندىكى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا. شۇ چاغدا، پېللىئو فرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پەرمانى بويىچە، پامىر ئارقىلىق شىنجاڭغا يەنە كەلگەن، ئۇ ستەيىندىن كېيىن دۇنخۇاڭدا يەنە نەچچە مىڭ جىلد قەدىمىي خەنزۇچە قول يازمىلارنى ئېلىپ كەتكەن. سانسكرىتچە، تۈركچە، موڭغۇلچە، تۈبۈتچىنى پىششىق بىلىدىغان پېللىئو شۇ چاغدا فرانسىيىگە قاراشلىق ئانناملىدىكى خانوي شەرق مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتاتتى، ئۇ ئەكەتكەن دۇنخۇاڭ يادىكارلىقلىرى ھازىر پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

1913 — 1916 - يىللىرى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ستەيىننى ئۈچىنچى قېتىم پامىر ئارقىلىق شىنجاڭغا يەنە ئەۋەتكەن. ئۇ شىنجاڭغا كېلىپ تۇرپاندىكى ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى قېزىپ، پازېرىق غارلىرىنىڭ تام رەسىملىرىنى ئېلىپ كەتكەن. ئۇ تام رەسىملەر ھازىرقى ئەنگلىيەدىكى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا شەرق باسما بۇيۇملىرى ۋە قول يازمىلىرى بۆلۈمىدە ساقلانماقتا. 1948 - يىلى ئاندرېۋس (F. H. Andrews) ئۇ رەسىملەرنى «ستەيىننىڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمىي ئىبادەتخانا - ساڭراملاردا بايقىغان تام رەسىملىرى توپلىمى» دېگەن نام بىلەن ئىككى چوڭ توپلام تۈزۈپ چىققان ھەمدە پازېرىق غارلىرى تام رەسىملىرىنىڭ قىسمەن ئەسلىي قىياپىتىنى قايتا نامايان قىلغان. 1990 - يىلى، ئەنگلىيە مۇزېيى نەشرىياتچىلىق شىركىتى رودېرىك ۋىرفىېلد (Roderick Whirfield) بىلەن ئاننې فارېر (Anne Farrer) بىرلىشىپ تۈزگەن 1990 - يىلدىكى ئەنگلىيە مۇزېيىنىڭ «مىڭئۆيلەر

كۆرگەزمىسى» رەسىملىك چۈشەندۈرمىسىنىڭ كاتالوگى «مىڭئۆيلەر: يىپەك يولىدىكى جۇڭگو سەنئىتى»نى نەشر قىلدۇرغان. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تۇرپاندىن تېپىلغان سەنئەت بۇيۇملىرى ئىدى. ئەنگلىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ستەيىننىڭ مەركىزىي ئاسىيادا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا تاپقان خەنزۇچە، سوغدىچە، تۈركچە، ئۇيغۇرچە قاتارلىق ماتېرىياللار ئىچىدە، تۇرپان پۈتۈكلىرى ئىنتايىن كۆپ. خ. ماسپېرو (H. Masperp) رەتلەپ 855 ~ or. 8212/200 دەپ نومۇر قويغان خەنزۇچە پۈتۈكلەرنى «ستەيىننىڭ ئۈچىنچى قېتىم مەركىزىي ئاسىيانى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە بايقىغان خەنزۇچە پۈتۈكلىرى» دېگەن نامدا تۈزۈپ چىققان، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن، 1953 - يىلىغا كەلگەندە ئەنگلىيە مۇزېيى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ ئۈچىنچى قىسمى تۇرپاندىن تېپىلغان ئالدىنقى لياڭ دەۋرىدىن تاڭ دەۋرىگىچە بولغان پۈتۈكلەر ۋە ۋەسىقىلەر ئىدى. ستەيىننىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم مەركىزىي ئاسىياغا كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىراجىتىنىڭ بىر قىسمىنى ھىندىستان ھۆكۈمىتى بەرگەچكە، ئۇنىڭ ئېلىپ كەتكەن پۈتۈك - بۇيۇملارنىڭ بىر قىسمى 1929 - يىلى قۇرۇلغان ھىندىستان مەركىزىي ئاسىيا مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئاندرېۋسىنىڭ تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان ئىزاھلىق «ستەيىننىڭ مەركىزىي ئاسىيا سىيستانىدىكى قەدىمىي ئىبادەتخانا - ساڭراملاردا بايقالغان تام رەسىملىرى كاتالوگى» ئاساسەن ستەيىننىڭ پازىرىق قاتارلىق جايلاردىن ئېلىپ كەتكەن تام رەسىملىرى ئاساس قىلىنغاندى.

ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن تەكشۈرۈش ئەترىتىدىن باشقا، 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، شەخسلەرمۇ ئۆز ئالدىغا كېلىپ تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

گېرمانىيىلىك ئاكا - ئۇكا شلاگىنۋېرت (Schlaginwert) 1856 — 1858 - يىللىرى قورۇم تاغلىرىنى بويلاپ قەشقەرگە بارغان. فۇتېرېر (Futterer) ۋە خولدېرېر (Holderer) لار 1897 — 1898 - يىللىرى غەربتىن شەرققە شىنجاڭنى كەزگەن. مېرتسباخېر (Merzbacher) 1902 — 1905 - يىللىرى تەڭرىتاغنى تەكشۈرگەن. گرىيوبېر (Gröber) 1910 - يىلى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا بارغان. فرىدرىخسېن (Friedrichsen) 1902 - يىلى تەڭرىتاغنى تەكشۈرگەن.

ئەنگلىيىلىك شاۋ (Shaw) 1868 — 1874 - يىللىرى ئۈچ قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ تىل تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. جونسون (Johnson) 1868 - يىلى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا كەلگەن. ئېلىياس (Elias) 1879 — 1880 - يىللىرى يەركەنگە كەلگەن. كارېي (Carey) ۋە دالگلېيش (Dalgleish) لار 1885 — 1887 - يىللىرى تارىم ئويمانلىقىغا كېلىپ، تىبەتنىڭ شىمالىغا بارغان. ياڭخۇسباند (Younghusband) 1887 - يىلى بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ، ئىچكى موڭغۇلدىكى باۋتو ئارقىلىق قۇمۇل، تۇرپان، قەشقەرلەرگە كېلىپ، كەشمىر ئارقىلىق ھىندىستانغا كەتكەن. 1889 - يىلى يەنە قەشقەر ۋە شىنجاڭ ئارىسىدىكى تاغلارنى تەكشۈرگەن. بېل (Bell) 1887 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بارغان.

رۇسىيىلىك ۋەلىخانوف (Valikhanov) 1858 — 1868 - يىللىرى ھىندۇقۇش تېغى ئارقىلىق قەشقەرگە كەلگەن. سېۋېرستوف (Severstov) 1864 — 1868 - يىللىرى تەڭرىتاغ ۋە سىر دەرياسى ۋادىلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈشلەردە بولغان. ئۇستېن ساكېن (Osten Sacken) 1867 -

يىلى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي جايلىرىنى تەكشۈرگەن. كولبارس (Kaulbars) ۋە شارنخورست (Scharnhorst) لار 1872 - يىلى قەشقەرگە كەلگەن. كوروپاتكىن (Kuropatkin) ۋە ۋىكېنس (Wikens) لار 1876 — 1877 - يىللىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ قاراشەھەرگە كەلگەن. پرژېۋالسكىي (Prjevalsky) 1877 - يىلى ئىلى ئارقىلىق تارىم ۋە لوپنۇرلارغا كەلگەن. 1884 — 1885 - يىللىرى يەنە ئىچكى موڭغۇلنىڭ شىمالىدىن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى بويلاپ، تىبەت ئېگىزلىكىگە كەلگەن. يەنە لوپنۇر، چەرچەن دەرياسىدىن شىمالغا مېڭىپ خوتەنگە بېرىپ، تەڭرىتاغ ئارقىلىق سىبىرىيىگە كەتكەن. پوتانىن (Potanin) 1877 - يىلى موڭغۇلىيىنىڭ غەربىدىن ئالتاي تەڭرىتېغىنى بويلاپ، گوبى (چۆللۈك) نى ئىككى قېتىم كەزگەن. فېتىسوف (Fetissov) تەڭرىتاغنىڭ غەربىدىن قەشقەرگە كەلگەن. رېگېل (Regel) 1877 — 1879 - يىللىرى ئىلىدىن كۇچاغا كېلىپ، يەنە تۇرپانغا بارغان. پېتروف (Petrov) 1880 - يىلى قەشقەرگە كەلگەن. كوزلوف (Kozlov)، پېيۋتسوف (Pievtcov) ۋە بوگدانوۋىچ (Bogdanovich) لار 1889—1890 - يىللىرى يەركەن، خوتەن، كېرىيە، نىيالار ئارقىلىق تىبەتكە بارغان. گرومبچېۋسكىي (Grombchevsky) 1885 — 1890 - يىللىرى قەشقەر، يەركەن، خوتەنلەرگە كېلىپ، ھىندۇقۇشتىن پامىر ئارقىلىق رۇسىيە تۈركىستانىغا بارغان. ئاكا - ئۇكا گرۇم گرژىمايلو (Grumm Grjimailo) 1889 — 1890 - يىللىرى تەڭرىتاغنىڭ شەرقى ۋە لوپنۇر رايونلىرىغا كەلگەن. ئىگناتىيېف (Ignatiev) ۋە كوراسنوف (Korasnov) لار 1886 - يىلى تەڭرىتاغنىڭ ئاساسلىق چوققىسى خانتەڭرى مۇز ئېقىنىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. كاتانوف (Katanov) 1889 - يىلى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىگە كېلىپ، خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەكشۈرگەن. ئوبرۇچېف (Obruchev) 1893 — 1894 - يىللىرى گەنسۇنىڭ غەربى ۋە كۆكنۇر (چىڭخەي) رايونلىرىغا بارغان. روبوروۋسكىي (Roborovsky) ۋە كوزلوف (Kozlov) لار 1893 — 1894 - يىللىرى شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي تاغ تىزمىلىرىنى تەكشۈرگەن. كازناكوف (Kaznakov) 1899 - يىلى موڭغۇلىيىنىڭ غەربى ۋە تەڭرىتاغ شىمالىي يولىنىڭ شەرقىنى تەكشۈرگەن. لادىگىن (Ladygin) موڭغۇلىيىنىڭ غەربى ۋە تەڭرىتاغ شىمالىي يولىنىڭ شەرقىنى تەكشۈرگەن. فېدژېنكو (Fedjenko) 1920 - يىلى پامىر ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى تەكشۈرگەن.

فرانسىيىلىك دۇۋېرژنى (Duvergne) 1888 - يىلى رۇسىيە تۈركىستانى، شىنجاڭ، پامىر تەڭرىتاغلىرىغا كەلگەن. بونۋالو (Bonvalot) ۋە پرىنس دئورلېنس (Princed'Orleans) لار 1889 - يىلى ئىلى ئارقىلىق تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ، لوپنۇرنىڭ جەنۇبىدىن تىبەتكە بارغان، داجەنلۇ ئارقىلىق گۇاڭجۇغا كەتكەن. د. دې رىنس (D. de Rhins) ۋە گرېنارد (Grenard) لار 1893 — 1894 - يىللىرى كۆكنۇر ۋە شىنجاڭلارغا كەلگەن. بونىن (Bonin) 1899 — 1900 - يىللىرى شەرقتىن غەربكە شىنجاڭنى كەزگەن.

ۋېنگرىيىلىك پرىنتس (Prenz) 1907 - يىلى تەڭرىتاغنى تەكشۈرگەن.

ئامېرىكىلىق خانتىڭتون (Huntington) 1903 — 1905 - يىللىرى تارىم ئويمانلىقىغا كەلگەن.

# «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەخلاقىي دەۋەتلەر

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق

## بىسم الله الرحمن الرحيم

### «قۇرئان كەرىم»دىكى مەنىۋى ئەخلاق تەلەپلىرى

«قۇرئان كەرىم» دىكى ئەخلاقىي دەۋەتلەر ۋە تەڭرى بەلگىلىگەن شەرىئەت قائىدىلىرىنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى ياخشىلىققا، ياخشى يولغا مېڭىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە يېتەكلەيدۇ، يامانلىقتىن، يامان يولدا مېڭىشتىن توسىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «قۇرئان كەرىم» نىڭ ھەربىر سۈرىسىدە كىشىلەرنى بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادا ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تەڭرىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا بۇيرۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. «بۇ بىز نازىل قىلغان (قۇرئان) مۇبارەك كىتابتۇر، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغۇچىلاردىن بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار، (ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار»[1]، «شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلارغا ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەلى ۋە دۇئاسى قوبۇل بولمايدۇ)، تاكى تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈچە ئۇلار جەننەتكە كىرمەيدۇ (يەنى ئۇلار ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ)، گۇناھكارلارغا مۇشۇنداق جازا بېرىمىز»[2]، «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار — كىشىنى پەقەت كۈچەيتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىمىز — ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەتتۇر، ئۇلار جەننەتتە ھەمىشە قالىدۇ»[3].

يۇقىرىقى ئايەتلەردە مۇكاپات بىلەن جازا ناھايىتى روشەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن. بىراق، بۇ يەردە دىققەت قىلىدىغان ناھايىتى نازۇك بىر تەلەپ بار، ئۇ بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ توغرا يولدا مېڭىشى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشىدىكى بىردىنبىر ئالدىنقى شەرت ئىمان ئېيتقان بولۇشى، نىيەت دۇرۇس بولۇشى، يەنى ھەرقانداق بىر ياخشى ئەمەلنى قىلغاندا تەڭرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىش، ھەرقانداق بىر يامان ئىشنى قىلىشتا تەڭرىدىن ۋە تەڭرىنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، تەڭرىدىن ھايا قىلىپ، شۇ يامان ئىشنى تەرك ئېتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئىسلام ئەقىدىسىدىكى مەنىۋى ئەخلاق تەلىپىدە ئىشەنچ بىلەن نىيەتنىڭ ئالىي ئەخلاق ئۆلچىمىدىكى مەركىزىي نۇقتا ئىكەنلىكى چىقىدۇ.

ئۇنداق بولسا «قۇرئان كەرىم» دە دەۋەت قىلىنىۋاتقان ئىشەنچ تەلىپى قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

---

(1) سۈرە ئەنئام 155 ـ ئايەت

(2) سۈرە ئەئراف 40 ـ ئايەت

(3) سۈرە ئەئراف 42 ـ ئايەت

بىرىنچى، تەڭرىگە ئىمان كەلتۈرۈش. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق ھەرىكىتى ۋە ئەمەللىرى تەڭرىگە بولغان مۇئامىلە ۋە مۇناسىۋىتىنى ئەخلاقىنىڭ بىرىنچى ئۆلچىمى قىلىدۇ. تەڭرىگە ئىمان كەلتۈرۈش مۇنداق بىرقانچە تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئالدى بىلەن تەڭرىنىڭ پۈتكۈل ئالەمنىڭ تەڭداشسىز قۇدرەتلىك خوجايىنى ۋە ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە تەڭرىنىڭ يەككە - يېگانە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ بارلىق جانلىق ۋە جانسىز شەيئىلەرنى ھېكمەت بىلەن ياراتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. «شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭلار ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە (يەنى ئالتە دەۋردە) ياراتتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە ئەرشى ئۈستىدە قارار ئالدى. ئاللاھ كېچە بىلەن (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈز بىر - بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ)؛ ئاللاھ قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتتى. يارىتىش ۋە ئەمىر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر»[1] . دېمەك، تەڭرى ئالەمدىكى پۈتكۈل مەخلۇقات ۋە مەۋجۇداتنىڭ ئىگىسى، ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، بىردىنبىر ياراتقۇچى، شېرىكتىن پاك قۇدرەت ئىگىسى.

تەڭرىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئىككىنچى ئاساسى، تەڭرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ رىزىق بەرگۈچىسى ۋە پاناھى بولغانلىقىدىندۇر. ئاللاھ «سىلەرگە پاك نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى، ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر»[2] .

تەڭرىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئۈچىنچى ئاساسى، «قۇرئان كەرىم» دە تەڭرىنىڭ ئىنسانلارنى توغرا، ھەق يولغا باشلىغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىنىدۇ. «ئاللاھ ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر»[3] . «قۇرئان كەرىم» دە توغرا يول ھەققىدىكى چۈشەنچە مۇنداق ئىككى خىل مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئالدى بىلەن تەڭرىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئۆزى توغرا يولدا ماڭغانلىق بولىدۇ، يەنە بىر جەھەتتىن، مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا باشلىغۇچى بىردىنبىر يېگانە تەڭرىدۇر، دەپ ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىنىدۇ. «ئاللاھ شۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى) غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرى) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ»[4] . ئەسلىدە توغرا، ھەق يولنى بىلمەي تېڭىرقاپ، زۇلمەت ئىچىدە ياشاۋاتقان، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشىپ قان تۆكۈشۈۋاتقان، زىناخورلۇق، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، ئالدامچىلىق قىلىۋاتقان ئىنسانلارنى جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھەق، توغرا يولغا — يورۇقلۇققا چىقارغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى ئاشۇ زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغان «نۇرلۇق چىراغ» قا مۇسۇلمانلارنىڭ سەجدە، رۇكۇ، ئىبادەت قىلىشى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشى،

(1) سۈرە ئەئراف 54 ـ ئايەت

(2) سۈرە غافىر 64 ـ ئايەت

(3) سۈرە ئىمران 51ـ ئايەت

(4) سۈرە مائىدە 16 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

ناماز ئوقۇشى، زاكات بېرىشى، ئۆزئارا بىر - بىرىگە ياخشىلىق قىلىشى، ئاللاھتىن [illegible] كۈتۈشى، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشى ناھايىتى مۇھىم پەرز قىلىنغان. شۇڭا كىشىلەر «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى بۇ (نېمەتلەرنى ھاسىل قىلىشقا) يېتەكلىگەن ئاللاھقا بولسۇنكى، ئاللاھ بىزنى يېتەكلىمىگەن بولسا، توغرا يول تاپالمىغان بولاتتۇق. پەرۋەردىگارىمىزنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ھەقنى ئېلىپ كەلدى»[1] دەپ مەمنۇن بولىشىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەگىرگە ئىمان كەلتۈرۈشىنىڭ يەنە بىر ئاساسى، قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرۈلۈشتا، ئەگىرنىڭ ئادىل سورىقىغا تارتىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» دە ئەگىرى كىشىلەرگە قىيامەت كۈنى ئىمان ئېيتقان، ئىمان ئېيتمىغان، ياخشى ۋە يامان كىشىلەرنىڭ قەبرىلەردىن چىقىرىلىپ ئەگىرنىڭ ئادىل سورىقىغا تارتىلىدىغانلىقى ھەققىدە ناھايىتى روشەن ئايەتلەر چۈشۈرگەن. ياراتقۇچى ئىنساننى ھېكمەت بىلەن ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە شەرەپلىك قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا زېمىندا شۇنچە بۈيۈك ئىمتىياز ۋە نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان، توغرا يولغا باشلاپ ھىدايەت قىلغان بولغاچقا، قىيامەت كۈنى ئەگىرى ئىنسانلارنى مەھشەرگاھقا يىغىپ ھەربىر كىشىدىن: سىلەر پانىي دۇنيادا قانداق ياشىدىڭلار؟ سىلەرگە بەرگەن ئادىمىلىك مۆجىزىدىن قانداق پايدىلاندىڭلار؟ ۋاقتىڭلارنى قانداق مەشغۇللۇق بىلەن ئۆتكۈزدۈڭلار؟ ئەگىرى سىلەرگە رەھمەت قىلىپ بەرگەن مال - مۈلۈكلەرنى قانداق يولغا سەرپ قىلدىڭلار؟ ئەگىرگە قانداق ئىبادەت قىلدىڭلار؟ قانداق ياخشى ئەمەللەرنى قىلدىڭلار؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنىڭ قويۇلىدىغانلىقى، بۇ سوراقتىن ھەرگىزمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىلگەن. ئەگىرى دەرگاھىدا ئادىللىق بىلەن خاتىرىلەنگەن گۇناھ ۋە ساۋاپ دەپتەرلىرىنى كۆرسىتىپ، ياخشىلىقى ئېغىر كەلگەنلەرنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقى، يامان ئەمەللىرى ئېغىر كەلگەنلەرنى دوزاخ بىلەن جازالايدىغانلىقى بىلەن ئادالەت يۈرگۈزۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇلغان. «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق مەلۇماتلار بار: «ئاللاھ سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدۇ، كۈندۈزدىكى قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە ياشىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزدە سىلەرنى ئويغىتىدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاندىن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئاللاھ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ، ئاللاھ بەندىلەرنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى ئاللاھ بەندىلەرنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئۇ سىلەرگە ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرنى (يەنى قىلغان - ئەتكىنىنى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتىدۇ. بىرىڭلارغا ئۆلۈم كەلسە، ئۇنى بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز قەبزى روھ قىلىدۇ. ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاشتا) بىپەرۋالىق قىلمايدۇ. ئاندىن ئۇلار (يەنى بەندىلەر) ھەق ھۆكۈم قىلغۇچى ئىگىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ»[2]. بۇ ھەق ئاگاھلاندۇرۇش بۇ دۇنيانى ئەۋزەل بىلىپ، ئۇ دۇنيادا قايتا تىرىلدۈرۈلۈشنى ئىنكار قىلىدىغانلىقىغا بۇ دۇنيادا قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ جازاسىنى ئۇ دۇنيادا تارتىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغان، ئىمانى سۇس كىشىلەرگە بېرىلگەن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش. «كاپىرلار ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيدۇ دەپ گۇمان قىلىشتى، ئېيتقىنكى: (ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە

---

(1) سۈرە ئەئراف 43 - ئايەت

(2) سۈرە ئەنئام 60 - 62 - ئايەت

قىلمىشلاردىن خەۋەر بېرىلىدۇ. بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر»[1]. «بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش (يەنى نەتىجىسىگە ئېرىشىش) ئۈچۈن توپ - توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ»[2].

تەڭرىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ يەنە بىر شەرتى قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىش ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە تەڭرىنىڭ قازا ۋە قەدەرى، ھېكمەت ۋە خاھىشى ئۆزىنىڭ ئىلكىدە. ئالەمدىكى ھەرقانداق ئىش، ھەتتا بەندىلەرنىڭ ئىختىيارىي ھەرىكەتلىرىمۇ تەڭرىنىڭ تەقدىرىسىز يۈز بەرمەيدۇ. تەڭرى لەۋھۇلمەھفۇزدا بېكىتىلگەن تەقدىرنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيدۇ. تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە باشقۇرۇشىغا ھەرقانداق بىر كۈچ ئارا تۇرالمايدۇ. تەڭرى خالىغان ئىش بولىدۇ، خالىمىغان ئىش بولمايدۇ دېيىلىدۇ. بۇ ھەقتە تەڭرى مۇنداق خەۋەر بەرگەن: «بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق»[3]. «كىشىگە يەتكەن ھەرقانداق مۇسىبەت پەقەت ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەنلا بولىدۇ». يەنە بارلىق نەرسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۆزگىرىشى ۋە يوقىلىشى لەۋھۇلمەھفۇزدا خاتىرىلەنگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «غەيبىنىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئۇنى پەقەتلا ئاللاھ بىلىدۇ. قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ. (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن ئاللاھنىڭ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق. مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى (ئاللاھقا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھفۇزدا يېزىقلىقتۇر»[4].

«قۇرئان كەرىم» دە كۆرسىتىلگەن ئىمان توغرىسىدىكى دەۋەتلەردە تەڭرىگە ئىمان كەلتۈرۈش يەنە مۇنداق بىرقانچە تەرەپلەر ئارقىلىق ئاندىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ: (1) تەڭرىنىڭ گۈزەل ئىسىم - سۈپەتلىرىگە ئىشىنىش، (2) پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش، (3) تەڭرىنىڭ كىتابلىرىغا — «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن چۈشۈرۈلگەن تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىللارنىڭ تەڭرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، (4) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش.

بىز ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرىقى توپ پرىنسىپىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، تەڭرىگە بولغان ئىشەنچ، تەڭرىگە بولغان سەمىمىي ئىخلاس، تەڭرى بىلەن بولغان ئەدەپ - ئەخلاقىي مۇئامىلە «قۇرئان كەرىم» دە دەۋەت قىلىنىغان بارلىق ئىجتىمائىي ئەدەپ - ئەخلاق تەلەپلىرىنىڭ مۇھىم شەرتى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» نىڭ روھى مۇسۇلمانلارنى شۇنىڭغا دەۋەت قىلىدۇكى، ياراتقۇچى تەڭرىگە چىن دىلىدىن ئىخلاس قىلىپ بويسۇنۇش، تەڭرىنىڭ غەزىپىدىن قورقۇش، تەڭرىنىڭ رەھمىتىدىن سۆيۈنۈش ۋە ئۇنىڭغا ھەقىقىي پاك مۇھەببىتىنى بېغىشلاش، تەڭرىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پانىي دۇنيادىكى مەنپەئىتىدىن ۋاز كېچىشكە ۋە تەڭرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھەرقانداق ئەمرىنى

(1) سۈرە تەغابۇن 7 - ئايەت
(2) سۈرە زەلزەلە 6 -، 7 -، 8 - ئايەت
(3) سۈرە قەمەر 49 - ئايەت
(4) سۈرە ئەنئام 59 - ئايەت

www.uyghurkitap.com

ئورۇنداشقا تەييار تۇرۇش قاتارلىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ۋە ئالىي گۈزەل ئەخلاقى ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ يۈكسەك ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئۆز روھىنى پاكلاشتۇرۇش، تىرىكچىلىك پوزىتسىيىسىنى ۋە توغۇلۇشتىن ئۆلگۈچە بولغان تىرىكچىلىكى داۋامىدىكى ھەرخىل ئەھۋال ئاستىدا رىئايە قىلىش زۆرۈر بولغان قانۇن ـ ئۆلچەملەرنى، ئەخلاقىي مىزانلارنى، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى، شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلارنىڭ تىرىشىپ ئورۇندىشى زۆرۈر بولغان دىنىي پەرھىزلەرنى بەلگىلەپ بەرگەن. ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن دىنىي ئېتىقاد ـ ئەقىدە، بەلگىلەنگەن بەش چوڭ پەرھىز ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقتىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي ئۆلچەم بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ. بىرىسىز يەنە بىرى، يەنى بىرىنى تەرك ئېتىش بىلەن ھەرگىزمۇ يەنە بىرىگە مۇيەسسەر بولغىلى بولمايدۇ. كونكرېتراق ئېيتقاندا، پەقەت كەلىمەتەييىبىنى ئېيتىش ياكى كەلىمەشاھادەت ئېيتىش بىلەنلا ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇش شەرتىنى ئورۇندىغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»دە بەلگىلەنگەن تەڭرىنىڭ بارلىق ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا چىن كۆڭلىدىن ئىخلاس قىلىش، پەرھىزنى تولۇق ئادا قىلىش، ئەخلاقىي پرىنسىپلارغا قەتئىي رىئايە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ يەردە شەكىل بىلەن مەزمۇن ۋە مەنىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇ يەردە شەكىل دېگەن تاشقى كۆرۈنۈش، تاشقى پائالىيەت ۋە ئىبادەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەزمۇن ۋە مەنە دېگەندە شۇ كىشىنىڭ روھىي دۇنياسى — ئىمانىنىڭ قەلبىدىكى ئورنى، نىيىتى، مەقسىتى، غايىسى قاتارلىق تەرەپلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تەڭرى دوست تۇتىدىغان، تەڭرىنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشىدىغان تەقۋادار ئادەمنىڭ ئۆلچىمى شەكىلدىن كۆرە، مەزمۇن ـ مەنە ئارقىلىق زاھىر بولىدۇ. دېمەك، تەڭرىگە ئىمان كەلتۈرۈش مەسىلىسىدە ئەستايىدىل بولۇش ـ بولماسلىقنىڭ ئۆزى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقىقىي چىن دىلىدىن قىلغان ئەقىدە ـ ئىخلاسىنى سىناش، تەڭرىگە بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى قىلىنىدۇ. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقانداق گۇمان، ئەندىشىلەردىن پاك ـ پاكىز پارىغ بولۇپ، تەڭرى بۇيرۇغان ياخشى ئەمەللەرنى پىداكارلىق بىلەن قىلىشىنى، ئۇنىڭدىن زادىلا گۇمانلانماسلىقنى، تەڭرى كۆرسەتكەن ئەمىر ـ پەرمانلارغا شەرتسىز ئەقىدە قىلىپ ئورۇنداشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەل ئارىسىدا «غىلاپقا قارىماي، پىچاققا قارا» دېگەن بىر ھېكمەت بار، بۇ ھېكمەت شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ھەرقانداق ئادەمگە باھا بېرىشتە ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتى، چىراي شەكلى، كېيىم ـ كېچىكى، مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەنلىكى، باي ياكى كەمبەغەللىكى قاتارلىقلارنى شۇ ئادەمنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلغىلى بولمايدۇ. ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە بىر بۈيۈك ئىنساننىڭ بارلىقىنى، ئېسىل تاۋار ـ دۇردۇنغا ئورۇنۇۋالغان بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدە يىرتقۇچ بۆرىنىڭ يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ بۇنى پەقەت تەڭرى ئۆزى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، ئاللاھ (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ. يامان ئىش قىلىدىغانلار بىزدىن (يەنى ئازابىمىزدىن) قېچىپ قۇتۇلالايمىز دەپ ئويلايدۇ، ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان. كىمكى ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، (بىلسۇنكى) ئاللاھنىڭ (بۇنىڭغا بەلگىلەنگەن) ۋاقتى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ، ئاللاھ (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (بەندىلەرنىڭ تاشقى ۋە

ئىچكى ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[1] . تەڭرى يەنە چىن دىلىدىن ئېيتىلغان، ھەقىقىي تەڭرىگە تەسلىم بولۇپ قايىل بولۇپ ئېيتىلغان كەلىمە تەيىبە بىلەن كۇفرى كەلىمىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى ناھايىتى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «كەلىمە تەيىبە (يەنى ياخشى سۆز، ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى - ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەختقە ئوخشايدۇ ... يامان سۆز (يەنى كۇفرى كەلىمە) زېمىندىن قومۇرۇلۇپ تاشلانغان ھېچقانداق قارارى يوق ناچار دەرەختقە ئوخشايدۇ.»

كۆرۈشكە بولىدۇكى، تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىنىڭ ئەڭ چوڭى سۈرەت ئەمەس، بەلكى مەنىدۇر، غىلاپ ئەمەس بەلكى پىچاقتۇر. ھەرقانداق ئادەم تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا ئۆزى قانداق بولسا شۇ ھالىتى بويىچە كۆرىنىدۇ، ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ بولالمايدۇ. قەلبى پاك، نىيىتى دۇرۇس، مەقسىتى ياخشى ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسى شۇنچىلىك سۈزۈك ۋە بىغۇبار بولىدۇ. قەلبى ناپاك، نىيىتى بۇزۇق، مەقسىتى خاتا ساختا تەقۋادارنىڭ ئىچى شۇنداق قارا بولىدۇكى، ئۇ ئۆزىنى بەندىدىن يوشۇرۇپ كېتىمەن دەپ ئويلىغان بىلەن تەڭرىنىڭ نەزىرىدىن ھەرگىزمۇ يوشۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. ھېكايە قىلىنىشىچە: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە زامانىسىنىڭ ئەللامىسى سۈرىتىگە كىرىۋالغان بىر ساختىپەز ئادەم بار ئىكەن. ئۇنىڭ كۆن بويى قىلىدىغان ئىشى دىنىدىن ۋەز ئېيتىشتىن ئىبارەت ئىكەن. قۇش - ياز بۇنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغانىكەن. بۇ ۋەزخانغا كىشىلەر شۇنداق رام بولۇپ كېتىپتۇكى، ئۇنىڭ ئۇچۇن جانلىرىنىمۇ پىدا قىلىشقا تەييار تۇرىدىكەن. ئۇ ھەرقاچان ۋەز - نەسىھەت قىلغاندا پۈتۈن قوۋم ئۇنىڭ نەسىھىتىگە بەنت بولىدىكەن. ئۇ ۋەز ئۇچۈن مۇنبەرگە چىققاندا خالايىق ئىزتىراپتىن ئۇنىڭ ئۇچۇن جان بېرىشكە تەييار تۇرىدىكەن. ئۇ شۇنچىلىك سۆزمەن ئىكەنكى، ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەي ھېچكىم ئۇ يەردىن ئايرىلماس ئىكەن. ئۇ ساختا تەقۋادارغا پۈتۈن ئايەت ۋە ھەدىس يادا ئىكەن. بىراق ئۇنىڭ كۆڭلىدە بار ئەسلىي تاماسى مال - دۇنيا ئۇندۇرۇۋېلىش ئىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ شۇنچە سۆزمەنلىك بىلەن ۋەز ئېيتىپ كىشىلەرنىڭ غاپىللىقىدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن مال - دۇنيا يىغىۋالغانىكەن. چۈنكى، ۋائىزنىڭ سۆز ماھارىتى خەلقنى ئۆزىگە ئاشىق قىلىۋالغانىكەن، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھەرگىز مال - دۇنياسىنى ئايىماس ئىكەن. ئۇنىڭ بەرگەن نەسىھەتلىرى كىشىلەرگە ئەپسۇن بولۇپ، بۇ ئەپسۇن بىلەن ئۇ خەلقنىڭ مېلىنى ئالداپ قولىغا چۈشۈرىدىكەن. قوۋمنىڭ مەقسىتى ۋائىزنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ مەنپەئەت ئېلىش، ۋائىزنىڭ مەقسىتى قوۋمنىڭ پۇل - مېلىنى بۇلاش ئىكەن. ئۇ ۋائىز ھەرگىزمۇ ھارام، ھالال دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ۋائىز بىر كۈنى كېچىدە بۇ شەھەرنى تەرك ئېتىپ شەھەردىن چىقىپ باياۋانغا راۋان بولۇپتۇ. ئۇنىڭ كوچىغا چىقىشىغا بارچە ئىتلار توپلىشىپ ئۇنى قوغلاپتۇ. ئۇ ساختىپەز مىڭ مۇشەققەتتە ئىتلاردىن قۇتۇلۇپ قاراڭغۇ كوچىغا راۋان بولۇپتۇ. ئەتىسى شەھەر خەلقى ئۇ ۋائىزنى تاپالماي ھەيرانۇ ھەس قاپتۇ، كۆپ ئىزدەشكەن بولسىمۇ ھېچقانداق نىشان بولماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قوۋم ۋائىزنىڭ خەۋىرىنى مۇسادىن ئېلىش ئۇچۇن مۇسانىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ئۇلار مۇساغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، مۇسا تەڭرىگە كۆپ دۇئا قىلىپ، بۇ قوۋمنىڭ بۇ مۇشكۇلىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشنى

---

(1) سۈرە ئەنكەبۇت 2 ـ، 5 ـ ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


ئۆتۈنۈپتۇ. تەڭرى شۇ زامان جىبرىئىل ئارقىلىق ۋەھيى چۈشۈرۈپ، ۋائىزنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپتۇ. ئۇلار مۇسا باشلىغان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، سۈرىتى توڭگۇز بولۇپ قالغان ۋائىزنى كۆرۈشۈپتۇ.

شۇڭا، ئادەم ئەمەلنى تەمە سەۋەبلىك قىلماسلىق، باشقىلارغا كۆرۈنۈش ئۈچۈن تەقۋادار بولۇۋېلىپ، ئەمەلىيەتنى يوشۇرماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئۇنداق بولغاندا، تەڭرىگە كىبىرلىك قىلغانلىق بولىدۇ ھەم تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا ساختىپەزلىكنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

ھەدىستە: «شەكسىزكى ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ پاكلىقنى ياقتۇرىدۇ. ئاللاھتائالا پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى سۆيىدۇ»[1] دېيىلگەن. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقان پاكلىق ئالدى بىلەن قەلبنىڭ پاكلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قەلب پاك بولمىسا، ئۇنداق قەلبتە ئىمان بولمايدۇ، ئىمان پاك ۋە پەقەت پاك قەلبتىنلا ئورۇن ئالالايدۇ. ئىمان دېگەن، تەن سارىيىمىزدىكى ئىنتايىن نازۇك مېھمان. ئىمان «مېھمىنى» بولغانلىقى ئۈچۈنلا قەلب سارىيىمىز شۇنداق نۇرانە. ئەگەر قەلب سارىيىمىزدىن ئىمان «مېھمىنى» چىقىپ كەتسە، ئۇ قەلب خۇددى يۇندا ئازگىلىدەك ۋەيرانە بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دىن مۇنداق سېلىشتۇرمىنى كۆرىمىز: «مۇنبەت يەرنىڭ گىياھى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن تولۇق ئۈنىدۇ (بۇ ۋەز - نەسىھەتكە قۇلاق سېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان مۆمىننىڭ مىسالىدۇر) ناچار يەرنىڭ گىياھى ئاز ئۈسىدۇ (بۇ ۋەز - نەسىھەتتىن پايدىلانمايدىغان كاپىرنىڭ مىسالىدۇر)، شۈكۈر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق شەكىللەردە بايان قىلىمىز»[2] دېگەن ئايەتتىكى سېلىشتۇرما قەلب ئېتىزىنىڭ مۇنبەتلىكى بىلەن قەلب ئېتىزىنىڭ ناچارلىقى ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە مىسال قىلىنىۋاتىدۇ. دېمەك، ئىمانى كامىل كىشىلەرنىڭ قەلبى ئاشۇنداق بولۇپ، مەنپەئەتلىك، تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە مۇيەسسەر بولسا، ئىمانى ساختا كىشىلەرنىڭ قەلبى ئاشۇنداق قۇرۇق، مەنپەئەتسىز بولىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىسىدە ئىمان مېھمىنى ئادەمگە بەخت، ئامەت ۋە نۇسرەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ ئۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنيا بۈيۈك بەھرىمەنلىك ئاتا قىلىدۇ. ئىمان بولمىسا مەھرۇملۇققا پاتۇرىدۇ. بۇ دۇنيادا نېمە پەيدا قىلىنغان بولسا مانا شۇ «مېھمان» سەۋەبلىك يارىتىلغان. ئەگەر ئۇ مېھماننىڭ قەدرىنى بىلمەي، ئۇنى ياخشى كۈتمەي، ئۇنىڭغا چىن ئەقىدە بىلەن مۇئامىلە قىلماي كەتكۈزۈپ قويسا ئۇ ئەڭ چوڭ ئەقىلسىزلىك ۋە بەختسىزلىك بولىدۇ. كۆڭۈلدە تۇغۇلغان ھەربىر ئوي - پىكىر ۋە خىياللارنىڭ ھەممىسى ئىمان «مېھمان» غا تەسىر قىلىپ تۇرىدۇ. ئوي - پىكىر توغرا ياخشى، نىيىتىڭ دۇرۇس بولسا سېنى ئەيسادەك مەرتىۋىگە ئىگە قىلىدۇ. يامان پىكىر، نىيەت بۇزۇق ئادەمنى تەرسا قىلىدۇ. ياخشى نىيەتلىك، ساپ دىللىق ئادەم تەڭرىنىڭ ئەزىز مېھمىنى بولالايدۇ. پىكرى، نىيىتى ۋە مەقسىتى پاسىق ئادەم شەيتانغا مېھمان بولىدۇ. ئادەمنىڭ قەلبىدىكى پاكلىق ۋە ئىمان نۇرى ئادەمنى ئەرشئەلاغا ئېلىپ چىقسا، يامان نىيەت، كۇفرىلىق ئادەمنى شەيتاننىڭ تەھتەساراسىغا سۆرەپ كىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدە مۇھىم ئورۇنغا قويۇلىدىغان ئىش نىيەت. چۈنكى نىيەت ھەممىدىن ئەلادۇر. ياخشى نىيەتنى — نىيىتى سائادەت دەيدۇ، نىيىتى يامانىنى — نىيىتى جاھالەت دەيدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ئەمەلدىن ياخشى نىيەت ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، ياخشى نىيەتلىك ئادەم تەڭرىنىڭ دوستلۇقىغا

(1) تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ھەدىسنىڭ كەبىر قىسمى.
(2) سۈرە ئەئراف 58 - ئايەت

يارايدۇ، يامان نىيەتلىك ئادەم شەيتاننىڭ دوستلۇقىغا يارايدۇ. نىيىتى دۇرۇس ئادەم تەڭرىنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن كۆپ ئىززەت تاپىدۇ. نىيىتى بۇزۇق ئادەم شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن لەنەتكە ئۇچرايدۇ. نىيەتنى دۇرۇس قىلىپ ئۇرۇق چاچمىغان ئادەم هوسۇلدىن قۇرۇق قالىدۇ. بەتنىيەت ئادەم هەرقاچان خارلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە نىيەتنىڭ ئەدەپلىرى توغرىسىدا مۇنداق ئايەتلەر بار: «ئېيتقىنكى، ‹مەن دىنىنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان هالدا ئاللاهقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم› »[1] .

«پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر. ئۇلار (مۇكەممەل رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ. بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل - مالدىن (خۇدا يولىدا) سەرپ قىلىدۇ. ئەنە شۇلار هەقىقىي مۆمىنلەردۇر»[2] . پەيغەمبەر ئەلەيهىسسەلام مۇنداق دېگەن: «بارلىق ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق، هەربىر ئىنساننىڭ ئىشى نىيىتى بويىچە»[3] ، «ئاللاھ سىلەرنىڭ شەكلىڭلارغا، مال - دۇنيايىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى قەلب ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ» . قەلبكە قاراش دېمەك، نىيەتكە قاراش دېگەنلىكتۇر. شۇڭا نىيەت بىلەن ئەمەلنىڭ مۇناسىۋىتى نىيەت ئەدەبىدە هەل قىلىنىۋېلىشقا تېگىشلىك مۇهىم نۇقتا. بۇ خۇسۇستا تەڭرى نىيەتنى دۇرۇس قىلىشقا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاهغا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار»[4] . كىشىلەر ئارىسىدا بەزى كىشىلەر باركى، پۇل - مېلى هەددىدىن زىيادە كۆپ بولسىمۇ، بىرەر مىسكىنگە، مۇساپىرغا ۋە ياكى يېتىمگە ئازراق بولسىمۇ سەدىقە بېرىشنى راۋا كۆرمەيدۇ. بەزىلەر باشقىلارغا بەرگەن ئازغىنا سەدىقىسى، ياردىمى ئۈچۈن مىننەت قىلىدۇ ۋە ياكى باشقىلارغا كۆرۈنمەك ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ «سېخىي ئادەم ئىكەن» دېيىشى ئۈچۈن بېرىدۇ. بۇلارنىڭ هەر ئىككىسىنىڭ تەڭرى دەرگاهىدا پەرقى يوق. چۈنكى كېيىنكىسى رىيا بىلەن ئالىلقاچان ياخشى ئەمىلىنى يوققا چىقارغان. تەڭرى شۇنداق دېگەن: «ئۇلارنىڭ بەرگەن نەپىقىلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن قوبۇل قىلىنمايدۇكى، ئۇلار ئاللاهنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، نامازنى خۇشياقماسلىق بىلەن ئوقۇيدۇ. (پۇل مېلىنى) رازىلىق بىلەن بەرمەيدۇ»[5] . يەنە بىرخىل كىشىلەرمۇ بولىدۇكى، ئۇلاردا مال - مۈلۈك يوق، ئۆزىنىڭ جېنىنى ئاران ئالىدىغان بىر ئادەم، بىراق ئۇ نىيىتىدە «ئەگەر مەندە بەرگىدەك بىرەر نەرسە بولسا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بېرەتتىم ياكى ئۇنىڭغا ياردەم قىلاتتىم» دېگەن بولسا تەڭرى ئۇنىڭغا ئاشۇ ياخشى ئەمەلنى قىلغاندەك ساۋاپ يازىدۇ. نىيەت بىلەن ئەمەلنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇهەممەد ئەلەيهىسسەلام مۇنداق شەرهلىگەن: «كىشىلەر تۆت خىل، بىرى ئاللاھ ئۇنىڭغا بىلىم ۋە مال - دۇنيا بەرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مال - دۇنياسىنى بىلىمى بىلەن ئىشلىتىدۇ. يەنە بىرخىل كىشى ئاللاھ ماڭا ئاشۇنىڭغا ئوخشاش بەرگەن بولسا مەنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش قىلاتتىم، دەيدۇ. بۇ ئىككى خىل ئادەم ئەجىردە ئوخشاش. يەنە بىر خىلى، ئاللاھ ئۇنىڭغا

---

(1) سۈرە زۇمەر 11 - ئايەت

(2) سۈرە ئەنفال 2 -، 4 - ئايەت

(3) بىرلىككە كېلىنگەن هەدىس (يەنى بۇخارىمۇ، مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان)

(4) سۈرە مۇهەممەد 33 - ئايەت

(5) سۈرە ئەنفال 54 - ئايەت

مال - دۇنيا بەرگەن. بىلىم بەرمىگەن. ئۇ مال - دۇنيا ئىشلىرىدا خاتا يول تۇتىدۇ. بىرخىل ئادەم، ئاللاھ ماڭا ئاشۇنىڭغا ئوخشاش بەرگەن بولسا مەنمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش قىلاتتىم، دەيدۇ. بۇ ئىككىسى گۇناھتا ئوخشاش»[1] . بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ياخشى نىيەتلىك بىراق ياخشى ئەمەلگە قۇربىتى يار بەرمىگەن ئادەم، پۇل - مېلى بىلەن ياخشى ئەمەل قىلغان ئادەم بىلەن ئەجىردە ئوخشاش بولىدىكەن. يامان نىيەتلىك كىشى گەرچە يامان ئىش قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەگەر مېنىڭمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش مال - مۈلكۈم بولىدىغان بولسا، ئاشۇ قىلىۋاتقان بۇزۇقچىلىق ئىشلارنى مەنمۇ قىلاتتىم، دەپ نىيەت قىلغانلىقى ئۈچۈن يامان ئەمەل بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان گۇناھكار بىلەن گۇناھتا ئوخشاش ئورۇنغا قويۇلىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «رەسۇلۇللاھ: ئىككى مۇسۇلمان قىلىچلىرى بىلەن ئۇچراشتى، ئۆلگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچى ھەر ئىككىلىسى دوزاختا، دېگەندە، يارەسۇلۇللاھ ئۆلتۈرگۈچىنىڭغۇ دوزاخقا كىرسۇن، ئۆلگۈچىچۇ؟ دېيىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلام: ئۇمۇ ھەمراھىنى ئۆلتۈرۈشنى نىيەت قىلغان»[2] دېدى. بۇ يەردە ئەگەر نىيىتى ياخشى بولىدىغان بولسا جەننەتكە كىرىدىغان ئادەم، نىيىتىنىڭ يامانلىقى تۈپەيلىدىن دوزاخقا كىرىدىغان قاتىل بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇلغان. نىيەتنىڭ يامانلىقى ھەتتا پانىي دۇنيادىمۇ دەل ئىقبالىغا يارىشا جازا بىلەن ئىبرەت قىلىندىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. بۇ خۇسۇستا ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن مۇنداق بىر مەشھۇر ھېكايە بار:

بىر كۈنى ئۈچ دۇنياپەرەس ئادەم يولدىن بىرخىش ئالتۇن تېپىۋېلىشتى. ئۇلار خۇشال بولۇشۇپ، بۇ ئالتۇنلارنى بۆلۈشمەكچى بولۇشتى. بىراق قورساقلىرى ئاچ ئىدى. شۇڭا مەسلىھەت قىلىشىپ، ياشتا كىچىكرەك بىرىنى شەھەرگە يېمەك - ئىچمەك تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇشتى. ئۇنىڭغا ئۈچ دەرھەم پۇل بېرىپ دەرھال ئاش، نان ئېلىپ كەل دەپ ئەۋەتتى. ئۇ پۇلنى ئېلىپ شەھەرگە راۋان بولدى. ئۇنى يولغا سېلىپ قويۇپ، قالغان ئىككىسى باشقىچە ئىتتىپاق تۈزۈشۈپ، شەھەرگە كەتكەن بۇرادىرى كېلىشى بىلەن پىچاق ئۇرىمىز، دەپ مەسلىھەت قىلىشتى. شەھەرگە غىزاغا ماڭغىنىمۇ شەھەرگە بارغۇچە كۆڭلىگە مۇدھىش بىر نىيەتنى پۈكۈپ باردى. ئۇ نان، گۆش ئالدى، نانغا ۋە گۆشكە زەھەر سالدى. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى تېزلا ئىككى بۇرادىرىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى، كېلىشىگىلا ئۇ ئىككىسى بۇنىڭ بېشىغا پىچاق ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. ئۇلار كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، ئۇ بۇرادىرى ئېلىپ كەلگەن زەھەر ئارىلاشتۇرۇلغان نېمەتلەردىن ئىككى لوقمىدىن يېيىشتى، شۇ زامانلا ھەر ئىككىسى دۈم چۈشۈپ ھالاك بولۇشتى.

دېمەك، نەپسى شەيتان ئۇلارنىڭ قەلبىگە شۇنداق رەزىل نىيەتنى كەلتۈردىكى، ئۇلار ئۆز ئارا بۇرادەر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇشۇپ دوزاخقا تۇتۇرۇق بولۇشتى.

دېمەك، نىيەت ئەمەلنىڭ ئاساسى ۋە شەرتى بولۇش بىلەن ئۇ نوقۇل شاھادەت ئېيتىش ۋە نىيەت قىلدىم دەپ قويۇش بىلەن توغرىلانمايدۇ، پەقەت توغرا ئىش توغرا نىيەت بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ، خاتا ئىش توغرا نىيەت بىلەنمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ.

---

(1) ئىبنى ماجىھ رىۋايەت قىلغان.
(2) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

# سوُنغان سانار

(مەشرەپ ھەققىدە قىسسە)

مىركەرىم ئاسىم (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)

## 1. ئۆتمۈش بىلەن ئۇچرىشىش

— نەمەنگان شەھىرىدىن كەتكىنىمگە ئون سەككىز يىل بولۇپ قاپتۇ - دە، تۇۋا، ۋاقىتمۇ تاغدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۇدەك تېز ئېقىپ ئۆتىدىكەن. يېقىندىلا بۇ كوچىلارنى چېكىتىپ يۈرۈتتۇققۇ — دېدى مەشرەپ جامە يېنىدىكى تار كوچىدا ئېشىكىدىن چۈشۈپ، — مانا، ئۆيۈمگىمۇ يېتىپ كەلدىم. قارىشىمچە جۇمە مەسچىتىمۇ، مەھەللىمىزدىكى ئۆيلەرمۇ كىچىكلەپ قالغاندەك.

— بالا چاغدا كۆزگە ھەر نەرسە چوڭ كۆرۈنىدۇ. يادىڭىزدىمۇ؟ كىچىك چېغىمىزدا ياغاچ ئات مىنىپ، مازار ئايلىنىپ كېلەتتۇق، كېيىن بۇ مەسچىت ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان سۇدا «ئاتلىرى» مىزنى سۇغۇرۇپ، ئۇلارنى قاڭتۇراتتۇق - دە، ئۆزىمىزنى كۆلگە تاشلايتتۇق، — دەپ جاۋاب بەردى يۈز - كۆزىنى تاتۇق باسقان شادۆلەت ھېجىيىپ، — بەزى ۋاقىتلاردا نېمىشقا ئېتىمغا بوغۇز بەرمىدىڭ؟ دەپ ماڭا خاپا بولاتتىڭىز.

— ئاجايىپ ۋاقىتلار ئىدى - ھە! باللىق چاغلىرىمىز بۇ كوچىلاردا كەتتى.

يۈزىنى ئاق داكا ياغلىق بىلەن چۈمكىگەن بىر ئايال ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ تۇردى - دە، كېيىن ئالدىراپ مېڭىپ كەتتى.

— سەن ئېتىمىزنى ئۆزۈڭ ئېلىپ كەت. ئانام ئىتنى يامان كۆرىدۇ، — دېدى مەشرەپ نەقىشلەنگەن پەس، كونا دەرۋازا ئالدىدا توختاپ.

— ئەنسىرىمە، ئۇنى ئاچ قويمايمەن، قاراپ قويىمەن. بىر پارچە نان تاپسام، يېرىمى ئۇنىڭكى، — دېدى شادۆلەت تۇمشۇقىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان قارا ئىتنى سىلاپ.

تارغىنا تاشقىرقى ھويلىنى سۈپۈرۈۋاتقان نوچىغىنا ئايال كوچىدا سۆزلىشىپ تۇرغان ئىككى كىشىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ تۇردى - دە، بىردىن ئېچىلىپ كەتتى. بىر دەمدىن كېيىن دەرۋازىنى كەڭ ئېچىپ، ئېشىكىنى يېتەكلىگەنچە كىرىپ كېلىۋاتقان بابارەھىمنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى، ئۇنىڭ مۈرىسىنى قېقىپ كۆرۈشتى - دە:

— ۋاي، ئاكا، ساق - سالامەت كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى ھودۇقۇپ، — سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟ سىزنى كۆرىدىغان كۈنمۇ بولىدىكەن، كۈتۈۋېرىپ ئۆلگۈدەك بولدۇققۇ! — مەشرەپنىڭ سىڭلىسى ئۆز ئاكىسىنى ئۆز ۋىندىن بېرى كۆرمىگەن بولسىمۇ باشقىلاردىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئايرىمچە تۇرىدىغان چىراي - تۇرقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ ئۇنى دەرھال تونۇغانىدى.

— مانا، كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئۆزۈڭ سالامەتمۇسەن؟ ئانام ساق - سالامەتمۇ؟

— خۇداغا شۈكرى، ھەممىمىز ساق - سالامەتمىز، ئامان - ئېسەنمىز.

— مانى قارا! سېنى ئاران تونىدىم، بويىڭغا يېتىپ، بالا - چاقىلىق بولۇپسەن، ئاڭلىدىم.

— ھە، ئىككى بالام بار، ئوينىشىپ يۈرىدۇ. ئەمما، ئانام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان، كۆزى خىرە كۆرىدۇ ... سېنى تاشلاپ كەتكىنىڭىزدىن كېيىن، پىراقىڭىزدا يۈرەك - باغرى كاۋاپ بولۇپ، مىجەزى يوق بولۇپ قالغان. «ئىھ، جېنىم ئوغلۇم، ۋاي كۆرەر كۆزۈم» دەپ ياتىدۇ ...

— ئۇنداق بولسا، ئالدىغا تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كىرمەي، يانا خۇشلۇقتىن يۈرىكى يېرىلىپ كەتمىسۇن. مەن ئېشىكىمنى ئېغىلغا باغلاپ قويۇپ، سىرتتا بىر ئاز ئايلىنىپ يۈرەي، سەن ئالدىغا كىرىپ، مەندىن سۆز ئاچ: «چۈش كۆرۈپتىمەن، ئۇنداق - مۇنداق» دەپ دىدار كۆرۈشۈشكە ئانامنى تەييار قىلىپ تۇر.

چاچلىرىمۇ، قورۇق باسقان يۈزىمۇ قاردەك ئاقىرىپ كەتكەن موماي تامغا تىرەپ قويۇلغان ياستۇققا يۆلىنىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. ئېگىز بويلۇق قىزى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ياستۇقنى تۈزەشتۈرۈپ، بېشىدىكى داكا ياغلىقىنى توغرىلىدى - دە، ئاستا سۆز باشلىدى:

— ئانا، مەن تاڭ سەھەردە قىزىق بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، ئاكام كوچىدىن ئېشىكىنى يېتەكلەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن، بېرىپ مۆرىسىدىن قۇچاقلاي دېسەم، ماڭالماي قالدىم، ئەلەمگە چىدىماي يىغلىۋېتىپتىمەن.

— ياخشى چۈش كۆرۈپسەن، قىزىم، خۇدا بۇيرۇسا، بابارەھىم بىلەن دىدار كۆرۈشىمىز. كىمكى چۈشىدە يىغلىسا ئوڭىدا خۇش بولىدۇ. كۆرۈشمىگىنىڭ ياخشى بولۇپتۇ.

ئىچكىركى ھويلىغا كىرىپ پاناھلىنىپ تۇرغان مەشرەپ ئانىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھاياجانلاندى. ئۇنىڭ يۈگۈرۈپ كىرىپ كۆرۈشكىسى كېلىپ، ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئىللىق ئاۋاز بىلەن كۈيلەشكە باشلىدى:

سەھەرلەر تولغىنىپ، تولغاغدا تاپقان بىر بالاڭ كەلدى،
يۈزى ئاقۇ قىزىل گۈلدەك، شەھىدى كەربالاڭ كەلدى.
ئانادەك مېھرىبان قايدا، ئاتادەك غەمگۈزار قايدا؟
ئالاردەك ئىچكۆيەر قايدا، غەرىب بولغان بالاڭ كەلدى.

— ۋاي، ئوغلۇمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم، — دېدى موماي ھاسىراپ، — سىرتقا چىقىپ قارا ... كەلگىنى راست بولسا!

يۈزى نۇرلىنىپ كەتكەن قىزى ھويلىغا چىقىپ، ئاكىسىنى يېتەكلەپ كىردى. بابارەھىم ئاستا ئانىسى ئالدىدا تىزلىنىپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى يۈزىگە سۈركەشكە باشلىدى. موماي ئۇنىڭ

بېشى، يۈز - كۆزىنى سىيلاپ ئەندىكىپ تۇردى - دە، بىردىن يىغلىۋەتتى.

— خۇداغا شۈكرى، ئۆچكەن چىرىغىم باشقىدىن يورۇدى، — دېدى ئۇ ئۆپكىسىنى بېسىپ، — چىلتەنلەر نەزەر سالدى، ئائىلىمىز باشقىدىن ئاۋات بولدى ... بالام بىر ۋاقىتلاردا ئاشىقلارنىڭ ئاتا - ئانىسى بولماس، دەپ بىزنى تاشلاپ كەتكەن ئىدىڭ. ئۆرتىنىپ قېلىۋەرگەندۇق، مەيلى، تەقدىردە بارى شۇ ئىكەن، ئەمما سەندىن خاپا ئەمەسمەن، ئۆزۈڭ تىنىمسىز بولۇپ تۇغۇلغانتىڭ.

— راست، مەن بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرالمايمە. چۆل - باياۋانلار، تاغۇ تاشلار، ناتونۇش ئەللەرنى كېزىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىمەن. ئەمما، مەن بارغان شەھەر ۋە يېزىلاردا جاپادىن يۈرىكى پارە بولغان خەلقنى كۆردۈم، ئۆزۈم پالاكەتكە ئۇچرىدىم، قەشقەرگە بېرىپ، ئىخلاس تۇزىقىغا ئىلىندىم، ياشلىقىم خاراب بولدى.

— سەن ئېيتما، مەن ئاڭلىماي، ئۇ تەرەپتىن كەلگەن دىۋانىلار بېشىڭغا چۈشكەن ئاپەتتىن بىزنى خەۋەردار قىلغانىدى، — دېدى موماي كۆز ياشلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ، — جەبىر - جاپالار تارتىپسەن، ئاڭلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى بالام، سەندە گۇناھ يوق، تەقدىر ئەزەل شۇنداق.

بابارەھىم سۆھبەتنى باشقا ياققا بۇراش ئۈچۈن قوشنا - قولۇم، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى سوراشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۆلگىنىنى، كۆپچىلىكى تىرىك ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، مولla بازار ئاخۇنۇمدىن سۆز ئاچتى.

— بۇلتۇر جان تەسلىم قىلغان، — دېدى موماي خورسىنىپ، — تاماقتىن كېيىن بېرىپ، قەبرىنى زىيارەت قىلىپ كېلەرسەن.

بابارەھىم ئانىسى بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندا سىڭلىسى ئوچاققا ئوت قالاپ، قازان ئاستى. ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، داستىخان سېلىپ، ھېجىردە تۆپىسىگە بىر قوشۇقتىن قورۇما سېلىنغان تاماق ئېلىپ كەلدى.

— ھەي، ھەي، نېمانچە تاتلىق! — دېدى بابارەھىم تاماق يېگەچ، — قولۇڭ دەردە كۆرمىسۇن، سىڭلىم.

— ھە، قولى تەملىك ئاشپەز، پىچىش - تىكىشنى بىلىدۇ، خېتىمۇ چىرايلىق، — دەپ قىزىنى ماختاپلا كەتتى موماي جانلىنىپ، — يازغان نەرسىلىرىڭنى ئۇنىڭغا بەر، كۆچۈرۈپ بېرىدۇ.

— ياخشى، شېئىرلىرىمنى پارچە - پۇرات قەغەزلەرگە يېزىپ قويغانمەن، كىتابلىرىم ئىچىدە، — دېدى مەشرەپ، — قەغەزگە چۈشمىگەن شېئىرلىرىممۇ بار، ئۇلار يادىمدا، ئېيتىپ بېرىپ يازدۇرىمەن.

— خوپ، جېنىم بىلەن، — دېدى سىڭلىسى خوش بولۇپ، — كۆرگەن - بىلگەنلىرىڭىزنىمۇ ئېيتىپ بېرەرسىز. سىزنىڭ ھەققىڭىزدە بىر داستان يېزىشنى ئويلاپ قويغانمەن.

كەچقۇرۇنراق مەشرەپ كوچىغا چىقىپ، ساي بويىدىكى خانىقا ياققا قاراپ ماڭدى. يولدا كونا تونۇش - بىلىشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن ھال - ئەھۋال سورىشىپ، ساي بويىغا يېتىپ بارغىنىنىمۇ بىلمەي قالدى. خانىقانىڭ چوڭ دەرۋازىسى كەڭ ئوچۇق تۇراتتى،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۇ بوسۇغا ئۈستىدىن تارتىپ قويۇلغان يوغان زەنجىر ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئىچىگە كىرىپ، ئۇلۇغ تەرەپتە قەد كۆتۈرگەن ئېگىز مەقبەرىنى كۆردى. شۇئان تۇنجى ئۇستازى — قويۇق قاشلىرى قاپقارا بولسىمۇ پاخماق ساقىلى قاردەك ئاقىرىپ كەتكەن موللا بازار ئاخۇنۇم كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى.

بابارەھىم يەتتە ياشقا قەدەم باسقاندا، ئانىسى ئۇنى شۇ خانىقا ئىچىدىكى مەكتەپكە باشلاپ كېلىپ، بالىلارنى ئوقۇتۇپ ئولتۇرغان موللا بازار ئالدىغا بىر چاپانلىق رەخت بىلەن يەتتە نان قويۇپ: «ئوغلۇمنى سىزگە تاپشۇردۇم، ئوقۇتۇڭ، ئېتى سىزنىڭكى، سۆڭىكى مېنىڭكى» دېگىنى ئېسىگە چۈشتى.

بابارەھىم ئەرەب ھەرپلىرى يېزىلغان ياغاچ تاختىنى يوقتىپ كەلگەنىدى. خەلپەت ئۇنى ئالدىغا تىزلاندۇرغانىدى ـ دە، بارماقلىرى بىلەن ھەرپلەرنى كۆرسىتىپ: «مانا بۇ ئەلىف»، بۇسى «بە» دەپ ئۇنى ئوقۇتۇشقا باشلىغانىدى. بابارەھىمنىڭ زېھنى ئۆتكۈر بولغاچقا ئىككى ـ ئۈچ ئايدا ھەممە ھەرپلەرنى بىلىۋېلىپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە قوشۇپ: «ئەبجەد، خەۋۋاز ...» دەپ ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدى. ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇپ، بىر يىل ئىچىدە «چار كىتاب» قا چۈشتى.

خەلپىتىگە نىسبەتەن قەلبىدە ئىللىق بىر ھېس پەيدا بولغان چاغدا، خاتىرىسىنىڭ بىر يېرىدىن كەلگەن سوغۇق شامال كۆڭلىنى سوۋۇتۇشقا باشلىدى، «كېيىن مېنى قەشقەرگە ماڭدۇرغانمۇ ئۇ كىشى ئىدىغۇ، ئۇ يەردە ياشلىقىم گۈلزارىنى سوغۇق ئۇردى» دەپ ئويلىدى مەشرەپ، لېكىن ئۆزۈمدىمۇ ئەيىب بار. ئىلىمگە مەغرۇر بولۇپ، دىنىي مەسىلىلەردە خەلپىتىمنى مات قىلىپ ئويالدۇرۇپ قوياتتىم. بەزى قىلمىشلىرىم بىلەن ئۇ كىشىنىڭ چىشىغا تېگەتتىم. موللا بازار ئورنىدا باشقا ھەرقانداق ئادەم بولغاندىمۇ مېنى نەمەنگاندىن سۈرگۈن قىلىۋەتكەن بولاتتى. ئەمما، ئافاق خوجىدىن ئازار يېگىنىم ئۈچۈن ئۇ كىشى ئەيىبلىك ئەمەس. بېشىمغا بۇنداق پالاكەت كېلىشىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن. خەققە قەستەن يامانلىق قىلىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى، موللا بازار ئاخۇنۇم كۆڭلى پاك دىۋانە ئىدى».

ئۇ ئاستا مېڭىپ، قەبرە ئالدىغا كەلگەندە كۆڭلى ئاداۋەت بولۇتىدىن قۇتۇلۇپ، باغرىغا ئىللىق شامال كېلىپ سوققاندەك بولدى. شېئىرىيەت ئىلاھى قولىقىغا شىۋىرلىغان غەزەلنى يېقىملىق ئاۋاز بىلەن كۈيلەشكە باشلىدى:

مەئرەفەتنىڭ گۈلزارى موللا بازار دىۋانە،
ئاشىقلارنىڭ سەردارى موللا بازار دىۋانە.

خانىقا ئىچىدىكىلەر ئۇنىڭ نەي ساداسىدەك يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئەتراپىغا يىغىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قول قوشتۇرۇپ تۇراتتى، بەزىلىرى بارماقلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇراتتى.

مەشرەپ كۈيلەشتىن توختاپ، باش ئېگىپ تۇرغاندا، قوڭۇر ساقىلىغا ئاق ئارىلىغان كۆك كۆز بىر بوۋاي ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مۈرىسىگە قولىنى قويدى ـ دە:

— ئەمدى شۇ يېقىملىق ئاۋازىڭىز بىلەن بىر مۇرشىد روھىغا قۇرئان

ئوقۇۋەتسىڭىز، — دېدى.

مەشرەپ بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭغا قاراپ: «بۇ ئادەمنى نەدىدۇر كۆرگەنمەن؟ — دەپ ئويلاشقا باشلىدى، — ھە، بۇ بوۋاي موللا بازار ئاخۇنۇمنىڭ چاپارمەنلىرىدىن مۇھەممەد رىزا شەيخقۇ! ...»

— ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن قۇرئان ئوقۇشنىڭ پايدىسى يوق، — دېدى مەشرەپ ئۇنىڭغا ئۆرۈلۈپ، — ھەركىم ھايات چېغىدا قىلغان ئىش - ئەمەلىگە قاراپ ئەجرىنى كۆرگۈسى. مەن ئۇستازىمغا ئۆز غەزەللىرىمنى بېغىشلىدىم. شايەر ئەرۋاھلىرى شاد بولغاي...

شەيخ قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تارتىپ ئالدى - دە، كۆك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— ماڭاۋەي، تېخى شاتىراقلىقىڭ قالماپتۇ! — دېدى.

باباراھىم ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ، ياشلىقىنى ئەسلىدى، ئاچچىق - چۈچۈك خاتىرىلەر بىلەن تولغان ئۆسمۈرلۈك، يىگىتلىك دەۋرى كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

## 2. ئۆمۈر باھارىنىڭ تىكەنلىك گۈللىرى

كەچقۇرۇن ئائىلە ئەزالىرى پېشايۋاندا ماتا داستىخان ئەتراپىغا توپلىنىپ، ياغاچ قوشۇق بىلەن خورىلدىتىپ سۇيۇقئاش ئىچىۋاتقانىدى. ئونغا تولۇپ ئونبىرگە قەدەم قويغان كېلىشكەن بالا — باباراھىم ھەممىدىن ئاۋۋال قاچىسىنى بوشىتىپ، ئۇنى نېرىراق سۈرۈپ قويدى - دە، تۇساتتىن:

— ئابە، ماڭا ساتار ئېلىپ بېرىڭ، — دېدى.

قىرىققا كىرگەن بولسىمۇ، ئورۇق يۈزىنى قورۇقلار باسقان، چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان ئانىسى ئاش ئىچىشتىن توختاپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى - دە:

— ئابە ئەمەس، مېنى ئانا دەپ چاقىر، بىز نەمەنگانلىق ئەمەسمىز، — دېدى، — ئاۋارە بولما ئوغلۇم، مەندە ساتار تۇگۇل، ناغرىغىمۇ پۇل يوق.

— ئابدۇساتتار ئاكا ئوغلىغا ساتار ئېلىپ بېرىپتۇ.

— ئۇ باي ئادەم. بىز بىر ئامال قىلىپ كۈن ئۆتكۈزىۋاتىمىز. ئاتاڭ ھايات بولغىنىدا باشقا گەپ ئىدى. سەن سازەندە ئەمەس، موللايى بائەمەل بولغايسەن...

باباراھىم موللىلاردىن يازارلاردا ساتار چېلىپ قوشاق ئېيتقۇچى سازەندىلەرنى ئەلا بىلەتتى. ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، دۇنيا كۆزىگە قاراڭغۇ بولۇپ كەتتى.

— ئانا، ئاكامغا دۇتار ئېلىپ بېرىڭ، — دېدى ئۇنىڭ چاچلىرى ئۇششاق قىلىپ ئۆرۈلگەن بەش ياشلىق سىڭلىسى، — ئاكام دۇتار چالسا، مەن ئۇسسۇل ئوينايمەن...

— ئۇسسۇل ئوينىغاندىن كۆرە، قولۇڭغا سۈپۈرگە ئېلىپ، ھويلىنى سۈپۈر! — دېدى ئانىسى تەنىلىك كۈلۈپ، — سەن چوڭ بولغىنىڭدا ئۇسسۇلچى ئەمەس، ئاتىن[1] بولغايسەن. ئۇششاق بالىلارنى يىغىپ، ئوقۇتقايسەن.

— مەن چوڭ بولغاندا سىزدەك ئەتىدىن كەچكىچە يىپ ئىگىرىمەن.

---

(1) ئاتىن — موللا خوتۇن، ئابىستاي، دېگەن مەنىدە - ت.

www.uyghurkitap.com

— ياخشىراق نىيەت قىل، قىزىم. ئاتاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، بۇ ئېغىر ئىش مې... بېشىمغا چۈشتى، سېنىڭ بېشىڭغا چۈشمىسۇن.

خېلىدىن بېرى بىر - بىرسىگە تۇتاشقان قاشلىرىنى ھىمىرىپ، قاپىقىنى سېلىپ ئولتۇرغان بابارەھىم ئۈنچىقماي ئورنىدىن تۇردى - دە، يالاڭ ئاياغ پېتى كوچىغا چىقىپ كەتتى. بويى ئۆسۈپ زىلۋالىشىپ قالغان ئوغلىنىڭ قارىداپ، يېرىلىپ كەتكەن پۇتىنى كۆرگەچ، ئانا بىچارىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى: «قىشلىق كۆڭلەك ئالىمەن دەپ يىغىپ قويغان پۇلۇمغا ئۆتۈك ئېلىپ بەرسەم بولىدىكەن — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ساتارغىمۇ پۇل ئېشىپ قالىدۇ. چېچىم ئاقارغاندا ماڭا ياسىنىپ يۈرۈشنى كىم قويۇپتۇ. ماڭا ماتا كۆڭلەكمۇ بولىۋېرىدۇ.»

قورسىقى تويۇپ خۇشال بولغان قىزى يەرگە سەكرەپ چۈشتى - دە، ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچىدىن تۇتۇپ، سەكرەپ ئويناشقا باشلىدى. كېيىن قوڭغۇراقتەك ئاۋازدا چاڭىلداپ، قوشاق ئوقۇشقا كىرىشتى:

چاقىم غور - غور ئېتىدۇ،
مەرغۇلانغا يېتىدۇ.
مەرغۇلاننىڭ قىزلىرى،
قىزىل ئالما تېرىيدۇ.
قىزىل ئالما پىشىپتۇ،
تار كوچىغا چۈشۈپتۇ.
تار كوچىڭىز تار ئىكەن،
يولدا بەرزار[1] بار ئىكەن.
ئۇ بەرزارنىڭ خوتۇنى،
شايى كۆڭلەككە زار ئىكەن.

— بەرزارمۇ ئۆلسۇن! — دەپ كۈلۈۋەتتى ئانا، — ئۇنىڭدىن كۆرە خوتۇنىغا شايى كۆڭلەك ئېلىپ بەرسە ئۆلەمتى ... ئەمما ماڭا شايى كۆڭلەك كېرەك ئەمەس، باللىرىم سالامەت بولسىلا، بەس!

* * *

بابارەھىم يۈگۈرگەن پېتى ئىشىكتىن چىقىپ، مەھەللىدىكى چوڭ مەسچىت ھويلىسىغا كىردى - دە، كۆلنىڭ لېۋىگە كېلىپ، قىپيالىڭاچ بولۇپ ئۆزىنى سۇغا تاشلىدى. كوچىدا ئويناپ يۈرگەن باللار سۇنىڭ شاپىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مەسچىتكە يۈگۈرۈپ كىرىشتى، ئۇلار كۆل بويىغا كېلىشىپ، ئالدىراپ - تېنەپ يېشىنىشكە باشلىدى. قىيا - چىيا باشلىدى. باللار ئالدىرىشىپ، ۋارقىرىشىپ، سۇدا ئۆز كارامەتلىرىنى نامايان قىلىشقا كىرىشتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى غولاچ ئېتىپ ئۈزۈشنى بىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولاتتى؛ بەزىلىرى باش چۆكۈرۈپ، خېلىدىن خېلىغىچە سۇ ئاستىدا ئۈزەتتى. كېيىن كۆلنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن پۇشقۇرۇپ چىقاتتى. قىيا - چىيا، شاۋقۇن - سۈرەننى ئاڭلىغان مەھەللە تونلۇق، ئاپئاق ساقال ئىمام ئابدۇخالىق قارى ئاستا مېڭىپ كۆلنىڭ لېۋىگە كەلدى ۋە ھاسىسى بىلەن

(1) بەرزار — گەزمالچى، سودىگەر

باللارنى قوغلاشقا باشلىدى. قىپيالىڭاچ باللار تۆگۈن قىلىپ دەرەخنىڭ پۇتاقلىرىغا قىستۇرۇپ قويغان كۆڭلەك، ئىشتانلىرىمنى ئېلىپ قېچىشقا باشلىدى.

— نومۇس قىلىشمامسەن، مەسچىت ھويلىسىدىكى كۆلدە يالىڭاچ چۆمۈلگىلى؟ — دېدى ئىمام، ئالدىرىماي كېيىنىۋاتقان بابارەھىمگە ئالىيىپ قاراپ. — مەسچىت خۇدانىڭ ئۆيىغۇ!

— خۇدانىڭ ئۆزى ئادەملەرنى يالىڭاچ ياراتقان. ئۆزىڭىز ئېيتىپ بېقىڭچۇ، مەن بۇ دۇنياغا كۆڭلەك - ئىشتان بىلەن كەلگەنمىدىم؟

ئىمام سوئالغا جاۋاب بەرمەي غودىرىغىنىچە سۇپۇرگىسىنى مورىسىگە قويۇپ، ئالدىغا كەلگەن كوزىچىگە يۈزلەندى:

— بۇ شۇمتەكلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ بىر سۆز بىلەن مېنى مات قىلماقچى بولدىغۇ! ئاخىر زامان بالىسى - دە! ئەستاغپۇرۇللا! ... — كېيىن بابارەھىمگە تىكىلىپ غۇڭشىدى: — كوچىنى چېڭداپ، يالىڭاچ سۇغا چۆمۈلۈپ يۈرگەندىن كۆرە، جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇساڭ ئۆلەتتىڭمۇ؟

— ئەمدى ئون بىر ياشقا كىردىمغۇ، مەسچىتكە چىقىپ ناماز ئوقۇيمۇ؟ بالاغەت يېشىغا يەتمەي تۇرۇپ ئوينىۋالاي!

— ئوينىۋال شۇمتەك، ئوينىۋال... بالاغەتكە يەتكىنىڭدە مۇھتەسىبنىڭ دەررىسى ھوشۇڭنى جايىغا كەلتۈرۈپ قويار، — چىرايى تۈرۈلۈپ، پېشانىسى پۈرۈشكەن قېرى ئىمام كوزىچىگە ئۆرۈلۈپ: — بۇ ۋەلەك كىمنىڭ ئوغلى! — دەپ سورىدى.

— مەرھۇم ۋەلىبابانىڭ پەرزەنتى، ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل، بىر قىز قالغانىدى.

— ۋەلىبابا ئۆز ئوغلىغا ياخشى تەربىيەت بېرەلمىگەن - دە! بۇ شۇمتەك بىرەر مەكتەپتە ئوقۇمدۇ؟

— ھەئە تەقسىر، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، زېھنى ئۆتكۈر ئىمىش. ھەپتىيەكنى تاماملاپ ساۋاتلىق بوپتۇ. خوجا ھاپىز غەزەللىرىنى شارقىرىتىپ ئوقۇيمىش.

— توۋا، چوڭلاردەك ساۋاتلىق بولسىمۇ، باللىقى قالماپتۇ، يا دىۋانىمىكىن؟

— ساراڭ - دىۋانە بولسا، شۇنداق ئۇلۇغ ئادەمنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ مېغىزىنى چاقالامدۇ؟ زېھنى ئۆتكۈر، ئىدراكلىك بالا. مەھەللىسىدىكى ئىرانىي، تاجىك باللىرى بىلەن بىللە ئويناپ يۈرۈپ پارس تىلىنى ئۆگىنىۋالغان. ئۇلارنىڭ تىلىدا جاۋۇلدىشىپ سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى بىر نەچچە قېتىم ئاڭلىغانمەن.

— توۋا، ئۆتكۈرلۈكى بېشىغا چىقمىسا ئىدى. ئەگەر ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالمىسا، بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈن بېشىدا تاياق ئوينايدۇ، — دېدى ئىمام بومبا ساقىلىنى سىيپاپ، — ئەمما دىۋانە بولسا، باشقا گەپ ئىدى. ئەس - ھوشى جايىدا بولمىغان ئادەمگە ناماز ئوقۇشمۇ پەرز ئەمەس، روزا تۇتۇشمۇ شۇنداق. شەرىئەتنىڭ بۇيرۇقى شۇ.

ئىمام بىلەن كوزىچى نېرى كەتكەندىن كېيىن، بابارەھىم كىيىنىۋالدى. كوچىغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا: «ئىمام مېنى دىۋانە دەپ ئويلايدىغان ئوخشايدۇ، — دەپ غودۇردى، — بوپتۇ، نېمە دېسە دەۋەرسۇن، ئەگەر ماڭا چېقىلىدىغان بولسا ئۆزۈمنى دىۋانە قىلىپ چىقىمەن!»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* * *

ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، كەچكى تاماق ئۈستىدە ئانا ئوغلىنى خۇش قىلدى.

— كوچا ـ كويدا ئەمەس، ئۆيدە چالسەڭ، ساڭا ساتار ئېلىپ بېرەي. بىر ئاز يىغقان پۇلۇم بار. يان قوشنىمىز ئابدۇساتتار تەمبۇرچىگە ئېيتىپ قويدۇم. ساڭا ياخشى ساتار ئېلىپ بېرىدۇ، — دېدى.

— راستمۇ؟! — دەپ ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى بابارەھىم، — جېنىم ئانا، قانداق ئىش تاپشۇرسىڭىز، جېنىم بىلەن قىلىمەن، سۆزلىرىڭىزنى يەردە قويمايمەن.

ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇسىغا يېتىشكەندىن كېيىن، بابارەھىم يېپەكتەك مۇلايىم بولۇپ، ئانىسىنىڭ سۆزىدىن چىقمايدىغان بولۇپ قالدى. جۇمە كۈنلىرى ئانىسى بىلەن بازارغا چىقىپ، يىپ سېتىش، يىمەك ـ ئىچمەك سېتىۋېلىشقا ياردەملىشەتتى. بوش ۋاقتىدا قولىغا ساتارنى ئېلىپ، قۇلىقىنى ئاستا بوراپ، بېشىنى سىڭايان قىلىپ، چېلىشقا باشلايتتى. ئۆزى خۇش ئاۋاز، مۇسىقىي خاتىرىسى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئاڭلىغان كۈيلىرىنى يادىدا ساقلاپ قالاتتى، سىرتلاردا غىڭشىپ يۈرەتتى. بەزىدە بابارەھىمنىڭ دوستلىرى ئۇنى ساتار چېلىپ، ئېيتقان قوشاقلىرىنى زوقلىنىپ تىڭشايتتى.

* * *

بابارەھىم بالاغەت يېشىغا يېتىپ، ئىنچىكە بورۇتلۇق يىگىت بولۇپ يېتىشتى. ئاق ياغلىق سېلىپ، كۆزلىرىنىلا كۆرسىتىپ يۈرىدىغان قىزلار ئۇنىڭ كېلىشكەن قامىتى، بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان قاشلىرىغا زوقلىنىپ قارايدىغان بولدى. مەكتەپتە ئوقۇلىدىغان ھەممە كىتابلارنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدىغان بولۇپ قالغان بابارەھىمنى ئۇستازى ئۆزىگە خەلپەت — ياردەمچى قىلىۋالدى، بەزىدە ئۇنىڭ ئىشى چىقىپ قالغاندا، خەلپىتىنى قالدۇرۇپ كېتىپ قالاتتى. بابارەھىم موللا بازارنىڭ تۆردىكى ئورنى — ئېيىق تېرىسىغا ئولتۇرۇپ، پېشىنگىچە خەلپەتلىك قىلاتتى.

بىر كۈنى بالىلار ئوقۇشتىن ئازاد بولۇپ، ئۆيلىرىگە كەتكەندىن كېيىن، ئۆز خانىسىغا يېنىپ چىققان موللا بازار ئۇنى ئالدىغا چاقىردى. بابارەھىم بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆتكەچ، ئۇستازىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئۇنىڭ ئىككى مۇرىتى — مۇھەممەد رىزا بىلەن ئەلىقۇلىغا كۆزى چۈشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئۇستاز، مېنى چاقىرتقانكەنسىز.

— ھە، — دەپ ئۇنىڭغا قارىدى چاچ ـ ساقىلى ئاقىرىپ، كىرپىكلىرى چۈشۈپ كەتكەن، بومبا ساقال موللا بازار ئېلىك ئالغاندىن كېيىن، — بىز ھازىر سەن توغرىلىق سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندۇق. يىگىتلىك پەسلىگە قەدەم تاشلاپ، خېلى ياخشى غەزەللەر ئېيتىدىغان بولۇپ قالساڭمۇ، بەزى قىلىقلىرىڭ غەلىتە. بوش ۋاقىتلىرىڭدا قولۇڭدا ساتار، بەزىدە ساي بويىدا، بەزىدە دالىدا تىنەپ يۈرسەن، قېنى ئەمدى، پېقىرلىقنى ئىختىيار قىل،

ساتارنىڭ تا كېچىكىچە قويۇپ، زاھىدو تەقۋا بورىياسى تۆپىسىگە ئولتۇر. ئەتە جۈمە كۈنى خانىقاغا كەل، مەردى خۇدالار قاتارىدا زىكرو ساما قىل ...

— ھى، پىرى كامىل، — دەپ سۆزىنى تارتىۋالدى بابارەھىم گۈركىرەپ، — ئەپسۇسكى، ئەتە خانىقاغا كېلىپ، زاھىتلار بىلەن بىللە زىكرىگە چۈشەلمەيمەن. مەن يارى جانانىمغا جۈمە كۈنى ئۇچرىشىمىز، دەپ ۋەدە بېرىپ قويغانتىم. قارىشىمچە، ئۇ زىبا سەنىمىمنىڭ يۈزىدىن تارىغان نۇر ھەممە ياقنى مۇنەۋۋەر قىلىپ تۇرغاندەك. قاراڭغۇ ئۆيگە تىقىلىپ ھۇۋ - ھۇۋ قىلغاندىن كۆرە، ئاشۇ مەشۇقۇم بىلەن ئۇچرىشىپ، جامالىنى تاماشا قىلسام بولمامدۇ؟

مۇللا بازار يېنىدا ئولتۇرغان مەللە تونلۇق، قوڭۇر ساقال مۇرىتى مۇھەممەد رىزاغا مەنىلىك قاراپ قويغاندىن كېيىن، بابارەھىمگە يۈزلىنىپ:

— سېنىڭ مەشۇقۇڭ بارلىقىدىن بىخەۋەر ئىـــكەنمەن، — دېدى سەنلەپ، — ئۇچرىشىمەن دەپ ۋەدە قىلغان ئىكەنسەن، بارغىن، پۈتىنى سۆي. «ئەلۋەدەيى دەين»، يەنى ۋەدە قەرزدۇر، دېگەن. قەرزنى ئۈزۈش ئەر - يىگىتنىڭ ئىشى.

بابارەھىم تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى.

— بۇ يىگىت ئىشق يولىغا كىرگەنگە ئوخشايدۇ، — دېدى مۇھەممەد رىزا كۆكۈچ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — رۇخسەت قىلسىلا، ئەلىقۇل ئىككىمىز كەينىدىن بېرىپ، يارى بىلەن بىرگە تۇرغاندا تۇتۇپلا، يۈزىگە قارا سۈرتۈپ، ھوزۇرلىرىغا ئېلىپ كەلسەك ...

— مەيلى، — دېدى مۇللا بازار بىئارام بولۇپ، — ئەمدى ماڭايلى، تاھارەت ئېلىپ، نامازدىگەرنى ئوقۇشقا ھازىرلىنايلى ...

ئەتىسى ئەتىگەن ئالەم نۇر دەرياسىغا غەرق بولغان چاغدا بابارەھىم ئاق يەكتىكىنىڭ ئېتىكىنى بەلبېغىغا قىستۇرۇپ، ساتارىنى قولىغا ئېلىپ يولغا چىقتى. بازار ئاۋات، ئېلىپ - ساتارلارنىڭ شاۋقۇنى، زاھىتلارنىڭ ھۇۋلىشى بىلەن تولغان شەھەر ئارقىدا قالدى. بابارەھىم ئىدىرغا كۆتۈرۈلۈپ، ئوت - چۆپ، ۋە رەڭمۇرەڭ گۈل - گىياھلار ھىدى بىلەن تولغان ھاۋادىن قېنىپ - قېنىپ نەپەس ئالدى. ياش ئاشىقنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالغان شامال ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمە دەپ شىۋىرلىدى، ئاسماندا پىرقىـــراۋاتقان تورغايلار چۇرقىرىشىپ، ئۇنى قارشى ئالاتتى. ھاشاراتلارنى ھەسەل بىلەن كۈتۈۋالغان گۈللەر كۈلۈپ باقاتتى. ئىچىگە شەبنەم يىغىلغان لەيلىقازاق گۈللىرى ئۇنىڭغا ھوزۇر سۇناتتى. قارىغۇ چاشقانلار چىقىرىپ تاشلىغان توپا دۆۋىلىرى دۆۋە - دۆۋە بولۇپ تۇراتتى. نەپەس ئېلىپ تۇرغان گۈل - گىياھلار ھىدىدىن، تۇپراق ھىدىدىن مەست بولغان بابارەھىم ئۆزىنى پادىشاھتەك ھېس قىلاتتى. كۆز ئالدىدا جامالىنىڭ نۇرى يەر يۈزىگە چۈشۈپ تۇرغان، زىبا سەنىمى گۈلدەك يۈزىدىن چۈمبىلىنى ئاچماي، ناز قىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ قولىغا ساتار ئېلىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن يۈرەك دەردىنى ئىزھار قىلىشقا باشلىدى:

ئەرزىمنى ئايتاي بادى سەباغە،
بىزدىن دۇئا دەپ ئول بىۋەفاغە.
ئەي يارى جانىم، كۆرسەت جەمالىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جانىم تەسەددۇق سەن خوش ئەداغە.
ئىشقىڭدا كۆيدۇم، ئەي سەرۋى نازىم،
بىر مەرھەمەت قىل شاھۇ گەداغە!

نېرىراقتا ئوتتۇرىسىدىن سۇ شارقىراپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سايدىكى دەرەخلەر ئۈستىدە شاختىن ـ شاخقا سەكرەپ ئويناۋاتقان بىر بۇلبۇل ساتار ئاۋازىنى ئاڭلاپ، چاڭغىلداپ سايراپ كەتتى. ھاۋادىكى تورغايلار ئۇنىڭغا جور بولدى. ئۆز ئاۋازىدىن مەست بولغان بابارەھىم دەم ئېلىش ئۈچۈن، يەرگە ئولتۇردى، كېيىن قارىغۇ چاشقانلار چىقىرىپ تاشلىغان توپا دۆۋىلىرىدىن بىرىگە باش قويۇپ ئاسمانغا قاراپ ياتتى. كۆز ئالدىدا پۈتۈن كائىنات ئۇنىڭ كۆكسىگە جا بولغاندەك ئىدى. ئارىدىن يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئورنىدىن قوپۇپ ئاپئاق چوققىلىرى پارقىراپ تۇرغان تاغلارغا، تۆپىسىگە ساماۋى نۇر يېغىپ تۇرغان ئىدىرلار، ۋادىلارغا زوقلىنىپ قارىدى ـ دە، ئاستا ـ ئاستا شەھەرگە قاراپ ماڭدى، تەرلەپ پىشىپ چوڭ مەسچىت ھويلىسىغا يېقىنلاشقاندا، كۆلدە چۆمۈلۈۋاتقان باللارنىڭ چۇقىنىنى ئاڭلاپ چۆمۈلگىسى كېلىپ قالدى. ئىتتىك ـ ئىتتىك يۈرۈپ ئېچكىرى كىردى ـ دە، يېشىنىپ:

— باللار! — دېدى، — مەن ھازىر كۆلگە شۇڭغۇيمەنۇ يوق بولۇپ كېتىمەن.

— تونجۇقۇپ ئۆلىسەن، — دېدى پاكارغىنا سېمىز بىر بالا.

— ئۆلمەيمەن، بەسلىشەمسەن؟

— بولىدۇ، نېمىدىن؟

— يۈز ياڭاقتىن.

— مەيلىڭىز، ئالدىرماي يۈزگىچە سانايمەن، شۇنىڭغىچە سۇدىن بېشىڭىزنى چىقارمىسىڭىز، ئۇتقۇزغان بولىمەن.

بابارەھىم سۇغا شۇڭغۇپ يوق بولۇپ كەتتى. باللار يۈزگىچە ساناپ بولۇپ، بىردەمدىن كېيىن يەنە باشقىدىن ساناشقا باشلىدى. بابارەھىمدىن تېخىچە خەۋەر يوق ئىدى.

— نېمە ئىش بۇ، تېرەك يىلتىزىغا بېشى ئىلىنىپ قالدىمۇ نېمە؟ — دېدى بەسلەشكەن بالا ئەندىشىگە چۈشكەن دوستلىرىغا قاراپ.

— ياقەي، ئۆزى سۇ ئاستىدا يېتىۋېرىمەن، دېگەن ئىدىغۇ. بىكار دېمىگەندۇ، — دېدى ئۇزۇنتۇرا بىر بالا، — بىردەم كۈتۈپ تۇرايلى.

شۇ چاغدا مەسچىتنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان مەللە ساقاللىق ئورا كۆز ئادەم باللار ئالدىغا كېلىپ:

— تېخى چىقمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى، — بىر ئىش بولغانغا ئوخشايدۇ. ئۇ يىگىتنىڭ ئاتىسىنىمۇ، ئانىسىنىمۇ دەرھال چاقىرىپ كېلىڭلار!

— ئانىسى ئۆيدە چاق ئېگىرىپ ئولتۇرۇپتۇ، ھازىرلا چاقىرىپ كېلىمەن، — دېدى بايىقى ئۇزۇنتۇرا ئورۇق بالا.

— مەيلى، بېرىپ چاقىرىپ كەل، مەن نامەھرەم ئادەممەن، بۇ يەردە تۇرماي، — دېدى مەللە ساقاللىق ئادەم يىراقلاپ كېتىۋېتىپ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يۈزىنى داكا بىلەن ئورىۋالغان ئانا بىچارە ھاسىراپ كۆل بويىغا كەلدى – دە، ئەندىكىپ:

— تېخىچە سۇ تېگىدە ياتامدۇ؟ — دەپ سورىدى. — ۋاي ئوغلۇم، يالغۇزۇم، تىرىكمىسەن، ئۆلۈكمۇسەن؟

— تىرىككە ئوخشايدۇ، — دېدى شېمىز بالا، — سۇ ئاستىدا مىدىرلاۋاتقىنى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

— ۋاي، جېنىم بالا، كۆرەر كۆزۈم، يالغۇزۇم! — دەپ پەرياد كۆتۈردى ئانا. — دۇنيادا بىرلا بېغىم، بېھىشتىم، تاپالىغان تېغىم سەن ئىدىڭ. يۈرەك – باغرىمنى كاۋاپ قىلما ...

باباراھىم سۇ ئاستىدا بىر ئۇچى سۇ يۈزىگە چىقىپ تۇرغان قومۇش نەيچىسى ئارقىلىق نەپەس ئېلىپ ئوڭدا ياتاتتى. قۇلىقىغا يىراقتىن يىغىغا ئوخشاش بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى: «ئېھتىمال ئانام كېلىپ دادلاۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇلارنى خاپا قىلماي» دەپ سۇدىن بېشىنى چىقاردى – دە، كۆلدىن چىقىپ، قولىدىكى قومۇش نەيچىسىنى چۆرۈۋەتتى. كۆل بويىدىكىلەر ئەندىشە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن بۇنى بايقىمايمۇ قالدى. ئانا بىچارە «ۋاي، بالام تىرىك ئىكەن»، دەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، بەدىنىدىن سۇ ئېقىپ تۇرغان ئوغلىنى قۇچاقلىدى – دە، ھۆڭگىرەپ يىغلىۋەتتى. باباراھىم بولسا، بىر سىلكىنىپ ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن چىقتى – دە، تېرەك شېخىغا قىستۇرۇپ قويغان كۆڭلەك – ئىشتىنىنى كىيىپ، ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى.

* * *

— قېنى باباراھىم؟ نېمىشقا [illegible]. قولىنى كەينىگە باغلاپ ئېلىپ كەلمىدىڭلار؟ — دېدى موللا بازار [illegible]

— ئەي، پىرى مۇرشىد، بىز [illegible]. شايىتتىكى سۆگەت ئاستىدا مارىلاپ ياتتۇق، — [illegible] ئاۋازىنى پەسلىتىپ، — ئۇ ھېچقانداق [illegible] ئېلىپ «ئەي يارى جانانىم، كۆرسەت جامالىڭ» [illegible] ناخشىسىغا قۇلاق سېلىپ، مومەك [illegible] ...

كېيىن ئۇ باباراھىمنىڭ ئۆيىگە [illegible] كۆزىنى تاشلاپ ئۇزۇنغىچە سۇ ئاستىدا يوق بولۇپ [illegible]

— باباراھىم گۇناھلىق ئىشلار [illegible] — دەپ [illegible] خاتالاشقانىكەنمەن، — دېدى موللا بازار [illegible] — ھافىز [illegible] غەزەللىرىنى يادلاپ يۈرگەن [illegible] سۇ ئاستىدا [illegible] خۇدانىڭ بىرەر ھېكمىتى بار. ئەگەر بۇ [illegible] تەرىقىتىمىزنىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ [illegible]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خانىقا ھويلىسىدىن ئىقىپ ئۆتىدىغان ئېرىقنىڭ چېتىدە موللىلار قاتار ـ قاتار بولۇپ تاھارەت ئېلىۋاتاتتى. مۇھەممەد رىزا بىلىكىنى جەينىكىگىچە يۇيۇپ تۇرۇپ يېنىدىكى موللا يىگىتكە بابارەھىمنىڭ كەينىدىن ئىدىرغا چىقىپ ئاۋارە بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئەگەر راستىنلا مەشۇقى بىلەن بىللە تۇرغانلىقىنى كۆرگەن بولسىڭىز، نېمە قىلاتتىڭىز؟

— نېمە قىلاتتۇق، قولىنى كەينىچە باغلاپ خانىقاغا ئېلىپ كېلەتتۇق.

— مەشۇقىنىچۇ؟

مۇھەممەد رىزا پىچىرلاپ بىر نېمە دېگەندى، موللا يىگىت قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. شۇ چاغدا يۇقىرىراقتا تاھارەت ئېلىۋاتقان بىر مۇرىت:

— ھەي مۇسۇلمانلار، تاھارىتىڭلار بۇزۇلدى! — دەپ ۋارقىرىدى پۇتىنىنى باغلاۋاتقان بابارەھىمنى كۆرسىتىپ، — ئاۋۇ دوزىخىي ئېرىققا قاراپ پېشاپ قىلدى، سۇ ھارام بولدى.

— مەنمۇ كۆردۈم، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى بوگۈن چېچىنى ئۇستىرابىلەن ئالدۇرغان بىر مۇرىت ھېجىيىپ. بەزىلەر باشقىدىن تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن سۇغا چۈشۈشكە باشلىدى.

— تۇتۇڭلار ئۇنى، ئەدىپىنى بېرىمىز، — دېدى بىرى. مەشرەپ بولسا قېچىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى، ئاددىي بىر ئىش قىلغان كىشىدەك بىپەرۋا ھالدا ئاق يەكتىكىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىۋەردى.

— نېمە قىلدىڭ، ئەخمەق؟ — دەپ سورىدى مۇھەممەد رىزا تاپا قىلىپ.

— نېمە قىلغىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمىشقا سورايسىز؟ بالىسىنى ئانىسىغا قوشتۇم، خالاس.

— بۇ ئۇياتسىزنىڭ سۆزىنى قاراڭلار، شەرىئەتنى ئاياغ ئاستى قىلغان بۇ گۇناھكارنى باغلاڭلار، پىرى مۇرشىدنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمىز!

ئۆزىگە تاشلانغان بىر موللىنى مەشرەپ ئىتتىرىپ تاشلىدى، ئىككىنچىسىنى پۇتلاپ يىقىتتى.

— بىر دۇئا ئوقۇپ: «سۇق ـ سۇق!» دىيمەن، بىرىڭ قارىغۇ، بىرىڭ پالەچ بولۇپ قالىسەن، — دېدى بابارەھىم يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان مۇرىتلارغا قاتتىق تىكىلىپ تۇرۇپ.

خۇراپات بەندىلىرى كۆزىدىن ئوت چاقنىتىپ تۇرغان يىگىتنىڭ تۇرقىنى كۆرگەچ، قورقۇپ چېكىنىدى.

بىر مۇرىت ئارقىلىق ۋەقەدىن خەۋەردار بولغان موللا بازار ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بابارەھىم، مەن بىلەن ماڭ! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

ئۇ ئىتائەتكارلىق بىلەن كەينىدىن ئەگەشكەن شاگىرتىنى ئۆز خانىسىغا باشلاپ كىرگەندىن كېيىن:

— بۇ نېمە قىلىق؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي ئۇستاز، ئۆلىمالىرىمىز سۇ يەتتە دومىلىسا ھالال بولىدۇ، دېيىشىدۇ. سۇ

مەن پېشاپ قىلغان يەردىن تاھارەت ئېلىۋاتقان يەرگە — زاھىت - تەقۋا لىگىلىرى ئالدىغا ئېقىپ كەلگۈچە يەتتە قېتىم ئەمەس، تەخمىنەن يەتمىش قېتىق دومىلىسا كېرەك. دىن پېشىۋالىرى كۆزى بىلەن قارىساق سۇ ھالال. نېمىشقا ئۆلىمالار سۆزىدە تورمايدۇ. سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇشى كېرەكقۇ!

— بولدى قىل، ئۆلىمالارغا تىل تەگكۈزمە! — دېدى موللا بازار قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، تاھارەت ئېلىپ تۇرغان خۇداگۈي ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىش چوڭ گۇناھ.

— خۇداگۈي دەپ كىملەرنى ئېيتىۋاتىسىز؟ ئۇلار شەيتاننىڭ مالايلىرىغۇ! رىياكار مۇرتىلىرىڭىز يېزا - قىشلاقلارغا چىققاندا، سىزنىڭ نامىڭىزنى سېتىپ، ساددا خەلقنى تالان - تاراج قىلىدۇ، بىر كۆڭلەكلىك ماتا ياكى ياغلىق سوۋغا قىلىپ، خەقنىڭ خوتۇنلىرىنى بۇلغايدۇ.

— بولدى، بولدى! سۆزنى ئۇزارتما، مەن سەن بىلەن كېيىن سۆزلىشىمەن، ھازىرچە ھۇجرىنى بوشات، مېنى يالغۇز قالدۇر!

بابارەھىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، موللا بازار خىيالغا پاتتى: «ئەگەر بىر چارە كۆرمىسەك، بابارەھىم بۇنىڭدىنمۇ سەت قىلىقلارنى چىقىرىپ، بىزنى شەرمەندە قىلىشى تۇرغان گەپ. ھەر قېتىم ئۆلۇمالارنىڭ سۆزلىرىدىن، دىنىي كىتابلاردىن مەنتىقسىزلىق تېپىپ، مېنى مات قىلماقچى بولىدۇ. بىز ئامالىنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش كېرەك، ئەمما قانداق قىلىپ؟ ...»

ئۇ قورۇق باسقان پېشانىسىنى تۇتۇپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان چاغدا مەدداھ مەھەللىسىدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئىمامى موللا ئابدۇلخالىق قارىي ھۇجرا بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، موللا بازار ئاخۇنۇم، — دېدى سوزۇق ئاۋاز بىلەن، — نېمىشقا پېشانىڭىزنى تۇتۇپ ئولتۇرىسىز، قانداق تەشۋىشلەر سىزنى بۇ ھالغا سالدى؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەلسىلە، قېنى بۇياققا ئۆتسىلە، كىمنىڭ غېمىنى يەيتتىم، مۇرىتلار، شاگىرتلارنىڭ غېمىنى يەيمەن - دە! — ئۇلار ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، ساھىبخان موللىلارنىڭ تاھارىتىنى بۇزغان بابارەھىمنىڭ قىلىقلىرىنى سۆزلەپ بەردى:

— بابارەھىم بىزنىڭ مەھەللىلىك بالىمۇ، ئەنجانلىقنىڭ بالىسى...

— ھەئە، دەل شۇ بالىنىڭ ئۆزى... سىزمۇ تونۇيدىكەنسىز - دە؟ — دېدى موللا بازار كىرپىكسىز كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.

— ھەئە، تونۇيمەن، بالىلىق چېغىدا — تەخمىنەن يەتتە يىل ئاۋۋال مەسچىتنىڭ كۆلىدە يالىڭاچ چۆمۈلەتتى، مەن تەنبىھ بەرگەندە بىر سۆز بىلەن مېنى مات قىلماقچى بولغان، يىگىت بولۇپ قالغان چېغىدىمۇ يەنە شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن بولسا، ئۇنى دەرھال بۇ يەردىن يوقىتىش كېرەك. ئافاق خوجىنىڭ ئىنىسى مەخدۇم ئەزەم ھۇزۇرىغا بېرىڭ، ئېھتىمال ئۇ كىشىدىن بىرەر ياخشى مەسلىھەت چىقار...

www.uyghurkitap.com



موللا بازار دەرۋازىسى نەقىشلەنگەن، ئېچكىرى ـ تاشقىرى ھەشەمەتلىك ھويلىغا يېقىنلاشقاندا بىرئاز توختاپ، نەپسىنى بىردەم رۇسلىۋالدى ـ دە، كېيىن ئاستا دەرۋازىنى تاقىلداتتى. ئېچكىرىدىن قارا ساقاللىق ئوتتۇرا ياشلىق دەرۋازىۋەن چىقىپ، مېھمانغا تەزىم قىلدى:

— قېنى، ئېچكىرىگە، مەخدۇم ئەزەم ئۆزلىرىنى مېھمانخانىدا كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ، — دېدى.

موللا بازار پەلەمپەيدىن چىقىپ مېھمانخانا بوسۇغىسىغا قەدەم قويغاندا قارىراق كەلگەن، ئورۇقراق، ئېگىز بويلۇق مەخدۇم ئەزەم ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەردى ـ دە:

— ھە، كېلىڭ تەقسىر، قېنى تۆرگە ئۆتۈڭ، — دېدى.

ئولتۇرۇپ يۈزلىرىگە پاتىھە تارتقاندىن كېيىن، ھال ـ ئەھۋال سوراشتى. خىزمەتچى دەرھال داستىخان سېلىپ، تۈرلۈك نازۇ ـ نېمەتلەر راسلىدى. مېھمان بىلەن ساھىبخان ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

— مۇرىتلىرىڭىز ئارىسىدا بىر ۋاقىتىدا خۇراساندىن كۆچۈپ كەلگەن ئىرانىيلارمۇ بار. ئۇلار ئارىسىدا شىئە مەزھىپىدىن ۋاز كەچمىگەنلەرمۇ يوق ئەمەستۇ؟ — دەپ سورىدى ساھىبخان قارا ساقىلىنى ئىككى بارمىقى بىلەن ئويناپ.

— ياق دېسەم خاتالاشىمەن، ئىرانىيلارنى كۆچۈرۈپ نەمەنگانغا ئورۇنلاشتۇرغان ئابدۇللاخان ئۇلارنى ئاچچىق قامچا بىلەن سۈننىي مەزھەپكە كىرگۈزمەكچى بولغان، ئەمما مەقسىتىگە يېتەلمىگەنىدى. بىز يۇمشاق قوللۇق بىلەن ئۇلارنى توغرا يولغا سېلىشنى بىلدۇق.

— بارىكاللا، دەرەخنىڭ يۇمشاق يىلتىزى قورام تاشنى يېرىپ ئۆتىدۇ. يۇمشاقلىق تىغى قىلىچتىن ئۆتكۈر بولىدۇ. سىلى ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ بېشىدا تۇرىدىلا، تەقسىر.

— قارىشىمچە، ھازىر شىئە مەزھىپى ئەمەس، گۇناھلىق بىز ئۈچۈن خەۋپ ـ خەتەر. ياشلارنىڭ بەزىلىرى خوجا ھافىز، ئەمىر نەۋائىينىڭ غەزەللىرىنى ئۆزلىرىگە تەقلىد قىلىپ، زاھىت ـ تەقۋا ئەھلىگە نىسبەتەن نالايىق مۇناسىۋەتتە بولماقتا.

موللا بازار بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، بابارەھىمنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— ھە، نېمىشقا ئۇنىڭغا جازا بەرمىدىڭىز؟ ئۇنى ياتقۇزۇپ يالىڭاچ بەدىنىگە يىگىرمە ـ ئوتتۇز دەررە ئۇرۇش كېرەك ئىدىغۇ! — دېدى ساھىبخان قايناپ.

ئۆز شاگىرتىغا يۈرىكى ئېچىشىپ تۇرغان موللا بازار ئۇنى بۇنداق ئېغىر جازادىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دەرھال سەۋەب تاپتى.

— تەقسىر، دىۋانىنى جازالاش شەرىئەتكە مۇۋاپىق ئەمەس!

— ئۇنداق بولسا، ئۇ يىگىتنى ئالدا ـ سالداپ يىراق بىر يەرگە ماڭدۇرۇش كېرەك. ئۇنى قەشقەرگە ماڭدۇرساق قانداق بولىدىكىن؟

— بەك ياخشى بولىدۇ! سىلى كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتتىلا. پىرى كامىل ئافاق خوجا بابارەھىمنى ھىدايەت يولىغا سېلىپ ئەۋەتىدۇ.

— راست ئېيتتىلا، بىر جەھەتتىن ئۇلۇغ ئاكامغا سادىق نەۋكەر - مۇلازىملار، خىزمەتچىلەر، ئوتۇنچىلار كېرەك. شەرىئەت يولىدىن چىققان ئۇ دىۋانە يىگىتنى ئالداپ - سالداپ، ئۇنىڭدا ساياھەت قىلىشقا ھەۋەس ئويغۇتۇلۇق. ياش يىگىتلەر يىراق يەرگە سەپەر قىلىشقا، يېڭى - يېڭى يەرلەرنى كۆرۈشكە ئامراق كېلىدۇ. كېلەر ھەپتە شەنبە كۈنى موللا قازاق باينىڭ كارۋىنى قەشقەر سەپىرىگە راۋان بولىدۇ. مۇرىسىگە ئەمرى مەرۇپ قامچىسى تەگمىگەن ئۇ يىگىتنى شۇ كارۋان بىلەن ماڭدۇرساق ياخشى بولاتتى. ئۇلۇغ ئاكام ئۇنىڭ بوينىغا ئىتائەت زەنجىرىنى تاشلاپ، ھىدايەت يولىغا سالغۇسىدۇر ...

ساھىبخانىنىڭ بۇ سۆزلىرى مېھمانىنىڭ يۈرىكىگە غۇلغۇلا سېلىپ، كۆڭلىدە شۈبھە ئويغاتتى. ۋاھالەنكى، بابارەھىم شۇنچە يىراق يەرگە بېرىپ، ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىش ئورنىغا قۇل ئورنىدا ئوتۇن، سۇ توشۇپ يۈرسە ... دېگەن پىكىر يۈرىكىنى ئۆرتىگەن موللا بازار ئاخۇنۇم مەخدۇم ئەزەم ھوزۇرىغا كېلىپ، مەسلىھەت سورىغىنى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇ بىردەم سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ ئورنىدىن قوپتى. ساھىبخان خوشلىشىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قاتتىق تىكىلىپ قاراپ:

— شەنبە كۈنى موللا قازاق باينىڭ كارۋىنى يولغا چىقىدۇ، — دېدى، — بابارەھىمنى ئەلۋەتتە قەشقەرگە ئەۋەتىش كېرەك، كېلىشتۇق - ھە؟

— ھەئە، تەقسىر، كېلىشتۇق، — دېدى موللا بازار نېمىشقىدۇر ئالدىراپ.

* * *

— بالام سېنىڭ كۆڭلۈڭ سۈيى سۈزۈك كۆلگە ئوخشايدۇ، روشەن ئەينەكتەك باغرىدا يۇلتۇزلارغا تولغان ئاسماننى ئەكس ئەتتۈرەتتى، بارا - بارا پاسكىنا سۇلار كىرىپ، ئۇنى لېيىتىشقا باشلىدى. ئەمدى بۇ پاسكىنا ئېرىقلارنىڭ يولىنى توسما، مەھمۇد رىزادەك پاسىقلاردىن يىراقلىشىش كېرەك. ساھىبى كامال بولۇشنى خالىغان ئادەم سەپەر كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، رىيازەت چېكىپ، ھەقىقەت يولىنى ئىزدىشى كېرەك، — دەپ گەپ باشلىدى موللا بازار ئالدىدا ئولتۇرغان بابارەھىمگە كىرپىكلىرى جۇپلىشىپ كەتكەن ئۆتكۈر كۆزلىرىنى قادىغىنىچە تىكىپ، — بۇ دۇنيا راھىتىنى تەرك قىلمىغۇچە ئادەم دىيانەت دەرياسىنىڭ ساھىلىغا يېتەلمىگەي. بالا، سەن پىرى مۇرشىدىمىز ئافاق خوجا ھەزرەتلىرىنىڭ دەرگاھىغا باش ئۇرۇپ بار. ئۇنىڭ ساپ نەپىسى كۆڭلۈڭنى خىرە قىلىپ تۇرغان شۈبھە بۇلۇتلىرىنى تارقىتىۋېتىدۇ، تەۋەككۇل دەپ يولغا راۋان بول!

رىياكار موللىلار، تەمەگەر ئىشانلار، بېلىگە قاپاق ئېسىپ خەلقنى ئالداپ يۈرگەن مەدداھلاردىن بىزار بولغان بابارەھىم ئۇستازىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، سەپەر ئېتىغا مىنگۈسى، قارلىق تاغلارنى ئېشىپ، تاشقىن سۇلارنى كېچىپ، يىراقتىن جەننەتتەك كۆرۈنگەن ئافاق خوجا دەرگاھىغا ئۇچۇپ كەتكۈسى كېلىپ قالدى. موللا بازار چىرايى ئېچىلىپ كەتكەن شاگىرتىغا سىنچى كۆزىنى تاشلاپ، ئاتقان ئوقى نىشانغا تەگكەنلىكىنى بايقىدى.

— ئەي ئۇستاز، پىقىرلىقنى ئىختىيار قىلىپ، ھەقىقەت يولىغا چۈشىمەن. ئۇ جەننەت ماكان يەرگە قانداقمۇ يېتىپ بارارمەن، يول كۆرسىتىڭ! — دېدى بابارەھىم ھاياجان بىلەن.

موللا بازار چوڭقۇر بىر ئەندىكىپ:

— ئوغلۇم، مەن سېنىڭ غېمىڭنى يەپ، ھەممىسىنى ئويلىشىپ قويغانمەن، — دېدى كېلەر ھەپتە شەنبە كۈنى قازاق باينىڭ كارۋىنى قەشقەرگە يولغا چىقىدىكەن. كارۋان بېشى بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىپ قويىمەن، بۇ جەھەتتىن خاتىرجەم بول، مېھرىبان ئاناڭنى كۆندۈرسەڭ، بەس.

* * *

— ھېچ يەرگە ئەۋەتمەيمەن! — دېدى ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يۈرىكى قان بولغان ئانا بىچارە، — تېخى ياشسەن، ئاقنى قارىدىن، دوستنى دۈشمەندىن ئايرىيالمايسەن. يات يۇرتلاردا خار - زار بولۇشۇڭنى، ئاچ - يالىڭاچ يۈرۈشۈڭنى خالىمايمەن.

— جېنىم ئانا، مېنى يولدىن توسماڭ. تەۋەككۇل كەمىرىنى بېلىمگە باغلاپ، سەپەرگە ئاتلانغانمەن.

— ۋالىدەيى مېھرىبانىڭنى قان يىغلىتىپ كېتىش نىيىتىدىمىسەن؟ يانغان چىرىغىمنى ئۆچۈرۈپ، مېنى ئادا بولماس دەرگە سېلىپ كەتمەكچىمۇسەن؟ ياق، ھېچ ياققا كەتمەيسەن! — دېدى بېشىدىن داكا ياغلىقى چۈشۈپ كەتكەن ئانا ئوغلىنىڭ يولىنى توسماقچى بولغاندەك ئىككى قولىنى كېرىپ.

بابارەھىمگە ئافاق خوجا ئۇزۇندىن بىرى پەرىشتىدەك بىگۇناھ، مۇردىغا جان كىرگۈزىدىغان ئاتەش نەپەس بىر ساماۋى سىماھەدەك بىلىنەتتى.

— ئانا، يولۇمنى توسماڭ. مەن بۇ يەردىن باش ئېلىپ كېتىشكە ئەھد قىلغانمەن. ئۆزۈم نەمەنگان شەھىرىدە بولساممۇ، خىيالىم ئۇلۇغ دەرگاھتا. تەۋەررۇك بوسۇغىسىدا! — دېدى بابارەھىم ھاياجان بىلەن.

— ئۇ يەردە بېشىڭغا بىر پالاكەت كەلمىسۇن دەپ قورقىمەن، يۈرىكىم ناتىنچ، كۆڭلۈم پاراكەندە. ۋاي بالام، يۈرىكىمنىڭ مادارى، كۆزۈمنىڭ نۇرى، ئاناڭ ئايلانسۇن سېنىڭ قەددى - قامىتىڭدىن!

ئانا ئوغلىنىڭ تۈرقىنى كۆرۈپ، خەتەرلىك يولدىن ياندۇرالمايدىغانلىقىنى بايقىدى، سەپەرگە ئاق - پاتىھە بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

شەنبە كۈنى تاڭ سەھەردە ئۇلارنىڭ ئۆيى ماتەمخانىغا ئايلاندى. بابارەھىم ماتا چاپىنى ئۈستىدىن پوتىسىنى باغلاپ، بوقچىسىنى ئېلىپ، ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئانىسى پەرياد كۆتۈردى، ئۇنى باغرىغا باستى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىپ تۇرغان سىڭلىسى بولسا، پۇتلىرىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

— مېنى قويۇۋېتىڭ، جېنىم ئانا، — دېدى بابارەھىم ئۆزىنى يىغىدىن ئاران بېسىپ، — ئوغلىڭىزغا ئاق پاتىھە بېرىڭ!

ئۇ مېھرىبانلىق زەنجىرىدىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغاندىن كېيىن، كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇنچە سۈرتۈپ، ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. دەرەخلەرنى سىلكىتىپ گۈركىرىگەن بادى سابا سوغۇق نەپەسى بىلەن ئۇنى ناتونۇش يۇرتلارغا چىللايتتى.

(داۋامى كېلەركى ساندا)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەت

# ئىسلام سەنئىتىنىڭ ماھىيىتى ۋە باشقا نەرەپلىرى

**مۇھەممەد قۇتۇب**

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇللاجان كېرەم

ئىسلام سەنئىتى ــ ئىسلامنىڭ ماھىيىتى، قاراشلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇلارنى ئىسلام سەنئىتى ناھايىتى چىرايلىق، كۆڭۈلدىكىدەك ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. ئۇ پۈتكۈل مەۋجۇدىيەتنى تەسۋىرلىگەندەك، ئىسلامىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس ھېسسىياتى، سەنئەت شەكلى ئارقىلىق بۇلارنى كىشىلەرگە نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

سەنئەتكارلار ھاياتلىقتا ۋىجدان ئېچىلدۇرغان گۈللەر، قوملۇقتىكى يېگانە ئۈسۈملۈكلەر، ئايدىڭ كېچىلەر ۋە سەرگەردان بالىلار، كىشىلەرنىڭ ئازابلىرى ۋە تەقدىرنىڭ زەربىلىرى، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش ۋە ئەپسانىلاردىكىدەك قەھرىمانلار توغرىسىدا توختىلىدۇ.

ئىسلام سەنئىتى ئىسلامىيەتنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ئاساستا پەيغەمبەرنى ياكى بىر قېتىملىق يىراقتا يۈرۈش قىلىشنى، مەلۇم ۋەھىينى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇنداق قىلمىسا ئۇ ئىسلام سەنئىتى دېيىلمەيدۇ.

ئەگەر مەلۇم سەنئەت پەيغەمبەرنى ئىنسانلارنىڭ «قەھرىمانى»، تالانت ئىگىسى، ئېسىل پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگۈچى قىلىپ تەسۋىرلىسىمۇ، ئۇنىڭ ئىسلام سەنئىتى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلالمايمىز. چۈنكى، ئۇ پەيغەمبەرگە يېگانە، باشقا مەۋجۇداتلاردىن ئايرىۋېتىلگەن ھالدا باھا بېرىدۇ، بۇ ئىسلام سەنئىتىنىڭ پوزىتسىيىسى ئەمەس.

سەنئەت ئادەم ۋە ھاياتنى ئالەمنىڭ بىر قىسمى دەپ بىلىپ، ئۇنى مەۋجۇتلۇق قانۇنى بىلەن بىرلەشتۈرسە ھەمدە ئاللانىڭ روھىغا يۈزلەندۈرسە؛ سەنئەت ئاللادىن كەلگەن نۇرنىڭ زېمىننى يورۇتۇشى بولۇپ، ھەممىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ دەپ بىلسە؛ سەنئەت ھەم كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى، ھەم مەنىۋى ئىزدىنىشىنى بايان قىلسا، ئۇنى ئاللانىڭ ئىلتىپاتى دەپ بىلسە... مانا شۇ چاغدا ئۇ ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام ئىدىيىسىنىڭ چىنلىق بىلەن بايان قىلىنىشى بولىدۇ.

ئىسلام سەنئىتى بايان قىلىنىدىغان شەيئىلەرنى كەڭ مەۋجۇتلۇق ئىچىگە قويۇپ تەھلىل قىلىدۇ ۋە تەكشۈرەلەيدۇ. ئىسلام سەنئىتى «قۇرئان كەرىم» نىڭ پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلغاندىلا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتەلەيدۇ، قالايمىقانچىلىق ۋە گاڭگىراش بولمايدۇ، ھەقىقەت مۇشۇ يەردە سۆزلىنىدۇ ۋە مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدۇ. ئادەم ئۆزىدىن ھالقىپ كەتسە، ھېسسىي دۇنيادىن ئەقلىي دۇنيا پادىشاھلىقىغا كىرىدۇ. «ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئىككى گۇرۇھ (بىرى مۇشرىكلار كارۋىنى، يەنە بىرى مۇشرىكلار قوشۇنى) تىن بىرىنى قولۇڭلارغا كەلتۈرۈشنى ۋەدە قىلدى، سىلەر قورالسىز گۇرۇھنى (يەنى كارۋاننى) قولۇڭلارغا كەلتۈرۈشنى ياقتۇردۇڭلار، ئاللاھ ئۆز سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقنى ھەق قىلىشنى (يەنى ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىشنى)، مۇشرىكلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشنى خالايدۇ. ئاللاھ گۇناھكار ئادەملەرنىڭ ياقتۇرمىغىنىغا قارىماي، ھەقنى ھەق (يەنى ئىسلامنى ئاشكارا) قىلىدۇ، باتىل (يەنى كۇفرى) نى بەربات قىلىدۇ» (8 ــ سۈرىنىڭ 7 ــ، 8 ــ ئايەتلىرى).

ئىسلام سەنئىتىنىڭ ماھىيىتى ئىسلام مۆمىنلىرىنىڭ مەۋجۇداتلارغا بولغان تونۇشىنى

ۋە تەسىراتلىرىنى چىنلىق ۋە گۈزەللىك بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت.

ئىسلامىيەتنىڭ قارىشىچە، تەبىئەت، ئالەم ھېسسىياتقا ئىگە نەرسىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەدھىيە، ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىش، شۈكرى قىلىش بولىدۇ، ئاچچىقلىنىش، نەپرەتلىنىشمۇ بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە ئاسمانلار ۋە زېمىن مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «ئاللاھ ئاسمانلار ۋە زېمىندىن ،بويسۇنامسىلەر ياكى خىلاپلىق قىلامسىلەر، دەپ سورىدى. ئۇلار ،بويسۇنىمىز، دەپ جاۋاب بەردى.» رەسۇلۇللاھ بىر تاغنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «بۇ تاغ بىزگە ئامراق، بىزمۇ بۇ تاغقا ئامراق» . رەسۇلۇللاھ ئۇسۇملۇكلەر، ھايۋانات ئۈستىدە توختالغاندا، سۆزلىرى يېقىملىق، دوستانىلىك تۇيغۇسى بىلەن تولغان.

ئىسلامىيەتنىڭ قارىشىچە، ئادەم ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ئورۇنباسارىدۇر. ئادەم ئىلاھ ئەمەس، ئىلاھ ياكى ئىلاھقا ئوخشاش نەرسە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇنداق بولالمايدۇ. ئالەمدە بىر رەببىمىز ــ ئاللاھ بار، ئىلاھ ياكى ئىلاھقا ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسە يوق. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئادەم يەر شارىدىكى ماددا، ئىقتىسادىي كۈچ ۋە بەزى مۇقەررەر ئامىللار ئۇيان - بۇيان قىلىپ كېتەلەيدىغان پاسسىپ نەرسە ئەمەس. ئۇ مەۋجۇدىيەتلەر ئىچىدىكى ئاكتىپ ئامىلدۇر. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئىلتىپات قىلدى، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئۆلچىمىنى تونۇتقۇزدى. ئاللاھنىڭ خالىغىنى ئادەم ھەرىكىتى ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

ئادەم ئىلاھ ئەمەس، ئىبلىسمۇ ئەمەس، ئادەم دېمەك ئادەمدۇر.

ئادەمدە مۇئەييەن ئىقتىدار بولىدۇ، ئاجىزلىقمۇ بولىدۇ. دۈشمەنگە ۋە ئۇلارنى قىزىقتۇرىدىغان يامانلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئىسلام سەنئىتى ئادەم بىلەن ئېزىقتۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەرنى ئىپادىلەپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن ناھايىتى ياخشى ماتېرىياللارغا ئىگە بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئىنسان چوشقونلۇككە بېرىلىپ كەتكەندە، ئۇنداق چاغدىكى ھېسسىيات ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، سەنئەتتە ئۇنى نازۇكلۇق بىلەن ئىپادىلەشكە ۋە تەپسىلىي بايان قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ (جەمئىيەتنى چىرىتىدىغان، مەيلىگە قويۇشنى تەلەپ قىلىدىغان سەنئەت قارىشىنى قوبۇل قىلمايمىز. ئۇنى بىر خىل سەنئەت خاھىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قارايمىز) . ئىسلام سەنئىتىنى بىر كۇپلېت شېئىر، بىرەر پارچە ھېكايە يېزىش، بىرەر رەسىم سىزىش، سۈرەتكە تارتىش قاتارلىق شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار ئادەمنىڭ قىممىتىنى تەكتىلىيەلمەيدۇ. سەنئەت ھايۋاننىڭ سەنئىتى پەقەتلا ئادەمنىڭ ئەخلاقىنى يوقاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. سەنئەت ھايۋاننىڭ سەنئىتى ئەمەس، بەلكى «ئادەم» نىڭ سەنئىتى بولۇشى كېرەك، ئۇ ھايۋان تەبىئىتىنىڭ رەزىللىكىنى ئەمەس، بەلكى ئادەم تەبىئىتىنىڭ گۈزەللىكىنى ئىپادىلەپ بېرىشى كېرەك.

دەرۋەقە، ماددىي راھەت كىشىلەرنى ئېزىقتۇرۇپ تۇرىدۇ، ئۇ كىشىلەردىكى سەزگۈ ئەزالارنىڭ تەسىراتى بولسىمۇ، لېكىن ئادەمنى چوشقونلۇككە باشلايدۇ. ئادەم ئالىيجاناب، گۈزەل مەنىۋى راھەت ئۈستىدە ئىزدىنىشى لازىم. ئۇ شەھۋانىي نەپسنى چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. ئەلۋەتتە، رېئاللىقتا ئالىيجانابلىق، پاكلىقنىڭ چېگرىسى بولىدۇ، يەنى ئادەم نەپسنى يىغقان ھالەتتە تۇرسا، نەپسنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا قارىتا بەخىرامان بولىدۇ؛ پەس ئارزۇ- ھەۋەسلەردىن ئەمەس، چىن تۇيغۇدىن بەھرىمەن بولىدۇ، چېكىدىن ئاشقان ئىشلارنى قىلمايدۇ ... بۇنداق ئادەم راھەتنى چەكلەنگەن دەپ قارىمايدۇ ھەمدە پاك راھەتكە ئىگە بولىدۇ!

مانا بۇ ئادەمنىڭ كامالىتى ۋە گۈزەللىكىدۇر. ئىسلامىيەت ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ يېتەكلىشىگە تايىنىپ، كىشىلەرنى مۇشۇ دەرىجىگە يەتكۈزمەكچى بولىدۇ. ئۇمۇ ئىسلام سەنئىتىدە ئىپادىلەيدىغان مەنزىرىدۇر. مۇسۇلمان سەنئەتكارلار ئۆز تەسىراتىدىن مۇشۇ گۈزەللىك چېگرىسىغا كىرسە بولىدۇ.

«ماسلىشىش» دۇنيا گۈزەللىكىنى ھاسىل قىلىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ بەدىئىي ئىپادىلەشتە ئادەمگە مۇۋاپىق ئورۇن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بەزىلەر سەنئەتكارلارنى «ئەقلىدىن ئاداشقانلار» ، گۈزەللىك بىر خىل «ئادىشىش» تىن

ئىبارەت دەيدۇ. بۇ گۈزەللىك ۋە سەنئەتنىڭ ماھىيىتىدىن ئايرىلغان خاتا قاراشتۇر.

سەنئەتكارلارنىڭ ھەقىقەتەن باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان سەزگۈ ئىقتىدارى بولىدۇ. لېكىن، بۇ سەنئەتكارلارنىڭ سەزگۈسى «ئاداشقان» دېگەنلىك ئەمەس! سەنئەتكارلار شەيئىلەرگە سەزگۈر بولۇپ، ھەممە شەيئىنىڭ سىرتىدىن ئىچكىچە ھېس قىلالايدۇ ھەمدە شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشلارنى كۆرۈپ يېتىپ، ئۇلارنى سەنئەت شەكلى بىلەن مۇكەممەل، ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. سەنئەتكارلارنىڭ تالانتى ۋە قابىلىيىتى مانا مۇشۇ يەردە. مۇسۇلمان سەنئەتكارلار بىۋاستە سەزگۈسىنى ئاساس قىلىپ، ئىدراك كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئادەم ۋە ھاياتلىقنى ئەتراپلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ھاياتلىقنى بىرەر ئىش ئارقىلىق چۈشىنىدىغان سەنئەتكارنىڭ بەدىئىي ماھارىتى قانچىلىك يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئىلغا ئالغۇچىلىقى يوق سەنئەتكاردۇر. ھەقىقىي ئۇلۇغ سەنئەتكارنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، قارنى - كۆكسى چوڭ، تونۇشى ئەتراپلىق بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلۇغ سەنئەتكارلار ئالدى بىلەن ئۇلۇغ ئادەم بولۇشى كېرەك. ئۇ ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆزىگە خاس تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ. ئۇ كىشىلەرگە ئۆزىنى قالتىس سەنئەتكار دېگۈزۈش نىيىتىدە ۋەقەلىك توقۇپ چىقمايدۇ. ھەممە توقۇلمىلار سەنئەتكە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ، ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەيدۇ، كۆرگۈچىلەر ئاخىر ئۇنى چۆرۈۋېتىدۇ.

ھەقىقىي سەنئەتكارلار ئادەمنىڭ ھەر خىل ئەھۋال ئاستىدىكى پسىخىك پائالىيىتىنى، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ھەر خىل تەسىراتلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بىر تەرەپلىمىلىكنى ھەرگىز ئومۇمىيلىق ئورنىغا قويمايدۇ. ئوخشىمىغان تەرەپلەر ئارقىلىق كىشىلەرگە مەۋجۇتلۇقنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تونۇتىدۇ.

ئىسلام سەنئىتى ھاياتلىق ۋە ئىنسان ھېسسىياتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەسۋىرلەپ، مۇھەببەت - نەپرەتنى، ئىجتىمائىي كۈرەشنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ مۇئەييەن قاراشنى ئابستراكت، ئېنىقسىز چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرماستىن، كونكرېت، جانلىق تەسۋىرلەيدۇ ياكى باشقا سەنئەتكارلاردەك سەنئەتنى ۋەز - نەسىھەت قىلىۋالمايدۇ.

ئىسلام سەنئىتى ئىنساننىڭ قەلب پائالىيىتىنى تولۇق، ئىنچىكە تەسۋىرلەيدۇ. ئۇنىڭدا ھەم ماددىي راھەتكە ئىنتىلىش، ھەم مەنىۋى ئىزدىنىش بولىدۇ. بولۇپمۇ ھېكايە، تىياتىر قاتارلىق سەنئەت شەكىللىرى ئىنسان ھاياتىنىڭ نامايان قىلىنىشىغا كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بېرىدۇ.

ئىسلام سەنئىتىنىڭ ئالىيجاناب روھ ۋە غايىنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى ماددىي ئارزۇ ۋە راھەتنى بايان قىلىشتىن كۆپ بولىدۇ. بۇ ئىسلامىيەتنىڭ ئالىيجاناب روھ مەۋجۇت بولۇش جەريانىدا مەدھىيىلىنىشى ۋە ئىپادىلىنىشى كېرەك، دېگەن ئاساسىي ئىدىيىسىگە ماس كېلىدۇ. ئىسلامىيەتنىڭ قارىشىچە، ھەقىقىي سەنئەت شېئىر، رەسىم، مۇزىكا قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئالىي غايە ۋە ئەركىن روھنىڭ پەرۋاز قىلىشىنى ئىپادىلەيدۇ. مانا بۇ سەنئەتنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. ئۇ كىشىلەرگە مۇكەممەل كىشىلىك ھاياتنى تەسۋىرلەپ بېرىپ، رېئاللىقتىكى نۇقسانىنى تولۇقلايدۇ.

ئىسلام سەنئىتى كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئىدىيىسى ھازىر سەنئەت ساھاسىدە ئېقىۋاتقان رېئالىزم قارىشىدىن پەرقلىنىدۇ: ئىسلام سەنئىتى ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىقلارنى يازىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ سەنئەت مۇنبىرىنى بېسىپ كېتىشىگە يول قويمايدۇ، ئۇنى تەرغىب قىلمايدۇ. سەنئەت ئىجادىيىتى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئاجىزلىقلارنى يېڭىپ، ئالىي غايە ئۈستىدە ئىزدىنىشكە چاقىرىدۇ. ئىسلام سەنئىتىدە ئادەمنى ئالغا ئىنتىلدۈرىدىغان كۈچ بولىدۇ، ئۇ كىشىلەرگە ئۇلۇغ ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشنى ئۆگىتىدۇ.

ئىسلام سەنئىتى ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى، جۈملىدىن ئاسماننى، زېمىننى، بۇ دۇنيالىقنى ۋە ئاخىرەتلىكنى، ئادەم ۋە مەۋجۇداتلارنى، شەخسلەر ۋە كوللېكتىپنى ئۆز ئىچىگە

ئالغان بولىدۇ ... ئىسلام سەنئىتى ئادەم ۋە مەۋجۇدىيەتنى ئەتراپلىق كۆزىتىدۇ. ئالدىدىكىگە قاراپ، كىشىلەرنىڭ ئىنتىلىشىگە ۋە ئورۇنۇشلىرىغا سەل قارىمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بىر تۈۋرۈككە ئىككى ئەخمەقنى باغلاپ قويغاندەك ئىش بولىدۇ!

كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ھەرقانچە چوڭ بىلىپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى چۈشىنەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىنسان يېگانە مەۋجۇت بولمايدۇ. ھاياتنى يالغۇز ئورۇنلاشتۇرمايدۇ. كىم ئۆزىنىڭ قاچان ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ؟ كىم ئاتا - ئانىسىنىڭ قانداق خۇلقىغا ۋارىسلىق قىلىشىنى، تۇغۇلغان چاغدىكى مۇھىتنىڭ بۇنداق خۇلققا قانداق تەسىر كۆرسىتىشىنى بەلگىلىيەلەيدۇ؟ «قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئاللاھ يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بەچچىدانىدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى بەچچىداندا بولىدىغان تۆرەلمىنىڭ ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) ئاللاھ بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى - يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر.» («قۇرئان كەرىم» 31 - سۈرىنىڭ 34 - ئايىتى).

ئەلۋەتتە، بۇ ئادەم پاسسىپ ئامىل دېگەنلىك ئەمەس. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاللاھنىڭ ئارزۇسىدىن يىراقلاپ كەتكەنلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچىمىز. ئۇلار ئاللاھتىن ئايرىلىپ، باقىي دۇنيادىكى ھەممە نەرسىگە پەرۋا قىلمايدۇ. شۇنداق قىلغاندا ئادەمنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، سەنئەت مەۋجۇداتلىقتىكى ھەممە گۈزەللىكلەرنى ئىپادىلىشى كېرەك. كۆرگىلى ۋە ھېس قىلغىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىلا ئەمەس، مەنىۋى گۈزەللىكنىمۇ ئىپادىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، بۇنداق سەنئەت ئىنسان روھىنىڭ ئىككى قانىتىنى كېسىۋېتىپ، ئۇنى ئۆلۈكتەك تاشلاپ قويۇپ، قايتا ئۇچالماس قىلىپ قويىدۇ. سەنئەت ئادەم ۋە شەيئىلەردە ھازىرلانغان ئۆز ئىچىدە بىلىپ خوش بولىدىغان گۈزەللىك تۇيغۇسىغا سەل قاراپ، ھەممىنى ماددىي تەلەپ، ئىجتىمائىي قىممەت، ئىقتىسادىي ئامىل، سىنىپىي مەسىلە قىلىپ چۈشەندۈرسە بولمايدۇ. بۇ رېئاللىقنى خاتا چۈشىنىش بولۇپ، ئىنساننىڭ تۇغۇلۇش، ئۆلۈشنى چەكلەيدىغان ياكى ھاياتلىقنى بەلگىلەيدىغان كۈچ يوق دېگەنلىك بولىدۇ.

مەۋجۇت بولۇش بىر خىل ئالاھىدە «ئوبيېكتىپ ھادىسە» دۇر. ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇش قانۇنىيىتىنى — ئاللاھنىڭ ئارزۇسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ جاھاندىكى ئۆزگىرىشلەرنى تۇتۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، بىلگەن، ھېس قىلغىلى بولىدىغان «تەقدىر» نىڭ كۆرۈنمەس ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالالمايمىز. ئىسلامىيەت ئۇنى ئىپادىلەشكە قىزىقىدۇ. ئۇ ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ كەينىدە ئاللاھنىڭ ئارزۇسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇ ئوبيېكتىپ رېئاللىقتۇر، ئۇنى تەكىتلەش ۋە گەۋدىلەندۈرۈش، سەنئەت ساھەسىدە ئۇنىڭغا ئېگىشلىك ئورۇن بېرىش، ئۇنى ئەينەن يېزىش لازىم؛ ئىككىنچىدىن، بۇ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ۋە ئۇنىڭ ھاياتلىقتىكى تەسىرىنى يېزىشنىڭ ئۆزى قىزىقارلىق خىزمەت؛ ئۈچىنچىدىن، ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئارزۇسىنى يازغاندا ئۇنىڭغا سىرلىق گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەرنىڭ ھېس قىلىپ بىلگىلى بولىدىغان كۈچكە بولغان ئېتىقادىنى قاندۇرىدۇ. بۇ بىر خىل چوڭقۇر روھىي ھالەت بولۇپ، كىشىلەرنىڭ بىلگىلى بولىدىغان ئېتىقادىغا ئوخشاش، ھاياتلىقتا رولىنى جارى قىلدۇرۇپ تۇرىدۇ. ئاخىرقى سەۋەب شۇكى، سەنئەتكە تېخىمۇ كەڭ ئىپادىلەش دائىرىسى بېرىدۇ. كىشىلەر بىلىدىغان ھەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ سىرتىدا ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئاللاھنىڭ ئارزۇسى مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ ھال كىشىلەرگە ھاياتلىقنىڭ يۈزەكى ھادىسىلىرىنىلا

كۆرسىتىپ قالماي، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى، ئۇنىڭ ئاۋۋىلىمۇ، ئاخىرىمۇ يوق مەڭگۈلۈك كۈچ بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى تونۇتىدۇ.

ئىسلام سەنئىتى ئالەم ۋە كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا مەۋجۇت بولغان ئۇلۇغ قانۇنىيەتلەرنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇ ئىسلامىيەت ئارقىلىق بۇ قانۇنىيەت ھەققىدە ئەتراپلىق تونۇشقا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ئىسلام سەنئىتى ھاياتلىقنى ۋە ئالەمنى ئىپادىلىگەندە، ئۇلارنى ئەسلىي قىياپىتى بويىچە مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ، تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ بايان قىلىدۇ.

ئاتوم ئېنېرگىيىسىنىڭ بايقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىلىم - پەن ئالەم قانۇنىيىتىنى تونۇش باسقۇچىغا كىردى. لېكىن، غەرب سەنئىتى كۆپىنچە ئەھۋاللاردا دەسلەپكى مەزگىللىك ئاتوم دەۋرىدىكى ئىلىم - پەن روھىنىڭ تەسىرىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى مۇستەقىللىق، ئايرىملىق، پەۋقۇلئاددىلىق بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش ۋە ئومۇمىي قانۇنىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىش كەم. شۇڭا، بۇنداق سەنئەت ئىنسان ھاياتلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە پۈتكۈل ئالەم قانۇنىيىتىدىن، مەۋجۇتلۇق قانۇنىيىتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

ئىسلام روھىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئىسلام سەنئىتى ئادەم ۋە ھاياتلىقنى بۇنداق خاتا ئەكس ئەتتۈرۈشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ھاياتىنى ۋە دىلىدىكى تەسىراتلىرىنى مۇكەممەل ۋە چىنلىق بىلەن ئىپادىلەپ، ھادىسىلەردىن ئۆتۈپ مەۋجۇدىيەتنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. شۇڭا، ئىسلام سەنئەت ئىجادىيىتى كۆز ئالدىدىكى ھەر خىل ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى كەڭ مەۋجۇدىيەت ۋە ئاللاھنىڭ ئارزۇسى ئىچىگە قويۇپ كۆرسىتىدۇ، تەسۋىرلەيدۇ. لېكىن، ھازىرقى زاماندىكى زور كۆپ سانلىق سەنئەت ئىجادىيىتى ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار ئەسەرلىرىدە ئاسمان بىلەن زېمىننى ئايرىۋەتكەندەك، ئادەم بىلەن ئاللاھنى ئايرىۋېتىدۇ. ھەقىقىي سەنئەت كونكرېت ۋەقەلەرنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىش ۋە چوڭقۇر بايان قىلىش بىلەن بىللە، كۆرۈنۈشنىڭ مۇكەممەل بولۇشىغا سەل قارىماسلىقى لازىم. ئۇ ۋەقەلەرنى تەھلىل ۋە بايان قىلغاندا ئۇنىڭغا چوڭقۇر مەنە بېرىش لازىم.

كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، ئىسلام سەنئىتى ئېتىقادنىڭ ھاياتلىقتا ئوينايدىغان رولىنى نوقتىلىق گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئادەمگە ئالەمنىڭ كاتتىلىقىنى، مەۋجۇداتلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ؛ ناماز ئوقۇش كىشىلەرنى دوستانە ئۆتۈشكە، چىنلىق ۋە ياخشىلىق ئۈستىدە ئىزدىنىشكە، ئاللاھنىڭ ئارزۇسىغا ئەمەل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ؛ قىيىنچىلىق ئىچىدىكى ئادەم نامازدا ئاللاھتىن مەدەت تىلەيدۇ، ئازابلانغان چاغدىكى نامازدا ئادەم ئۈن - تىنسىز بەرداشلىق بېرىدۇ. خۇشاللانغان چاغدىكى نامازدا ئادەم چىن دىلىدىن رەھمەت ئېيتىدۇ ... ئاللاھنىڭ يولىدىن چەتنەپ، ئېتىقاد شەربىتىنى ئىچمىگەن قەلب پەسكەشلىك بىلەن تولغان بولۇپ، ئارام تاپالمايدۇ.

ئىسلام سەنئىتى بىر خىل گۈزەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ مەۋجۇتلۇق ئىچىدىكى ھەربىر ئىش، ھەربىر شەيئى، ھەربىر ئىشلاردىن كېلىدۇ ... ئىسلام سەنئىتى گۈزەللىكنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ھاياتلىقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئالەمنى ۋە ھاياتلىقنى ھاسىل قىلغان ئاساسىي ئامىل بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئارزۇسى بىلەن ئوخشاش. گۈزەللىكنى ئەتراپلىق تەسۋىرلەش كىشىنى بىر تەرەپلىمە تار قاراشلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، كەڭ، ئەركىن ھالەتكە كىرگۈزۈپ، ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى بېيىتىپ، مىجەز - خۇلقىنى تاۋلاپ، ئاللاھنىڭ ئىنسانغا بەرگەن ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئىسلام سەنئەت ئىجادىيىتى بىۋاسىتە تۇيغۇدىن ھالقىپ، ئادەمنىڭ ئىدراك دۇنياسىغا كىرىپ، گۈزەللىكنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئىنسان تەبىئىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

(لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 - يىلى 3 - ئايدا نەشر قىلغان «مەشھۇر مۇسۇلمان يازغۇچىلار ئەسەرلىرى ۋە ئۇلار ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى).

www.uyghurkitap.com

# «ئەرگىنەقۇن» داستانى ھەققىدە

## تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

«ئەرگىنەقۇن» داستانى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئارىسىغا بىرقەدەر كەڭ تارقالغان بولۇپ، تەتقىقاتچىلىرىمىز تەرىپىدىن يېزىلغان كىتابلارنىڭ «ئەپسانە ـ رىۋايەت» بابلىرىدا ئۇنىڭغا بەلگىلىك سەھىپىلەر ئاجرىتىلغان. بۇ كىتابلارنىڭ مۇئەللىپلىرى بىردەك «ئەرگىنەقۇن» داستانىنى خىۋە خانى ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدىن ئالغانلىقلىرىنى قەيت قىلىشىپ ئۆتۈشكەن. بۇ يەردىكى ئاساسلىق مەسىلە شۇكى، گەرچە پايدىلىنىلغان مەنبە ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق كىتابى دېيىلگەن بولسىمۇ، بىراق بۇلارنى ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدىكى «ئەرگىنەقۇن» داستانى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ۋەقەلىك مەزمۇنى ھەم بايان قىلىنىش ئۇسلۇبىدا پەرقلەر مەۋجۇت.

مەن تۆۋەندە «ئەرگىنەقۇن» داستانىنىڭ مۇئەللىپلىرىمىز تەرىپىدىن بېرىلگەن مەنبە ۋارىيانتلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن «ئەرگىنەقۇن» داستانىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. مۇئەللىپلىرىمىز ئەپسانە، رىۋايەت، داستان ۋە ئېپوسلار ھەققىدە توختىلىپ، نېمىنىڭ ئەپسانە، نېمىنىڭ رىۋايەت، نېمىنىڭ داستان، نېمىنىڭ ئېپوس دېيىلىدىغانلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، شەرھلەر يازغانلىقلىرى ئۈچۈن، مەن بۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆتۈشنى ئوشۇقچە ئەمگەك دەپ ھېسابلىدىم. «ئەرگىنەقۇن» داستانىنىڭ ۋارىيانتلىرىنى كۆرسىتىشتە مۇئەللىپلىرىمىز تەرىپىدىن يېزىلىپ، مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان يىل تەرتىپى ئاساس قىلىندى. يەنە قايسى ئەسەر بۇرۇن ئېلان قىلىنغان بولسا، شۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن «ئەرگىنەقۇن» داستانى ئالدىغا قويۇلدى، يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى، «ئەرگىنەقۇن» داستانىنىڭ ۋارىيانتلىرى قايسى ئەسەردە قانداق ئېلىنغان بولسا، «ئەسلىسىگە سادىق بولۇش» پرىنسىپى بويىچە ئەينەن ئېلىندى. تۆۋەندە بۇ داستانلارنى كۆرۈپ باقايلى.

1. ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئۇيغۇرلار بىر ئۇرۇشتا دۈشمەندىن يېڭىلىپ، بىر تاغ قاپتىلىدا قاملىپ قاپتۇ، ماڭىدىغان يول تاپالماي ھالاك بولۇش خەۋپىگە ئۇچراپتۇ. ئۇلار شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، ئۇشتۇمتۇت بىر بۆرىنىڭ تاغ تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇ چاغدا خەۋپ ئاستىدا قالغان ئۇيغۇرلار بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. تاغنىڭ تۆۋىگە يېتىپ بارغان بۆرە ناھايىتى چوڭ بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇيغۇرلارمۇ بۆرە كىرىپ كەتكەن ئۆڭكۈرگە كىرىپ، بۆرىگە ئەگىشىپ، قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئىچىدە خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، ئۆڭكۈرنىڭ ئۇ بېشىغا يەتكەندە، بىر ئۇچۇقچىلىق كۆرۈنۈپتۇ. بۆرە تۇيۇق بولمىغان ئۆڭكۈرنىڭ ئۇ بېشىدىكى چوڭ تۈشۈكتىن ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، سۈپسۈزۈك سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان، تۈرلۈك قۇشلار سايراپ تۇرغان ياپيېشىل بىر يايلاققا چىقىپتۇ. ئۇيغۇرلار بۆرىنىڭ

كەيندىن مېڭىپ، شۇ يايلاققا چىقىپ، ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىكەن. شۇڭا، ئۇيغۇرلار بۆرىنى مۇقەددەس ئىلاھىي مەخلۇق ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان بولغان[1].

2. توتېمىزم ئېلېمېنتلىرى ساقلانغان، شامانىزم تۈسىنى ئالغان بۇ داستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بولغان ئالتاي تاغلىرىدا ياشىغان شەرقىي تۇرالارنىڭ ناھايىتى قەدىم زامانلاردىن توتېمىزمغا ئېتىقاد قىلغان قەبىلىچىلىك تۈزۈمىدە ياشاۋاتقان چاغدىلا، رودا ئېرىتىش ۋە تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقى بەدىئىي شەكىلدە ئىپادىلەنگەن.

داستاندىكى ۋەقە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە مۇنداق رىۋايەت تۈسىنى ئالىدۇ:

شەرقىي تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بىر ئۇرۇشتا ھىيلە ئىشلەتكەن دۈشمەندىن يېڭىلىدۇ. يالغۇز قايان ئىسىملىك بىر يىگىت بىلەن ئۇنىڭ جيەنى نوكۇز خوتۇنلىرى بىلەن قېچىپ قۇتۇلىدۇ. ئۇلار ئۇزۇن يول مېڭىپ، بىر تاغ ئارىسىدا پاناھلىنىدۇ. بۇ خىلۋەت جايدا ئۇلار كۆپىيىپ، بىر قەبىلە بولۇپ، تۆت يۈز يىل ياشايدۇ. كېيىن بۇ يەر ئۇلارغا تار كېلىپ قالغاچقا، باشقا يەرگە كۆچمەكچى بولىدۇ. ئەمما، بۇ يەردىن چىقىپ كېتىدىغان يولنى تاپالمايدۇ. ئاخىر بىر تۆمۈرچى: «بۇ يەردىكى بىر تاغدا تۆمۈر رودىسى بار ئىكەن، بىز شۇنى ئېرىتىپ يول ئاچايلى» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتۇن، كۆمۈر دۆۋىلەپ، رودىلارنى ئېرىتىپ، بىر تۆگە پاتقىدەك يول ئاچىدۇ. كۆك بۆرە يول باشلاپ ماڭىدۇ. بۇرۇنقى دۈشمەنلىرىنى تارمار قىلىدۇ. «ئەرگىنەقون» دەپ ئاتالغان مۇشۇ جايدىن چىقىپ كەتكەن كۈن تۈركىي خەلقلىرىنىڭ مىللىي، دىنىي بايرىمى بولۇپ قالىدۇ.

داستاننى ئوقۇغىنىمىزدا شەرق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بولغان شەرقىي تۇرالارنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى، ئوتلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىكى ۋە ئىنسانىي ماھىيىتى كۆچىنىڭ، ماددىي ۋە مەنىۋى تۈسىنى ئالغان مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ناھايىتى قەدىمىي تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى كۆزگە تاشلىنىدۇ. داستاندا ئىپادىلەنگەن بۇ ھەقىقەتنى 17 - ئەسىردە بۇ يەرنى بېسىۋالغان چاررۇسىيە بۇ يەرنى «تۆمۈرچىلەر تېغى» دەپ ئاتىغان سۆزىدە ئىلاجسىز ئىسپاتلىغان ئىدى. بۇ ھالنى ھازىرقى زامان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار، پاكىتلار ئىسپاتلىماقتا.

يۇقىرىدىكى ئەھۋال داستاندا خەلق داستانلىرىغا خاس رىۋايەتلىك سۇژېت، بەدىئىي تىل، شېئىرىيەتكە خاس ئاكوستىكا، يېنىك شېئىرىي شەكىل بىلەن ئىپادىلەنگەن.

## ئەرگىنەقون[2]

يىللار ئۆتتى، بىر ئان كەلدى، بېرىلمىدى بىر پەس ئارا،
تۈرك تەختىگە ئېلخان كەلدى. قانلار ئاقتى بولۇپ دەريا.
ئۆڭدىن - سولدىن دۈشمەن كەلدى، ئۆلدى پۈتۈن بالا - چاقا،
قۇرۇلغاندى تۇزاغىمىز! خان، بەگ، ئەسكەر، ئوشاغىمىز.

(1) «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1980 - يىللىق 1 - سانى 189 -، 190 - بەتلەر.

(2) شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېرىكلار»، 215 -، 216 -، 217 -، 218 -، 219 - بەتلەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى 4 - ئاي.

يالغۇز نوكۇز بىلەن قايان،
ئىككى قىزنى ئېلىپ قاچقان.
بىر تىك تاغقا ئالدىلەر جان،
بۇلار بولدى قاچاقىمىز.

تاغدىن تاغقا يوشۇرۇنچە
يۈردىلەر ۋ بەش، ئون كېچە.
تاڭ سەھەر ۋاقىت كەلگۈچە،
بىر ئىز بولدى ماكانىمىز.

قارىساقكى، يېشىل بىر باغ،
ھەر تەرەپتە بەك ئېگىز تاغ!
كەڭ ۋەلېكىن زىچ بىر توزاغ،
دېدۇق ياخشى توزاغىمىز.

بۇ يەردە تۆت يۈز يىل قالدۇق،
بۇغا ئاينىپ بىز كۆپەيدۇق.
چىقالمىغاچ بىز ئىشلىدۇق،
ئاۋات بولدى قوناغىمىز.

ئالما، ئۆرۈكىنى كۆپ يېدۇق،
تۆمۈر سەندەل بىز ياسىدۇق.
«مەخپىي بىر يول تاپساق» دېدۇق،
تاغ تىلەيتتى پىچاغىمىز.

يوقتى بۆرە بۇ ماكاندا،
بىر كۈن بولدى بۆرە پەيدا.
بۇغىغا ئېتىلدى شۇندا،
كۆردى چوپان يارەدىچىمىز.

تۇشۇك كۆرۈپ بۆرە كەتتى،
بىر تۆمۈرچى تەقىپ ئەتتى.
ئوچاق يېقىپ تاش ئېرىتتى،
ئېچىلدى يول قورشاۋىمىز.

زور خۇشاللىق، كاتتا ئۆزرە،
بايرام قىلدۇق كەنت ۋە ئۆيدە.
نەۋرە، ئوغۇل، دادا، جەددە،
ئۇلۇغىمىز، كىچىكىمىز.

تۆمۈرچىگە بۆرە دېدى،
خان تونۇلدى، تاج كىيىندى.
ئۆزى چوشۇپ يول باشلىدى،
ئۇلۇغ قولدا بايراغىمىز.

بۆرەتەچىنە بۆرە ئاتى،
ئەرگىنەقون يۇرتىنىڭ ئاتى.
تۆت يۈز تۇردۇڭ زادى،
چىق! ئەي يۈز مىڭ قورالىمىز!

3. ئەبۇلغازىنىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق كىتابىدا يېزىپ قالدۇرۇلۇشىچە، ئۇيغۇرلار بىر ئۇرۇشتا دۈشمەندىن مەغلۇپ بولۇپ، بىر تاغ قاپتىلىدا قامىلىپ قاپتۇ. ماڭىدىغان يول تاپالماي، ھالاك بولۇش خەۋپىگە دۈچ كەپتۇ. شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا تۇرغاندا، ئۇلار ئۈشتۇمتۇت بىر بۆرىنىڭ تاغ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇ چاغدا خەۋپتە قالغان ئۇيغۇرلار بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. تاغنىڭ تۆۋىگە يېتىپ بارغاندا، بۆرە ناھايىتى چوڭ بىر غارغا كىرىپ كېتىپتۇ. قاپقاراڭغۇ غار ئىچىدە خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، غارنىڭ ئۇ بېشىغا يەتكەندە، بىر ئوچۇقچىلىق كۆرۈنۈپتۇ. بۆرە ئۇلارنى غارنىڭ ئۇ بېشىدىكى چوڭ تۆشۈكتىن ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان جەننەتتەك بىر يايلاققا باشلاپ چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار بۆرىنى مۇقەددەس بىر ھايۋان ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا ئېتىقات قىلىشقا

باشلاپتۇ[1].

4. بۆرە توتېمى ھەققىدىكى ئەپسانە (بۇ ئەپسانە خىۋە خانى ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى).

ئۇيغۇرلار بىر ئۇرۇشتا دۈشمەندىن مەغلۇپ بولۇپ، بىر تاغ قاپتىلىدا قامىلىپ قاپتۇ. ماڭىدىغان يول تاپالماي ھالاك بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەپتۇ. شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، ئۇلار ئۇشتۇمتۇت بىر بۆرىنىڭ تاغ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. خەۋپتە قالغان ئۇيغۇرلار بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. تاغنىڭ تۈۋىگە يېتىپ بارغان بۆرە ناھايىتى چوڭ بىر غارغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇيغۇرلار بۆرە كىرىپ كەتكەن غارغا كىرىپ مېڭىپتۇ. قاپ - قاراڭغۇ غار ئىچىدە خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، غارنىڭ ئۇ بېشىدا بىر ئۇچۇقچىلىق كۆرۈنۈپتۇ. بۆرە غارنىڭ ئۇ بېشىدىكى چوڭ تۈشۈكتىن ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، سۇلار شاقىراپ ئېقىپ تۇرغان، جەننەتتەك بىر يايلاققا چىقىپتۇ. ئۇيغۇرلارمۇ بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، شۇ يايلاققا چىقىپ، ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىكەن. شۇڭا ئۇيغۇرلار بۆرىنى مۇقەددەس ئىلاھ ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان بولغان[2].

5. خىۋە خانى ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «تەۋارىخى شەجەرەئى تۈرك» ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېمى ھەققىدىكى ئەپسانىسى مۇنداق ھېكايە قىلىنىدۇ:

ئۇيغۇرلار بىر ئۇرۇشتا دۈشمەندىن يېڭىلىپ، بىر تاغ قاپتىلىغا قامىلىپ قاپتۇ، ماڭىدىغان يول تاپالماي ھالاك بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەپتۇ. ئۇلار تۇيۇقسىز بىر بۆرىنىڭ تاغ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئۇيغۇرلار تەۋەككۇل دەپ بۆرىنىڭ ئىزىدىن ئەگىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپتۇ. تاغنىڭ تۈۋىگە يېتىپ بارغان بۆرە ناھايىتى چوڭ بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇيغۇرلارمۇ بۆرە كىرىپ كەتكەن ئۆڭكۈرگە كىرىپ، بۆرىگە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئىچىدە خېلى ئۇزاق يول يۈرگەندىن كېيىن، ئۆڭكۈرنىڭ ئۇ بېشىغا يەتكەندە كۆز ئالدىدا بىر ئۇچۇقچىلىق نامايان بولۇپتۇ. بۆرە ئۇلارنى (ئۇيغۇرلارنى) ئۆڭكۈرنىڭ ئۇ بېشىدىكى چوڭ تۆشۈكتىن، ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر يەلپۈنۈپ تۇرغان، سۈپسۈزۈك سۇلار ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرغان، تۈرلۈك قۇشلار نەغمە قىلىۋاتقان گۈزەل بىر يايلاققا باشلاپ چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار خېيىمخەتەردىن ئامانلىق تېپىپ، ھالاك بولۇشتىن ساقلىنىپ قالغان ئىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى ھالاكەت گىرداۋىدىن نىجاتلىق ساھىلىغا باشلاپ چىققان ھېلىقى بۆرىنى مۇقەددەس ھايۋان قاتارىدا ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا چوقۇنغان ئىمىش[3].

بىز يۇقىرىدا بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا دۈشمەندىن يېڭىلىپ، ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان جايغا قاپسىلىپ قېلىپ، ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان، تۇيۇق بولمىغان قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈردىن

(1) ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى». بىرىنچى كىتاب 1 - قىسىم. 83 - بەت. 1982 - يىلى ئۆكتەبىر.

(2) ئابدۇكېرىم راخمان: «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر». 43 - بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1986 - يىلى 7 - ئاي.

(3) ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىنلەر تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 49 - ، 50 - بەتلىرى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 - يىلى 1 - ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۆتۈپ، خەتەردىن قۇتۇلغانلىقى مەزمۇن قىلىنغان ھەم ئەرگىنەقۇنغا، ھەم بۆرە مۇناسىۋەتلىك بولغان رىۋايەت تۇسىنى ئالغان داستاندىن بەشنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. خۇددى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇئەللىپلىرىمىز بىردەك بۇ رىۋايەتنى خىۋە خانى ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدىن ئالغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتۈشكەن.

ھازىر مېنىڭ قولۇمدا ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىنىڭ قوۋامىددىن مۇنىروۋ ۋە قازاقباي مەھمۇد دوۋلار تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ئۆزبېكچە نۇسخىسى تۇرۇپتۇ. مەن بۇ ئەسەرنى بىرقانچە قېتىم تولۇق كۆرۈپ چىقتىم، بۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرگىنەقۇنغا قاپسىلىپ قېلىپ، بۆرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ھالاكەتتىن قۇتۇلغانلىقى توغرىسىدىكى بايان ئۇچرىمايدۇ. ئەرگىنەقۇنغا مۇناسىۋەتلىك باياناتلارمۇ مەزمۇن جەھەتتىن يۇقىرىدىكى رىۋايەتلەرگە ئوخشىمايدۇ. بىزدە «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن ماقال بار. تۆۋەندە بىز ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئەرگىنەقۇنغا مۇناسىۋەتلىك قىسمىنى كۆرۈپ باقايلى:

«ئەل خان موغۇل ئېلىگە پادىشاھ بولدى. يۇقىرىدا تاتار خانلىرىنىڭ توققۇزىنچىسىنى سەۋىنچخان دېگەنىدۇق. ئەل خان بىلەن سەۋىنچخان ئىككىسى زاماندىش ئىدى. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ھەمىشە ئۇرۇش - تالاش بولۇپ تۇراتتى. ئەل خان غالىب كېلەتتى. شۇ سەۋەبتىن سەۋىنچخان قىرغىزخانغا كىشى ئەۋەتتى. نۇرغۇن نەرسە - كېرەك بېرىپ ھەم كۆپ ۋەدىلەرنى قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە دوست - يار قىلدى، ئۇ يەرلەردە ئەل كۆپ ئىدى. موغۇل شۇ ئەللەرنىڭ ھەممىسىدىن كۆپ ئىدى. ھەر زامان ئۇرۇش - تالاشلار بولغاندا موغۇللار غالىب كېلەتتى. تۈرك ئەللىرىدە موغۇلنىڭ ئايىغى تەگمىگەن، قولى يەتمىگەن ئەل يوق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بارچە ئەللەر موغۇللارغا «خەپ سېنى ...» دەپ گىنە - ئاداۋەت تۇتاتتى.

سەۋىنچخان قىرغىزخاننى يار قىلغاندىن كېيىن، ھەممە ئەلگە ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم سورىدى. پالانى يەردە پالانى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى يىغىلايلى، موغۇللاردىن ئۆچىمىزنى ئالايلى، دەپ ھەممىسى ۋەدىلەشكەن يەرگە يىغىلىپ موغۇللارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى.

موغۇل ئېلى ئۆيلىرى بىلەن ماللىرىنى بىر يەرگە يىغىپ چېرىك ئۆيلىرىنىڭ ئالدىدا ئورا قېزىپ، كۈتۈپ ئولتۇردى. سەۋىنچخان بېرىپ ئون كۈنگىچە ئۇرۇشتى. ھەر كۈنى موغۇللار غالىب كەلدى. بىر كۈنى سەۋىنچخان باشلىق بارچە ئەللەرنىڭ خانلىرى ئوۋلاقتا كېڭەششتى. موغۇللارغا باشقا بىر ھىيلە ئىشلەتمىسەك، ئىشىمىز يامان بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئەتىسى ئەتىگەندە بىردىنلا يېڭىلىپ قاچقان لەشكەرلەردەك ئېغىر يۈك ۋە يامان ماللىرىنى تاشلاپ كۆچۈپ قايىتتى. موغۇللار بۇ ھىيلىنى بىلمەي، ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەپتۇ، دەپ ئارقىدىن قوغلاپ يېتىشتى. تاتارلار قوغلاپ كەلگەن موغۇللارنى كۆرۈپلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ھۇجۇم قىلدى. ئىككى تەرەپ ئۇرۇشتى. تاتارلار غالىب كەلدى. موغۇللارنى ئۆلتۈرە - ئۆلتۈرە ئۆيىگىچە كەلدى. ھەممە موغۇلنىڭ ئۆيى بىر يەردە ئىدى. موغۇللارنىڭ ئۆي - ۋاقى، بارلىق ماللىرى قولغا چۈشتى. بىرەر ئۆيلۈكمۇ قۇتۇلالمىدى. چوڭلىرىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ، كىچىكلىرىنى قۇل قىلىپ، قۇل بولغانلارنى بۆلۈپ - بۆلۈپ ھەركىم ئۆز ئۆيلىرىگە ئېلىپ كەتتى. موغۇللاردىن ھېچكىم قالمىدى. قالغانلىرى كىشىنىڭ ئىشىكىدە قۇل بولدى. خوجىسى قايسى ئەل بولسا، شۇ ئەلنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى.

سەۋىنچخان موغۇللارنى قىرغىن قىلىپ قايتىپ كەلدى. ئەل خاننىڭ ئوغۇللىرى كۆپ

ئىدى. ھەممىسى سوقۇشتا ئۆلدى. قىيان ئاتلىق بىر كىچىك ئوغلى بار ئىدى. ئۇنى شۇ يىلى ئۆيلىگەن ئىدى. ئەل خاننىڭ ئىنىسىنىڭ قىيان بىلەن قورداش نوكۇز ئاتلىق ئوغلى بار ئىدى. ئۇنىمۇ شۇ يىلى ئۆيلىگەن ئىدى. ئىككىسى بىر قوشتىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشكەنىدى. ئارىدىن ئون كۈندەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى كەچتە ئىككىسى خوتۇنلىرى بىلەن ئاتلىنىپ قاچتى. ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىغا كەلسە، ئاداشقان ۋە ياۋدىن قايتىپ كەلگەن تۆت خىل چارۋا مالدىن خېلى كۆپ ساندا بار ئىكەن. ئىككىسى «ئەلگە بارايلى دېسەك، تۆت تەرەپتىكى ئەلنىڭ ھەممىسى بىزگە ياۋ. يۇرتتا ئولتۇرساق، يۈرگەن - تۇرغان چاغلىرىمىزدا بىرەر كىمگە ئۇچراپ قالىمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە تاغنىڭ ئىچىدىن يۇرتنىڭ ئايىغى يەتمەيدىغان بىر يەر تاپايلى» دەپ كېڭەشتى. ماللىرىنى ھەيدەپ تاغنىڭ ئېتىكىگە باردى. ئۇلار مەھكەم تاغنىڭ ئىچىدە ئارقار سالغان يولنى بويلاپ ماڭدى ۋە تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، نېرىقى تەرىپىگە چۈشتى. ئايلىنىپ - چۆرگىلەپ قاراپ كۆرگەنىدى، ئۆزلىرى كەلگەن يولدىن باشقا يول يوق ئىكەن. كەلگەن يوللىرى بەك خەتەرلىك بولۇپ، تۆگە بىلەن ئات ماڭ تەسلىكتە يۈرىدىغان يول ئىكەن. ئەگەر ئاياغنى قىيا بېسىپ سالسا، ياردىن چۈشۈپ پارە - پارە بولۇپ كېتىدىكەن. تاغنىڭ ئىچىنىڭ كەڭلىكىنىڭ چېكى يوق ئىدى. ئېقىن سۇلار، بۇلاقلار، تۈرلۈك - تۈرلۈك ئوتلار، مېۋىلىك دەرەخلەر، تۈرلۈك ئوۋ ھايۋانلىرى بار ئىكەن. ئۇلار بۇ يەرنى كۆرگەندىن كېيىن، تەڭرىگە شۈكرى قىلىشتى. قىشتا ماللىرىنىڭ گۆشىنى يېدى، يازدا سۈتىنى ئىچتى، تېرىسىنى كىيدى. ئۇ يەرنى «ئەرگىنەقۇن»، دەپ ئاتىدى. «ئەرگىنە» نىڭ مەنىسى — تاغنىڭ كامىرى، «قۇن» نىڭ مەنىسى — تىز، ئۆتكۈر دېگەنلىك بولۇپ، تاغ ھەم ئېگىز، ھەم تىك ئىدى. بۇ ئىككى سەۋەبتىن قىيان بىلەن نوكۇزنىڭ بالا - چاقىسى ئاۋۇدى. قىياننىڭ ئەۋلادى كۆپ بولدى، نوكۇزنىڭ ئۇنىڭدىن ئاز بولدى. قىيان ئەۋلادىنى «قىيات»، دەپ ئاتايتتى. نوكۇز ئەۋلادىغا ئىككى خىل ئات قويدى. بىر نەچچىسىنى نوكۇزلار، بىر نەچچىسىنى «دورۇلغان»، دەپ ئاتىدى. قىياننىڭ مەنىسى — تاغدىن شىددەت بىلەن تۆۋەنگە تېز ئاققان سەل دېگەنلىك بولىدۇ. ئەل خاننىڭ بۇ ئوغلى شۇنداق كۈچلۈك، چاققان كىشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى «قىيان»، دېيىشەتتى. قىيات — قىياننىڭ كۆپلۈك شەكلى ئىدى.

بۇ ئىككىسىنىڭ ئوغلانلىرى ئەرگىنەقۇندا ئۇزۇن يىللار تۇردى. ئۇچلىرى ئۇزاردى، يانلىرى يېيىلدى. ھەر بىر جامائەت باشقا - باشقا ئوماق (ئايماق) بولۇپ، بىر ئۇرۇق بولۇپ ئاتالدى. تەڭرىم بۇيرۇسا ھەممىسىنى ئېيتىپ ئۆتىمىز. ئوماقنىڭ مەنىسى — سۆڭەك، پۇشت دېگەنلىك بولىدۇ. تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئۆز ئارا كۆرۈشكەندە «ئوماقىڭ نېمە؟»، دەپ سورىشىدۇ.

ئۇلار ئەرگىنەقۇندا تۆت يۈز يىلدىن ئارتۇقراق تۇردى. ماللىرى ۋە نەسلى شۇنچىلىك كۆپەيدىكى، ئۇ يەرگە سىغىشماي قېلىشتى. ئۇلار شۇ سەۋەبتىن بىر يەرگە جەم بولۇشۇپ، «ئاتىلىرىمىزدىن ئاڭلىغان ئىدۇق. ئەرگىنەقۇننىڭ سىرتىدا كەڭ يەرلەر، ياخشى يۇرتلار بار ئىكەنمىش. بىزنىڭ يۇرتىمىز قەدىمدە ئاشۇ يەرلەر ئىكەن. تاتار باشلىق ئۆزگە ئەللەر بىزنىڭ ئۇرۇقىمىزنى قىرىپ، يۇرتىمىزنى ئالغانىكەن. تەڭرىگە شۈكرى، ھازىر بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئۇنداق ئەمەس. ئەمدى ياۋدىن قورقۇپ، تاغ ئىچىگە قامىلىپ ئولتۇرۇۋەرمەيمىز. تاغلار ئارىسىدىن يول ئىزدەپ تاپايلى، كۆچۈپ چىقايلى، كىم بىزنى دوست دېسە، ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتەيلى، دۈشمەن دېسە ئۇرۇشايلى»، دەپ كېڭەشتى. ھەممەيلەن بۇنى ماقۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆرۈپ، تاغدىن چىقىشنىڭ يولىنى ئىزدىدى، تاپالمىدى. ئىچىدە بىر تۆمۈرچى بار ئىدى، ئۇ پالانى يەردە بىر تۆمۈر كانى بار، شۇنى تاۋلاپ، تۆمۈرنى ئېرىتسەك يول چىقىشى مۇمكىن، دېدى. ئۇلار ئۇ يەرگە بېرىپ، كۆرۈپ كەلدى ۋە بۇ ئىشقا ماقۇل بولدى. ئەلگە ئوتۇن بىلەن كۆمۈر يىغدۇردى. تاغنىڭ كامىرىغا بىر قات ئوتۇن، بىر قات كۆمۈر سالدى. تاغنىڭ ئۈستىنى، ئېرىقى ۋە بېرىقى يۈزىنى ئوتۇن - كۆمۈر بىلەن تولدۇرغاندىن كېيىن، يەتمىش تېرىدىن شامال ساندۇقى ياساپ، يەتمىش يەردىن پۈۋلىدى. بىر پۈۋلەش بىلەنلا خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئوت قىزىغاندىن كېيىن، تاغ تۆمۈر بىلەن ئېقىشۇردى - دە، يۈكلۈك تۆگە چىقالىغۇدەك يول ئېچىلدى. ئۇلار ئاي - كۈننىڭ سائىتىگە قاراپ تاشقىرىغا چىقتى، توي قىلدى. شۇ كۈننى ھېيت قىلىش شۇنىڭدىن بېرى موغۇللارنىڭ قائىدىسىگە ئايلاندى. ئۇ كۈنى بىر پارچە تۆمۈرنى ئوتقا سېلىپ، قىزارغان چاغدا خان ئۇنى قىسقۇچ بىلەن قىسىپ، تۆت سەندەل ئۈستىگە قويۇپ، بولقا بىلەن سوقىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، بەگلىرى شۇ كۈننى قامالدىن چىقىپ ئانا يۇرتقا كەلگەن كۈنىمىز، دەپ ئاجايىپ ئەزىزلەيدۇ.

ئۇ ۋاقىتتا موغۇللار پادشاھى بەرتەچىنە قىيان نەسلى ۋە قورلاس ئۇرۇقىدىن ئىدى. ئۇ بارچە ئەللەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەرگىنەقوندىن چىقىپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. بۇلارنى بەزىلەر ياخشى كۆردى، بەزىلەر يامان كۆردى. تاتار خەلقى يامان كۆرۈپ ياۋ بولدى. تاتارلار بىلەن موغۇللار سەپ تارتىپ سوقۇشتى. موغۇللار يېڭىپ چوڭلىرىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ، كىچىكلىرىنى قۇل قىلدى. شۇنداق قىلىپ، تۆت يۈز ئەللىك يىلدىن كېيىن قانغا قان، مالغا مال ئالدى. ئاتا يۇرتىدا ئولتۇردى. ئۇ يەردە ئولتۇرغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن بولغان ئەللەر ئىچىدە تاتاردىن كۆپى ۋە تونۇشلۇقى يوق ئىدى. ئۇلار ئەرگىنەقوندىن چىقىپ تاتارلارنى قىرىپ، ئاتا يۇرتىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار تاتار يېرىدە بارچە ئەللەرگە باش بولدى. بەزى ئەللەر موغۇللارنى پاناھلاپ، موغۇللاردىن بولمىسىمۇ موغۇلمىز، دەپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كەتتى»[1].

يۇقىرىدىكى مەلۇماتتىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئەبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە ئەرگىنەقون ھەققىدە توختالغاندا، ئەرگىنەقوندا قامىلىپ ياشىغانلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دېمەي، موغۇللارنىڭ ئەجدادى، دېگەن. ئەرگىنەقوندىن چىققانلارنى بۆرىگە ئەگىشىپ، تۈيۈق بولمىغان غار ئارقىلىق چىققان دېمەستىن، تاغنى ئېرىتىپ چىققان، دېگەن. ئۇنداقتا ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتى قاچان، قايسى ئۇسۇل بىلەن موغۇللار ئۇيغۇرلارغا، تاغنى ئېرىتىپ يول ئېچىپ چىققانلار بۆرىگە ئەگىشىپ غار ئارقىلىق چىققانلارغا ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى ئەتىق قىلىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىنى يېزىش جەريانىدا ئۆزى پايدىلانغان ماتېرىياللار قاتارىدا ئىرانلىق تارىخشۇناس رەشىدىددىن فەزلۇللاھنىڭ «جامىئۇت - تەۋارىخ» ناملىق يىرىك ئەمگىكىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، رەشىدىددىن فەزلۇللاھنىڭ «جامىئۇت - تەۋارىخ» ناملىق ئەسەرنى نېمە ئۈچۈن يازماقچى بولغانلىقى، كىتابنىڭ نامىنى نېمە ئۈچۈن «جامىئۇت - تەۋارىخ» دەپ قويغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەردە

---

(1) ئەبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك»، 27 -، 28 -، 29 - ۋە 30 - بەتلىرىدىن، تاشكەنت چولپان نەشرىياتى، 1992 - يىلى نەشرى.

ئۆزى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەنلىكىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

«قەزۋىنلىك خوجا رەشىدنىڭ دېيىشىچە: ئىراندا چىڭگىزخان ئەۋلادىدىن پادىشاھلىق قىلغان جامائەتتىن مۇسۇلمان بولغان كىشى غازانخان ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى تولىخان، ئۇنىڭ ئوغلى ھۇلاگۇخان، ئۇنىڭ ئوغلى غازانخان ئەلەيھىررەھمە ئىدى. غازانخان پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، تەبرىزنى پايتەخت قىلدى. مېنى چاقىرىپ ئىنايەت يۈزى بىلەن ۋەزىر قىلدى. پۈتكۈل ئىران مەملىكىتىنىڭ ئىختىيارىنى مېنىڭ قولۇمغا بەردى. بىر يىل بولغاندىن كېيىن بىر كۈنى مېنى چاقىرتىپ: ‹ئەلھەمدۇلىللا، بىز مۇسۇلمان بولدۇق. بىزنىڭ ئۇلۇغ ئاتىمىز ھۇلاگۇخان موغۇلىستاندىن كەلگەندىن بېرى ئىككى - ئۈچ ئەۋلاد ئۆتتى. بىزدىن كېيىن دۇنياغا كەلگەنلەر موغۇلنىڭ تىلىنى، يوسۇنىنى، يېرىنى، يۇرتىنى ۋە ئۇرۇقلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. موغۇل يۇرتىدا ئولتۇرغان ئەل كۆپ، ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ سۆڭەكى موغۇل، قايسىسى موغۇل ئەمەس، بۇنى كېيىنكىلەر بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بارچىسىنى بىر يەرگە يېزىپ قالدۇر›، دېدى. مەن خانغا: ‹بىر ئادەمنىڭ قولىدىن بىرلا ئىش كېلىدۇ، ماڭا ئۇلۇغ خىزمەتنى بۇيرۇپسىز›، دەپ ئەرز قىلدىم. خان ماڭا: ‹بۇ ئىش سەندىن ئۆزگە كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەس، بىزدە موغۇل تىلىدا يېزىلغان كىتابلار بار. كىتابقا پۈتۈلمىگەن سۆزلەرنى يادقا بىلىدىغان كىشىلىرىمىزمۇ بار›، دەپ موغۇللارنىڭ قەدىمكى سۆزلىرىنى بىلىدىغان ئادەملەردىن بەش - ئالتىسىنى ماڭا قوشۇپ قويدى. خاننىڭ ئۇلۇغ بېگى بار ئىدى. ئىسمى پولات، لەقىمى چىڭسالىڭ ئىدى. ئۇنىڭغا: ‹موغۇلنىڭ ئەسلىنى ۋە نەسەبىنى سەندىن ئارتۇق بىلىدىغان كىشى يوق. يەنە موغۇلنىڭ تىلىنى بىلىسەن، كىتابنى ئوقۇيالايسەن›، دەپ پادىشاھ ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن، پولات چىڭسالىڭ باھادىر باشلىق جامائەت ئېيتىپ بەردى. مەن بۇ تارىخنى ھىجرىيىنىڭ يەتتە يۈز ئىككىنچى يىلى يازدىم. كىتابنىڭ نامىنى ‹جامىئۇت - تەۋارىخ›، دەپ ئاتىدىم»[1].

ئەبۇلغازى باھادىرخان رەشىدىددىن فەزلۇللاھ ھەم ئۇنىڭ «جامىئۇت - تەۋارىخ» ئەسىرى ھەققىدە توختىلىپ بولغاندىن كېيىنلا، ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرى ھەققىدە توختىلىپ: «شۇ كىتاب پېقىرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. كىتابنىڭ بېشىدا ئېيتقانمەن، بۇنىڭدىن باشقا ئون يەتتە ‹چىڭگىزنامە›، مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. ئاشۇ كىتابلارنىڭ بەتلىرىدىن كۆچۈرۈۋاتىمەن»[2] دەپ يازىدۇ. بۇنىڭدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەبۇلغازى باھادىرخان بىز ئۈستىدە توختىلىۋاتقان كىتابىنى يېزىشتا ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن تارىخچى - تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەمگەكلىرىدىن، بولۇپمۇ رەشىدىددىن فەزلۇللاھنىڭ «جامىئۇت - تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدىن پايدىلانغان.

ئەبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىنى يېزىشتا پايدىلاندىم، دېگەن «چىڭگىزنامە»لەر ھازىر قولىمىزدا يوق. شۇڭا، «شەجەرەئى تۈرك»نى ئاشۇ «چىڭگىزنامە»لەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىمىز يوق. لېكىن، رەشىدىددىن فەزلۇللاھنىڭ «جامىئۇت - تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى بار. بۇ نۇسخا ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان، شۇنداقلا تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «ئەرگىنەقۇن» داستانىنى سېلىشتۇرۇپ

(1)(2) ئەبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك»، 30 - بەت، تاشكەنت چولپان نەشرىياتى، 1992 - يىلى نەشرى.

www.uyghurkitap.com



كۆرۈشىمىزگە يېتەرلىك ئاساس بولالايدۇ. تۆۋەندە رەشىدىددىن فەزلۇللاھنىڭ «جامىئۇت تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدىكى ئەرگىنەقۇنغا ئائىت مەزمۇننى كۆرۈپ باقايلى:

مۇشۇ قەبىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان قىسمەن ھېكايىلەر دوبۇن بويان ۋە ئالان قوۋا تارىخىدىن ئېلىنغان. بۇ موغۇللار دارلاكىن ۋە نىرۇندىن ئىبارەت ئىككى قىسىم موغۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دارلاكىن موغۇللار ئادەتتە موغۇللارنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، نىرۇن موغۇللار بولسا ساپ موغۇللارنى، يەنى ئالان قوۋادىن بولغان جەمەتنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ رىۋايەت موغۇللار ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان.

دارلاكىن دەپ ئاتالغان موغۇللارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى ۋە بۇ تارماق قەبىلە ئەسلىدە ئەرگىنەقۇندىن قېچىپ چىققانلار بولۇپ، ئۇلار ئۇ يەردە ياشاپ ئاۋۇغان نۇكۇز ۋە قىياتتىن ئىبارەت ئىككى موغۇل قەبىلىسىنىڭ قالدۇقلىرى ئىدى. بۇ قەبىلىلەر دوبۇن بويان ۋە ئالان قوۋا قەبىلىلىرىدىن ئىلگىرىلا بار ئىدى.

نىرۇن دەپ ئاتىلىدىغان ھەرقايسى قەبىلىلەر، ئالان قوۋا جەمەتى ئالان قوۋانىڭ ئېرى دونون بويان ئۆلگەندىن كېيىن، تەدرىجي شەكىللەنگەنىدى.

ئالان قوۋا دارلاكىن موغۇللىرىنىڭ بىر تارمىقى بولغان قورۇلاس قەبىلىسىگە تەۋە ئىدى. موغۇللارنىڭ قارىشىچە، ئالان قوۋانىڭ ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن. نۇردىن ھامىلىدار بولۇپ، ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ. بۇ ئۈچ ئوغۇلغا تەۋە بولغان جەمەت «نىرۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. «نىرۇن»، «بەل» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ پاك بولغان بەل ئۇلار (يەنى ئۈچ ئوغۇل) نىڭ كېلىش مەنبەسى بولغان نۇرنى بىلدۈرىدۇ.

ئالان قوۋا ھەمدە ئۇلارنىڭ جەمەتىدىن بولغان قەبىلىلەر ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى قىسمى ئالتىنچى ئەۋلادقا كېلىشتىن ئىلگىرى، يەنى خابۇلخان تەۋە بولغان بىر ئەلاۋدتىن ئىلگىرى ئالان قوۋا جەمەتىدىن كېلىپ چىققانىدى. ئوغۇللار، نەۋرىلەر ھەمدە جەمەتتىكى بارلىق ئادەملەر ئومۇمەن «نىرۇن» دەپ ئاتالدى. خابۇلخاننىڭ قېرىنداشلىرى ھەمدە جەمەتىمۇ «نىرۇن» دەپ ئاتالدى.

ئىككىنچى قىسمى «نىرۇن» دېيىلىۋاتقانلار قىياتلار ئىدى. بۇ قەبىلىلەر ئالان قوۋانىڭ 6 ـ ئەۋلادى بولغان خابۇلخاندىن بارلىققا كەلگەن تائىپىلەر ئىدى.

ئۈچىنچى قىسمى گەرچە نىرۇن قىيات قەبىلىسى بىلەن ئالان قوۋا ساپ جەمەتى ھەمدە 6 ـ ئەۋلادتىن كېلىپ چىققان بىۋاستە تۇغقىنى خابۇلخان بولسىمۇ، بىراق بۇرچىگىن قىياتنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە: ئۇلار خابۇلخاننىڭ نەۋرىسى، چىڭگىزخاننىڭ دادىسى يېسۇكاي باھادۇرغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

ئەرگىنەقۇندىن قېچىپ چىققان نۇكۇز ۋە قىيات جەمەتىدىن كېلىپ چىققان دوبۇن بويان بىلەن ئالان قوۋالاردىن ئىلگىرىمۇ بار بولغان تائىپە ۋە قەبىلىلەر دارلاكىن دەپ ئاتالغان تۈركىي ـ موغۇل قەبىلىلىرى.

كىتابىمىزنىڭ مۇقەددىمىدە تەپسىلىي كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، موغۇل قەبىلىلىرى بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بىر گۇرۇھى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىياپىتى بىلەن تىللىرى ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتەتتى. بۇ مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى نوھ ئەلەيھىسسالام — ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك يار بولغاي! — نىڭ باللىرى بولۇپ، ئابۇلجاخان ھەمدە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق ئەجدادى ياپەس دېيىلىدۇ، شۇنچىلىك ئۇزۇن ۋاقىتلار ئۆتكەن،

شۇنچىلىك كۆپ ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ ۋەقەلىكلەرنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىلىشىدىكى سەۋەبلەر تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردە كىتابلار يېزىلمىغاچقا، ئۇلار تۆت - بەش مىڭ يىللىق تارىخىنى يېزىپ قالدۇرمىغان، تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە رىۋايەتلەرنى ئەۋلادلىرىغا ئاغزاكى سۆزلەپ بېرىشۋاتقىنىدىن باشقا، تولۇق ھەم ئىشەنچلىك تارىخى يوق ئىدى.

بۇ قەبىلىلەر ئۆزئارا قوشنا رايونلاردا ياشىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان رايونلىرى ناھايىتى ئېنىق ئايرىلغانىدى.

ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان جايلىرى ھازىر موغۇلىستان دەپ ئاتىلىۋاتقان جايدا بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ چېگرىلىرىدىن تاكى قىتاي ۋە جۇرجىتلار چېگرىلىرىغا قەدەر سوزۇلغانىدى. بۇ رايونلار ھەممە بۇ رايونلارنىڭ ئەھۋالى ئىلگىرى ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغانىدى. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2000 يىللار ئىلگىرى قەدىمدە موغۇل دەپ ئاتالغان ئاشۇ قەبىلە بىلەن باشقا بىر تۈركىي قەبىلە ئارىسىدا غوۋغا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئاخىر ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ئىشەنچلىك مۆتىۋەرلەرنىڭ ئاغزاكى دەپ بېرىشىگە قارىغاندا، باشقا بەزى قەبىلىلەر موغۇللار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۇلارنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلىپ، ئۇلاردىن پەقەت ئىككى ئوغۇل بىلەن ئىككى قىزنى قالدۇرۇپ قويىدۇ. بۇ ئىككى جۈپ ئوغۇل - قىز دۈشمەنلەردىن قورقۇپ، ئادەمزات ئاياغ باسمىغان جايغا بېرىۋالىدۇ. ئۇ جاينىڭ تۆت تەرىپى ئېگىز تاغلار ۋە قېلىن ئورمانلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، پەقەت ھەم تار، ھەم خەتەرلىك چىغىر يول ئارقىلىق ئىنتايىن كۆپ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ ئاندىن بۇ يەرگە كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق جايدىن مېڭىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ تاغ ئارىسىدا ئوت - چۆپلەر ئىنتايىن ياخشى ئۆسكەن بولۇپ، ھاۋالىق، ياخشى يايلاق ئىدى. بۇ جاي «ئەرگىنەقۇن» دەپ ئاتىلاتتى. «قۇن»نىڭ مەنىسى «تاغ باغرى»، «ئەرگىنە»نىڭ مەنىسى «ئېگىز ھەم خەتەرلىك» دېگەنلىك بولىدۇ. ھېلىقى ئىككى ئوغۇلنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى نوكوز، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى قىئان (قىيان) ئىدى. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ يەردە ئۇزۇن مۇددەت تىرىكچىلىك قىلىپ ئاۋۇغانىدى.

ئۇلارنىڭ ھەربىر تارمىقى بارا - بارا مەلۇمناملار بىلەن ئاتىلىدىغان ھەم مۇستەقىل «ئاۋباق» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. «ئاۋباق» مەلۇم تارماق ياكى مەلۇم جەمەتكە تەۋە ئادەم دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ «ئاۋباق» دېيىلىدىغان قەبىلە يەنە كۆپىيىپ، بىرقانچە تارماقلارنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ھازىرمۇ موغۇل قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئاۋباقلارنىڭ بارلىقى مەلۇم. بۇ تارماقتىن كېلىپ چىققانلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ ئۆزئارا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقى ئېنىقلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دارلاكىن موغۇللاردىن ئىدى. «موغۇل» دېگەننىڭ مەنىسى «ئاجىز» ۋە «سەممىي» دېگەنلىك بولىدۇ. «قىئان» موغۇلچىدا تاغنىڭ ئۈستىدىن شىددەت بىلەن ئېقىپ چۈشكەن قىيان ياكى كەلكۈننى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى قىئانلار باتۇر، يۈرەكلىك ھەم قەيسەر كېلىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر «قىئان» دېگەن سۆزنى ئۇلارغا نام قىلىپ قويغان. قىئات قىئاننىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، بۇ قەبىلە ئىچىدىكى ھازىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىۋاتقان كىشىلەر ئەنە شۇ قەدىمكى قىئاتلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى.

بۇ مىللەت مۇشۇ تاغ ئىچىدە ۋە ئورمانلىقتا تىرىكچىلىك قىلىپ ئاۋۇدى. (ئۇلار تورۋۇاتقان) رايون كۈندىن - كۈنگە كىچىكلىشىشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئۇلار قانداق قىلىپ مۇشۇنداق ھەم قاتتىق سوغۇق بولىدىغان، ھەم تار جايدىن چىقىپ كېتىشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چارە - ئۇسۇلى بار، دەپ ئۆزئارا مەسلىھەتلەشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىلگىرى دائىم ئېرىتىپ تۆمۈر ئالىدىغان تۆمۈر كانىنى بېكىتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈملۈشۈپ، ئورمانلىقتىن ئوتۇن، كۆمۈرلۈكتىن كۆمۈر ئېلىپ كېلىپ دۆۋىلىدى. ئارقىدىن 70 دانە ئات ۋە كالا ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنى تۇلۇمچىلاپ سويۇپ، تېرىلىرىنى شامال ساندۇقى قىلدى، (ئارقىدىن) تاغ باغرىغا دۆۋىلەنگەن ئوتۇن ۋە كۆمۈرنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇردى، ئاندىن ئوتۇن ۋە كۆمۈرگە ئوت يېقىپ، 70 شامال ساندۇقى بىلەن بىراقلا ئوتنى پۈۋلەشكە باشلىدى. (نەتىجىدە) ئۇلار ئۇ يەردىن ناھايىتى كۆپ تۆمۈرگە ئېرىشتى. (شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا) يولمۇ ئېچىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېچىلغان تار تاغ يولىدىن مېڭىپ، بىپايان دالاغا چىقىشتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قىئانغا تەۋە بولغان ئاساسلىق بىر تارماق شامال ساندۇقى تارتقانىدى. نۇكۇز دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلىلەر ھەم ئۇنىڭ تارمىقى ھېسابلانغان ئۇرىيانقات قەبىلىرىمۇ ساندۇق تارتقانىدى.

يەنە بەزى قەبىلەر ساندۇق تارتىشقا قاتناشقان دېيىلسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن قەبىلىلەر (ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى) ئېتىراپ قىلمىدى ھەمدە مۇتلەقلەشتۇرۇپ، ئاساسىي تارماقنى تەشكىل قىلغان قوڭرات قەبىلىسى ئەرگىنەقوندىكى نۇكۇز ۋە قىئانلارنىڭ بىر قەبىلىسى بولسىمۇ، (بىراق) ئۇلارنىڭ ئەرگىنەقوندىن ئالدىن چىقىشى ھەققىدە مەسلىھەت بولمىغانىدى. (شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا) ئۇلار باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئوچاقلىرىنى دەسسەشتۇرۇپ، (ئەرگىنەقوندىن) قېچىپ كېتىشكەنىدى، ئاشۇ قەبىلىلەر مۇتلەقلەشتۇرۇپ، قوڭراتلارنىڭ ئەرگىنەقوندىن ئالدىن چىقىشى بېكىتىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ، (تاغنى ئېرىتىش ئۈچۈن شامال ساندۇقى تارتقۇاتقان قەبىلىلەرنىڭ) ئوچاقلىرىنى قارامىلىق بىلەن دەسسەپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكلىرى سەۋەبلىك، قوڭرات قەبىلىسى ئىنتايىن ئازابلىنىدۇ، دېيىشتى.

ھازىر بۇ يەردە ياشاۋاتقان، ئىلگىرى ئەرگىنەقوندىن قېچىپ چىققان بىر بۆلۈك موغۇللار مۇتلەقلەشتۇرۇپ، گەرچە ئۇ يەر جاپالىق بولسىمۇ، بىراق يۇقىرىدا سۆزلەنگەن دەرىجىدە ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ تاغنى ئېرىتىشتىكى مەقسىتى پەقەتلا باشقا بىر يول ئېچىش شەرىپىگە ئىگە بولۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دېيىشىدۇ.

چۈنكى، ئالان قوۋانىڭ ئېرى دوبۇن بويان قىئان جەمەتىدىن كېلىپ چىققان، ئالادىن قوۋا بولسا قورولاس قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققانىدى. شۇڭا، يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتۈلگەندەك، چىڭگىزخاننىڭ نەسەبىمۇ شۇلارغا باغلىنىدۇ. (گەرچە ئارىدىن شۇنچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ) كىشىلەر ئۇ تاغدا ھەم تۆمۈر ئېرىتىپ تۆمۈر تاۋلىغان (ھەم تاغنى ئېرىتىپ يول ئاچقان) ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكىنى يوق. چىڭگىزخاننىڭ جەمەتى ئىچىدە مۇنداق بىر خىل ئۆرپ - ئادەت ۋە قائىدە - يوسۇن بار: ئۇلار ھارپا ئاخشىمى شامال ساندۇقى، تۆمۈر ئېرىتىدىغان ئوچاق ۋە كۆمۈر تەييارلاپ، تۆمۈرنى قىزىتىپ، سەندەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، (بازغان ياكى بولقا بىلەن) سوقۇپ، تۈزلەپ (پولات چىۋىق شەكلىگە كەلتۈرۈپ)، ئۆزلىرىنىڭ ئەرگىنەقوندىن چىقىپ، ئازاد بولغانلىقىنى خاتىرىلەيدۇ)[1].

بىز يۇقىرىدا مۇئەللىپلىرىمىز تەرىپىدىن ئەسەرلىرىگە كىرگۈزۈلگەن «ئەرگىنەقون»

---

(1) رەشىدىددىن فەزلۇللاھنىڭ «جامىئۇت - تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىنىڭ سودا نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992 - يىلى نەشر قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخىسى 1 - جىلد 1 - قىسمىنىڭ 249 -، 250 -، 251 -، 252 - ۋە 253 - بەتلىرىدىن.

داستانىنىڭ بەش خىل ۋارىيانتى بىلەن ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ھەم رەشىدىددىن فەزلۇللاھنىڭ «جامىئۇت - تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدىكى نۇسخىسىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. تۆۋەندە تۈركىيىلىك ئالىم شۈكرۇ ئەلچىننىڭ «ئەرگىنەقۇن» داستانى ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

## «ئەرگىنەقۇن» داستانى

كۆك تۈرك داستانلىرىدىن بىرى «ئەرگىنەقۇن» داستانى ئىدى. 13 - ئەسىردە رەشىدىددىن تەرىپىدىن مۇقىملاشتۇرۇلغان داستانىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

موڭغۇل قىلىپ كۆرسىتىلگەن كۆك تۈرك خاقانى ئىلخان بىلەن تاتار سەۋىنچخان ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشتا كۆك تۈركلەرنىڭ ھەممىسى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئۇرۇشتا پەقەت ئىلخاننىڭ قىيان (قايان) ئىسىملىك ئوغلى، ئايالى، قىياننىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى نۆكۈز ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى قېچىپ قۇتۇلدى؛ ئۆتىدىغان يېرى بولمىغاچقا، چەت بىر جايغا كەتتى؛ بۇ جايدا 400 يىل تۇرۇپ كۆپەيدى. ئاخىرىدا تۇرۇۋاتقان جاي تار كېلىپ قالدى؛ بىر تۆمۈرچى تاغنىڭ تۆمۈرىنى ئېرىتىپ يول ئاچتى. كۆك تۈركلەر ئەرگىنەقۇندىن چىقىپ ئانا يۇرتلىرىغا قايتىشتى؛ تاتارلاردىن ئاتىلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشتى. مۇشۇ ۋاقىتتا خاقانلىرى بۆرتەچىنە (كۆك بۆرە) ئىدى.

باھا: كۆك تۈركلەر ئەرگىنەقۇندىن چىققانلىقىنى ھەر يىلى قۇتلۇقلايتتى. ئوتتا قىزدۇرۇلغان بىر تۆمۈر سەندەل ئۈستىگە قويۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن خاقان، ئۇنىڭدىن كېيىن بەگلەر نۆۋەت بىلەن قولىدىكى بولقا بىلەن تۆمۈرنى ئۇرۇشاتتى[1].

خۇلاسە: يۇقىرىدا «ئەرگىنەقۇن» داستانىنىڭ مۇئەللىپلىرىمىزنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بولغان ئەسەرلىرىنىڭ ئەپسانە، رىۋايەت قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن بەش خىل ۋارىيانتىنى، ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىنىڭ «ئەرگىنەقۇن» داستانىغا ئائىت قىسمىنى، ئىرانلىق تارىخشۇناس رەشىدىددىن فەزلۇللاھنىڭ «جامىئۇت - تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدىكى «ئەرگىنەقۇن» داستانىغا ئائىت بايانىنى ھەم تۈركىيىلىك ئالىم شۈكرۇ ئەلچىننىڭ «خەلق ئەدەبىياتىغا كىرىش» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن تەتقىقاتىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بىز ئاشۇ نۇسخىلارنى ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، بىر تېمىنى چۆرىدىگەن داستانىنىڭ مەزمۇنىدا ناھايىتى زور پەرقلەرنىڭ بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ نۇقتا بىزگە بىزدە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز ھەربىر مەسىلىگە دۇچ كەلگىنىمىزدە، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەستايىدىل مۇئامىلىدە بولساقلا، ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلىشىمىزدە، ئۇنىڭ سىرىنى ئېچىشىمىزدا گەپ يوق. گەپ ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشىمىزدا. بۇنىڭ ئۈچۈن، تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقات مېتودىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

(1) پروفېسسور، دوكتور شۈكرۇ ئەلچىننىڭ «خەلق ئەدەبىياتىغا كىرىش» ناملىق كىتابىنىڭ 77 -، 78 - بەتلىرىدىن، سەۋىنچ نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1986 - يىلى 2 - باسمىسى.

www.uyghurkitap.com

# مەختۇمسۇلا ئوبرازىنىڭ تارىخىي مەنبەسى

مېھرىگۈل ئوبۇلقاسىم

«چىنتۆمۈرباتۇر بىلەن مەختۇمسۇلا» داستانى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا نەچچە ئەسىردىن بېرى كەڭ تارقىلىپ، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىمىزدىن بىرى. بۇ داستاندا رايونىمىز خەلقىنىڭ خېلى ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا خاس رىۋايەت ۋە ئەپسانە تۈسى بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئەسلىدە چىنتۆمۈرباتۇر بىلەن مەختۇمسۇلا ئىككىلىسى تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخسلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى خەلق ئېغىزىدا تالاي قېتىملىق ئۆزگىرىش، يېڭىدىن يارىتىلىش، پىششىقلاپ ئىشلىنىش ئارقىلىق بۈگۈنكى داستان ھالىتىگە كەلگەن. بۇ ئىككى تارىخىي شەخس ھەققىدە «تارىخى رەشىدىي»دە مۇھىم مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ مەلۇماتلار بىلەن بۈگۈنكى «چىنتۆمۈرباتۇر ۋە مەختۇمسۇلا» داستانى ئوتتۇرىسىدا گەرچە خېلى كۆپ پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەنبەلەر داستاندىكى ئەپسانىۋى تۈس ئالغان ئاشۇ ئوبرازلارنىڭ تارىختا ھەقىقەتەن ئۆتكەن رېئال شەخسلەر ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ.

داستاندا چىنتۆمۈرباتۇر نامىدا تىلغا ئېلىنغان شەخس تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادلىرىدىن شىرئەلى ئوغلاننىڭ ئوغلى ئۇۋەيسخاندۇر، مەختۇمسۇلا بولسا ئۇۋەيسخاننىڭ سىڭلىسى بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى تۇغلۇق تېمۇرخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلاشقان موغۇل خانلىرىنىڭ ئەۋلادىدۇر.

تۇغلۇق تېمۇرخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، يەتتەسۇ ۋە شىنجاڭ رايونىدا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ نەچچە ئون مىڭ موغۇل مۇسۇلمان بولغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان موغۇللار بىلەن مۇسۇلمان بولمىغان موغۇللار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئۇرۇش ـ ماجىرا ۋە بىر ـ بىرىنى بۇلاڭ ـ تالان قىلىش ھادىسىلىرى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلدى. تۇغلۇق تېمۇر ئەۋلادلىرى زامانىغا كەلگەندىمۇ بۇ خىل توقۇنۇشلار توختاۋسىز داۋام قىلغان. «تارىخى رەشىدىي»دە بايان قىلىنىشىچە، تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئۇۋەيسخان «تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى. پاك ۋە كارامەتلىك ئىدى. جىمى خانلار ئارىسىدا ھىممەت ۋە شىجائەتتە يېگانە ئىدى. ئۇۋەيسخان موغۇللارنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشى ۋە ئۇلارنى بۇلاڭ ـ تالان قىلىشىنى توسۇپ توختاتتى. قالماقلار بۇلارغا يېقىن ئىدى. ئۇۋەيسخان دائىم ئۇلار بىلەن جەڭ قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇۋەيسخان مەغلۇپ بولاتتى: لېكىن جەڭدىن قول يىغمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئىككى نۆۋەت قالماقلارنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشتى. دەسلەپكى قېتىم ئەسىرگە چۈشۈش ئەھۋالى مۇنداق بولغانىدى: مىڭلاق دېگەن جايدا قالماقلاردىن ئىسان تايشى بىلەن جەڭ قىلدى: جەڭ پەيتىدە قالماقلارغا تۇتۇلۇپ قالدى»[1]. ئىسان تايشى

(1) «تارىخى رەشىدىي» 1 ـ توم. «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق 6 ـ سانى 9 ـ بەت.

بۇ قېتىم ئەسىرگە چۈشكەن ئۇۋەيسخاننى ئىززەت - ئىكراملار قىلىپ قويۇۋېتىدۇ. لېكىن، ئۇۋەيسخان كېيىنكى قېتىمدا ئىسان تايشى بىلەن يەنە جەڭ قىلىپ ئىككىنچى قېتىم ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە «تارىخى رەشىدىي» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سۇلتان ئۇۋەيسخان يەنە بىر نۆۋەت تۇرپان دىيارىدا ئىسان تايشى بىلەن جەڭ قىلدى. بۇ نۆۋەتمۇ خان مەغلۇپ، ئىسان تايشى غالىب بولۇپ، خان يەنە ئەسىرگە چۈشتى. ئىسان تايشى ئېيتتىكى: ‹ئەمدى بۇ نۆۋەت سىزنى بىكارغا قويۇپ بەرمەيمەن. ئۆزىڭىزنىڭ ئورنىغا سىڭلىڭىز مەختۇم خانىمنى بەرگەيسىز›، دېدى. ئۇۋەيسخان جان ۋەھىمىسى تۈپەيلىدىن، ئىلاجسىز مەختۇم خانىمنى بېرىپ، ئۆزى خالاس بولدى. بۇ مەختۇم خانىمنىڭ مەشھۇر نامى مەختۇم سۇلۇ ئىدى.»

دېمەك، مەختۇم سۇلۇ چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن مۇسۇلمان بولۇپ ئۇيغۇرلاشقان موغۇللار بىلەن مۇسۇلمان بولمىغان موغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى توختاۋسىز ئۇرۇشلار جەريانىدا مۇسۇلمان بولمىغان موغۇللارنىڭ ھۆكۈمدارى ئىسان تايشىغا نىكاھلىنىشقا مەجبۇر بولغان مۇسۇلمان قىز ئىدى. ئۇ مۇسۇلمان بولمىغان موغۇللار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىشتا مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇ يەردە يەنە نەچچە ئون مىڭ موغۇلنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان. «تارىخى رەشىدىي» دە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئىسان تايشى ئۇۋەيسخاننىڭ سىڭلىسى مەختۇم سۇلۇ خانىمنى خانىنىڭ جېنىنى ئامان قويۇش بەدىلىگە ئالغانىدى. ئۇ مەختۇم خانىمدىن ئىككى ئوغۇل، بىر قىز يۈزى كۆردى. ئەمما ئۇۋەيسخان مەختۇم خانىمنى ئىسان تايشىغا بېرىدىغان چاغدا ئىسان تايشىنى مۇسۇلمان قىلىپ، ئاندىن شەرىئەت بويىچە نىكاھلاپ بەرگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىسان تايشى ئۆز ئەۋلىرىنى مۇسۇلمان قىلغانىدى. خانىمدىن بولغان ئىككى ئوغۇلغا ئىبراھىم ۋە ئىلياس دەپ ئات قويىدى. قىزىنى قادىربەردى ئىبنى ‹مىر› كەرىمبەردىگە بەرگەنىدى. مەقسەت شۇكى، مۇسۇلمانچىلىق سەۋەبىدىن ئىبراھىم ئوڭ ۋە ئىلياس ئوڭ بىلەن ئوماسانچى تايشىنىڭ ئارىسىدا نەچچە قېتىم جەڭگى - جېدەللەر بولدى. قالماق تىلىدا خانزادىنى ‹ئوڭ› دەپ ئاتىشىدۇ. دېمەك، ئوماسانچى تايشى ئۇلاردىن قېچىپ ئۈچ ‹يۈز› مىڭ كىشى بىلەن موغۇلىستانغا كەلدى. ئاڭلىنىشلارغا قارىغاندا، ئىبراھىم ۋە ئىلياسلار توققۇز يۈز مىڭ كىشى بىلەن قالغانىدى. ئاخىر ئۇلار بىلەن قالماق خانىنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىشىش كۆپ يۈز بەردى. ئىبراھىم ئوڭ بىلەن ئىلياس ئوڭ قالماق خانىدىن قېچىپ قىرىق مىڭ كىشى بىلەن خىتاي چېگرىسى ئىچىگە كىردى»[1].

«تارىخى رەشىدىي» دە بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھىجرىيە 873 (مىلادىيە 1468 — 1469) - يىلىدىن ھىجرىيە 910 (مىلادىيە 1504 — 1505) - يىللىرى ئارىلىقىدا يۈز بەرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان «چىنتۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلا» داستانىدىكى مەختۇمسۇلا «تارىخى رەشىدىي» دە «مەختۇم خانىم»، «مەختۇم سۇلۇ» دەپ تىلغا ئېلىنغان ئاشۇ تارىخىي شەخس بولۇپ، ئۇزۇن زامانلار جەريانىدا بۇ داستان ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ ئۇنىڭ مەزمۇنىدا ۋە سۇژېتىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىنىشلار بولغان. بارا - بارا تارىخىي شەخسلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئەپسانىۋى تۈس ئالغان، «مەختۇم سۇلۇ» دېگەن ئىسىممۇ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ، «مەختۇمسۇلا» بولۇپ قالغان.

---

(1) «تارىخى رەشىدىي» 1 - توم، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2001 - يىللىق 2 - سان، 40 - ، 41 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەدەنىيلىشىشمۇ، ياتلىشىشمۇ (4)

تۇغلۇق

## يوقىلىشقا يۈز تۇتۇۋاتقان مىللىي خاسلىقىمىز

### 1. تارىختا ئۇلۇغلۇق تاجىنى كىيگەن مىللەت

«ئۇيغۇر» دېگەن شەۋكەتلىك نام بىلەن تونۇلغان خەلقىمىز نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە ئۇلۇغ مىللەتلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان، كۆمۈلمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتكەندى. ئۇلار مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە بولسۇن ۋە ياكى ماددىي مەدەنىيەت سەھنىسىدە بولسۇن، پاھان مەدەنىيىتىنىڭ نۇرانە مەشئىلىنى نەچچە مىڭ يىللار جەۋلان قىلدۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نامى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە تۇتقان ئورنى ئوتتۇرا ئاسىيادىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شەرق دۇنياسىدا پەخىرلىك ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكى تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم. ئۇلار ئاشۇنداق پارلاق مەدەنىيىتى ۋە شۆھرىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مىللىي خاراكتېرى، مىللىي روھى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ناھايىتى روشەن نامايان قىلغان. بۇ جەھەتتە بىز قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى پەخىرلەنگەن ھالدا تىلغا ئېلىشقا ھەقلىقمىز.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىردە ئۆتكەن ماكېدونىيە پادىشاھى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بۈيۈك كۈچ - قۇدرەت ۋە ئۇلۇغ سەلتەنەت بىلەن پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىنىڭ تەسەررۇپى ئاستىغا ئېلىشقا تۇتۇش قىلدى ۋە تەرەپ - تەرەپكە يارلىق چۈشۈرۈپ، مەكتۇپ يوللاپ، باشقا ئەللەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى. بۇ مەكتۇپلار ئىچىدە چىن — تۇران پادىشاھىغا يازغان مەكتۇپى ئالاھىدە خاراكتېرلىك ئىدى. جانابىي ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق داستانىدا تارىخىي ۋە رىۋايەتلىك ئاملىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىسكەندەرنىڭ مەكتۇپىنى مۇنداق بايان قىلىپ بېرىدۇ:

«مېنى ئىسكەندەر، دەپ ئاتىشىدۇ، يەتتە ئىقلىمنى ئۆزۈمگە بويسۇندۇرۇش مېنىڭ سۈپىتىم ۋە خۇسۇسىيىتىمدۇر. سېنى ‹خاقانى چىن› دېيىشىدۇ، تۇران زېمىنى سېنىڭ مەملىكىتىڭ، تۇرانلار بولسا سېنىڭ لەشكەر ۋە پالۋانلىرىڭدۇر ...» يوقىرىقى بايانلاردىن كېيىن ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ شاھلىق تەختكە چىقىشىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بولۇپ، مۇنداق مەسخىرىلىك قورلارنى يازغان. «... بۈگۈن ئىران مەملىكىتى ماڭا تەۋە بولدى، ھەممە شاھلار پەرمانىمدا بولدى ... سالىمۇ ئەگەر بەخت - تەلىيىڭ مەدەت بېرىدىغان بولسا، ئورنىڭدىن تۇرۇپ، پەلەك سۈپەت ئاستانەمگە كەلگىن. قانداق پەرمان قىلسام، سۆزۈمنى ئۇلۇغ دەپ بىلگىن، بويسۇغامدا باش قويۇپ ئايىغىمنى سۆيگىن. ساڭا ۋە بارلىق تاۋابىئاتىڭغا ئىنئام - ئېھسان قىلىپ، مۇرەسسە، مادارا بىلەن لايىقىدا ئىززەت - ھۆرمىتىڭنى قىلىمەن ... ئەگەر ئىتائەت قىلماي، جاھىللارچە يول تۇتۇپ، دۈشمەنلىك ۋە گۇناھكارلىقنى ئىختىيار قىلساڭ، ئۇ ھالدا بېشىڭغا بۇ تەتۈر پەلەكتىن نېمە كۈن كەلسە، مەندىن ئاغرىنما، مەندىن

مېھرىبانلىق ۋە مۇرەسسە ـ مادارا كۆزلىمە، قالغان سۆزلەرنى ئەلچى بايان قىلىدۇ، شۇنىڭدىن بىلەرسەن، تامام ۋەسسالام.»

يۇقىرىقى تەھدىت ۋە ھاقارەت بىلەن تولغان مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئالغان خاقانى چىن ـ تۇران پادىشاھى تەمكىنلىك ۋە ئالىيجانابلىق بىلەن سوغىرىلغان مۇنۇ مەكتۇپنى ئەلچىلەردىن ئەۋەتىپ بېرىپتۇ:

«ئىسكەندەرنىڭ ئەۋەتكەن بۇ مەكتۇپى زەھەردىن ئاچچىق، قىلىچتىن ئۆتكۈر تەلەپپۇزدا يېزىلىپتۇ. ئۇ جانابىي ئەلچىلەرگە بۇ خەتنى يېزىپ بېرىۋاتقان ۋاقىتتا يا ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغان ياكى ئالدىراپ كېتىپ، سۆز ئىبارىلەرنى ئويلىماي، دەڭسەپ باقماي يېزىپ قويغان ئوخشايدۇ. لەشكىرىم كۆپ، خەلقىم باياشاد، ئۇنىڭدىن ھېچبىر قالغۇچىلىكىم يوق. ئۆزىگە تەۋە بولمىغان بىر پادىشاھقا مۇنداق تەلەپپۇزدا مەكتۇپ يېزىش ھېچقانداق رەسىم ـ قائىدىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش. مۇنداق ئەھۋال كىتابلاردىمۇ ئۇچرىمايدۇ. ئىسكەندەر خېتىدە ئۆزىنى «ھېكىم ۋە دانىشمەن» دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ پەخىرلىنىپتۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەقلى جايىدا بولغان بولسا، بۇنداق سۆزلەرنى دېمىگەن بولاتتى، چۈنكى مۇنداق تەلەپپۇز بىلەن مەكتۇپ يېزىش ئەقىل ـ ھوشى بار كىشىلەرگە زادى مۇناسىپ ئەمەس. يەنە تېخى «خاقانى چىن ئالدىمغا كەلسۇن» دەپتۇ. ماڭا مۇنداق سۆزنى قىلىشقا بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەكمۇ پېتىنالمايدۇ. دارامۇ بىر نەچچە ۋاقىت جاھاندارلىق قىلىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا دوستلۇق، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بىر ـ بىرىمىزنى ھۆرمەتلەپ كەلگەنىدۇق. ئۇمۇ ھېچقاچان ماڭا قارشىلىق ۋە دۈشمەنلىشىشنى قوزغايدىغان مۇنداق تەكلىپنى قويۇپ باقمىغان، ئىسكەندەرنىمۇ ئىككىنچى دارا دەپ بىلىپ، جاھان مۈلكىنىڭ شاھلىرىدىن بىرى دەپ قارايمەن، بىراق ئۇ چىن مەملىكىتىنىڭ باشقا بىر جاھان ئىكەنلىكىنى بىلمەي قاپتۇ. شۇڭا، ئالدىراپ ـ تېنەپلا يېزىپ ئەۋەتكەن بۇ مەكتۇپقا ئۇنچە ھودۇقۇپ كەتمەيمەن؛ ئۇ گەرچە خەتنى ناھايىتى قاتتىق ـ يىرىك سۆزلەر بىلەن يازغان بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇنداق قىلمايمەن. ئەگەر ئۇ دارادەك قائىدە ـ يوسۇن بىلەن سۆز قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە سۆزلىرىگە خېرىدارلىق قىلغان بولاتتىم. ئەگەر ئۇنىڭ خىيالى مۇشۇ مەكتۇپتىكىدەك بولىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى نورمال تۇتمىسا، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن جەڭگى ـ جېدەلدىن باشقا ئىشنى قىلمايمەن. ئۇ قەيەردە جەڭ مەيدانى تۈزسە مەنمۇ شۇ يەرگە يۈرۈش قىلىپ ئۆتىمەن، ئەگەر دىيارىمغا لەشكەر تارتىپ كەلسە، شەھەر دەرۋازىسىنى يېپىۋېلىپمۇ قويمايمەن، سىپاھلىرىم بىلەن بۇ ئاسمان ئاستىنى چاڭ ـ توزانغا تولدۇرۇپ، ئىسكەندەر بىلەن يۈزمۇيۈز ئېلىشىمەن.»

ئەلچىلەر ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن يۇقىرىقى جاۋابنى ئاڭلىغان ئىسكەندەر سەلدەك قوشۇنى، دېۋىدەك سەركەردىلىرىنى، ئەۋلىيادەك مەسلىھەتچىلىرىنى باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان. تۇران پادىشاھى ئېيتقاندەك ئىسكەندەر تۇران خەلقىنى خاتا مۆلچەرلەپ قالغانىدى.

تارىخىي خاتىرىلەر ۋە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئېنىق خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئىسكەندەر چىن زېمىنىنى ئىشغال قىلالمىغان، تۇران پادىشاھىنىڭ ئالىيجاناب تىرىشچانلىقى، تۇران قوشۇنلىرىنىڭ تەڭداشسىز جەڭگىۋارلىقى ئاستىدا ئىسكەندەر سۇلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، زۇلقەرنەيىن قوشۇنلىرى تۇران زېمىنىغا يېقىنلاشقاندا، تۇران شاھى ئۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com



قارشى خىللانغان تۆت مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئالدىن يۇرەر قىسىم قىلىپ ماڭدۇرغان. ئۇلار زۇلقەرنەيىننىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى بىلەن باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشقان. ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ئات ئۈستىدە شۇنداق ئۇستىلىق ۋە چەبدەسلىك بىلەن ھەرىكەت قىلغانكى، ئوقنى ئالدىغا قانداق ئۈزسە، كەينىگىمۇ شۇنداق ماھىرلىق بىلەن ئۈزگەن. ئۆزلىرىگە بولسا ھەرگىز ئوق تەگكۈزمىگەن. بۇنداق چەبدەسلىكنى، جاسارەت ۋە ماھارەتنى، ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزلىرىنى پىدا قىلىۋاتقان روھنى كۆرگەن ئىسكەندەر ھەيرەتتە بارمىقىنى چىشلىگەن ھەمدە زوقمەنلىك ۋە قايىللىق بىلەن «ئىنان خوزخورەند» (بۇلار باشقىلارغا بېقىنماي ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يېيەلەيدىغان خەلق ئىكەن، ئۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ) دەپتۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تىلشۇناسلىق قانۇنىيىتى بويىچە تەبىر بېرىشىچە، «خوزخور» بارا - بارا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساش جەريانىدا «ئۇيغۇر» غا ئۆزگەرگەن، دەپ ئىلمىي يەكۈن چىقىرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئىتىدىكى باتۇرلۇق، زېرەكلىك ۋە ئەخلاقىي - پەزىلىتى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە روشەن ھالدا نامايان بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى يۈكسەكلىكى، ئىجادچانلىق روھى، تەرەققىي قىلىش، يېڭىلىققا ئىنتىلىشچانلىقى جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك خەلق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى. ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۈكسەك پەزىلىتى ۋە ئالىيجاناب قەھرىمانلىق روھى، گۈزەل مەنىۋى قىياپىتى بىلەن ئۇلۇغ ئاللانىڭ ۋە ئاللانىڭ ئەلچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قوللىشىغا، يۇقىرى باھاسىغا ۋە نەزەرىگە سازاۋەر بولغان، بۇ خۇسۇستا مەھمۇد قەشقەرى مۇنداق بىر ھەدىسنى ئىپتىخار بىلەن مىسال ئالىدۇ: «بىز ،تۈرك، دېگەن ئىسىمنى ئۇلۇغ تەڭرى ئۆزى قويغان، دېدۇق. چۈنكى، قەشقەرلىك خەلەف ئوغلى تەقۋادار ئىمام ئۇستاز ھۈسەيىننىڭ ،ئىبنۇلفەرقى، دېگەن ئادەمدىن ئاڭلاپ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ،ئىبنۇئەبى ئەددۇنيا، دېگەن نام بىلەن تونۇلغان جەلجارالىق ئۇستاز ئەبۇبەكرى موفىد ئاخىر زامان توغرىسىدا يازغان بىر كىتابىدا پەيغەمبىرىمىزدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: ،ئۇلۇغ تەڭرى ئېيتىدۇ: مېنىڭ بىر تائىپە قوشۇنۇم بار، ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدىم، ئۇلارنى كۈن چىقىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىرەر قوۋمغا غەزەپلەنسەم، تۈركلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن، »، . مەھمۇد قەشقەرى يۇقىرىقى ھەدىسنى شەرھلەپ: «بۇ ھال ئۇلارنىڭ باشقا خەلقلەرگە نىسبەتەن پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ئۇلارغا تەڭرى ئۆزى ئات قويغان، ئۇلارنى يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ئېگىز، ئەڭ ھاۋالىق جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان ۋە «ئۆز قوشۇنۇم» دېگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركلەر كۆركەم، يېقىملىق، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان، ئاددىي - ساددا، كەمتەر، دادىل، مەرد ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سان - ساناقسىز پەزىلەتلەرگە ئىگە. شۇڭا شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

«قاچان ئۇنى تۈرك دەپ تونۇسا،  
خەلق ئۇنىڭغا شۇنى ئېيتىدۇ.  
ئۇنىڭغا ئۇلۇغلۇق تېگىدۇ،  
بۇنىڭدىن باشقىسىغا ئاشمايدۇ.»[1]

---

(1) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 454 -، 455 - بەتلەر.

يۇقىرىقى بايانلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ماھىيەتلىك مىللىي ئالاھىدىلىكىنى، ئىنسانىيەت دۇنياسىدا تۇتقان ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماي، بەلكى يۇقىرىقى ھەدىس ئۆزىدە يوغۇرغان چوڭقۇر مەزمۇن بىلەن بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلار تەڭرىنىڭ ئۇلۇغلىشىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇنداق قوللاش ۋە ئۇلۇغلاشنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئىتىدە مەۋجۇت بولغان يۈكسەك پەزىلىتىنىڭ ۋە مەدەنىيەت ساپا سېلىشتۇرمىسىدا ناھايىتى يۇقىرى تۇرغانلىقىنىڭ خاسىيىتىدىن بولغانلىقى روشەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىر ئەمەسكى، ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇيغۇرلارغا سېغىنىش، ئۇيغۇرلارغا ئەگىشىش ئۇلارنىڭ يولىنى تۇتقانلىق ھېسابلىنىپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ يولىنى نۇتۇش ۋە ئۇيغۇرلاردىن مەدەنىيەت ئۆگىنىش، تىل ئۆگىنىش ۋاجىپ قاتارىغا ئۆتكەنىدى.

مەھمۇد قەشقەرى بۇ خۇسۇستا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

«ئىشەنچلىك بىر بۇخارالىق ئالىم بىلەن نىشاپۇرلۇق باشقا بىر ئالىمنىڭ تەڭرى ئەزىز كۆرگەن پەيغەمبىرىمىزدىن دەلىل كەلتۈرۈپ ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئېنىق ئاڭلىغانىدىم: پەيغەمبىرىمىز قىيامەت بەلگىلىرىنى، ئاخىر زامان پىتنىلىرىنى ۋە ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنى سۆزلىگىنىدە ‹تۈرك تىلىنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ› دېگەنىكەن.

بۇ ھەدىسكە شۇ ئېيتقۇچى كىشىنىڭ ئۆزى جاۋابكار. بۇ ھەدىس راست بولسا، تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش ۋاجىپ بولىدۇ، راست بولمىغان تەقدىردىمۇ، تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش زۆرۈرلۈكىنى ئەقىل تەقەززا قىلىدۇ»[1].

ناھايىتى روشەنكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار رېئال كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە ئەزىزلىنىپ، ھۆرمەتلىنىپ قالماي، بەلكى ئۆزلىرىدىكى يۈكسەك پەزىلەت ۋە ئالىيجاناب مىللىي خاراكتېرى بىلەن دىنىي ئەقىدىلەردىمۇ قەدىرلىك ھەم ھۆرمەتلىك ئورۇن ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان، ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا خەلقى ئالدىدىكى شان - شەرىپىنى مەدەنىيەت جەھەتتە تۇتقان ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى، شانۇ شەۋكەتلىك ئورنى ۋە پەزىلەتلىك خەلق بولغانلىقىدىن دەپ چۈشەنگەن. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىدىن يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىشەنچ بىلەن پەخىرلەنگەن. بىز بۇ يەردە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسىرىدىن ئۆز دەۋرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە خەلقنىڭ پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن تۆۋەندىكى خىتابىنى ئەسلىتىپ ئۆتىمىز:

«مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى كۆردۈم ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆرگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم. تەڭرى ئۇلارنى ‹تۈرك› دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى؛ دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى؛ ئۇلارنى ئىنسانلارغا باش قىلدى؛ ھەق ئىشلاردا ئۇلارنى قوللىدى؛ ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۈرەشكەنلەرنى ئەزىز قىلدى ۋە تۈركلەر تۇپەيلىدىن ئۇلارنى ھەممە تىلەكلىرىگە ئېرىشتۈرۈپ، يامانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىدى. تۈركلەرنىڭ ئوقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يولىنى

---

(1) «تۈركىي تىللار دىۋانى»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەھكەم تۇتۇش ھەربىر ئەقىل ئىگىسىگە لايىق ۋە مۇناسىپ ئىش بولۇپ قالدى. ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن، ئۇلارغا تۈرك تىلىدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق. كىمكى ئۆز گۇرۇھىدىكى دۈشمەنلىرىدىن ئايرىلىپ، تۈركلەرگە سىغىنىپ كەلسە، تۈركلەر ئۇلارنى ئۆز قانتى ئاستىغا ئېلىپ، خەۋپتىن قۇتقۇزىدۇ؛ ئۇلار بىلەن بىللە باشقىلارمۇ پاناھ تاپىدۇ»[1].

يۇقىرىقى خىتابلار قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە قانچىلىك مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى پاكىت تەلەپ قىلمىغۇدەك دەرىجىدە يورۇتۇپ بەرگەن.

2. ئۇيغۇرلار يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمىي مىللەت ئىدى

بۈيۈك ئالىم مەھمۇد قەشقەرى «قەدەم ئىزى بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر لۇشۈن ئەپەندى: «بۇرۇن يول يوق ئىدى، ئادەملەر ماڭغاندىن كېيىن يول پەيدا بولغان» دەپ كۆرسەتكەن. يۇقىرىقى يول ۋە ئىزلار ئادەتتىكى ئىز ۋە يولنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ يولى، ئىنسانىيەت تارىخى بېسىپ ئۆتكەن مەدەنىيەت يولىنى كۆرسىتىدۇ.

تارىختا ئىنسانىيەت تارىخى بېسىپ ئۆتكەن مەدەنىيەت ئىزلىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، جۇڭگو، ھىندى، گرېك، ئىران ۋە ئەرەبلەرنىڭ قەدىمكى ئاتا بوۋىلىرى ئىنسانىيەتكە كۆزنى چاقنىتىدىغان ئەڭ باي مىللىي مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى يارىتىپ، جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس پارلاق تۆھپىلىرىنى قوشقانلىقىنى كۆرىمىز.

جاھان مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى توغرىسىدا سۆز ئاچىدىغان بولساق، بۇ مەدەنىيەت ھالقىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقى تارىخىي پاكىتلاردىن مەلۇم، شۇڭا پروفېسسور ك. ئا. بىرونىكۇ «ئۇيغۇرلار ئۆتكەن دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش تارىخىدا چوڭ ئورۇن ئېلىپ كەلگەن بىر خەلق. ئۇيغۇرلار قەدىمكى زامانلاردا يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان شەرق خەلقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دېگەن باھالىرىمۇ تارىختىدىكى نورغۇن مەدەنىي ئىزلارغا ئاساسەن چىقىرىلغان خۇلاسە ئىدى.

راست! تارىخ سەھىپىسىگە ئەقىل كۆزىمىز بىلەن قارىغىنىمىزدا، شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرغان «يىپەك يولى» دىن ئىبارەت خەلقئارالىق ئالتۇن لىنىيە خەلقئارا سودا مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆۋرۈكى ۋە بازىرى بولغانىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدىن ياشنىغان بۇ مۇقەددەس تۇپراق ئاتا قىلغان قىممەتلىك مەھسۇلاتلارنى ئارتقان تۆگە كارۋان تۈنجى بۇ دىياردىن دۇنيادىكى باشقا مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرگە بارىدىغان دەسلەپكى يولنى ئاچقانىدى. بۇ يول ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە روناق تېپىپ، گۈللەپ ياشنىشىدا ئەڭگۈشتەرلىك رول ئوينىغانىدى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بۇ خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىدە ئالتۇن كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرغانىدى. چۈنكى، ئۇيغۇرلار خېلى قەدىمكى دەۋرلەردىلا تاۋار سودىسىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي قۇرۇلۇشىدا ئوينايدىغان غايەت مۇھىم تۈرتكىلىك رولىنى ئەقلىي ھېس قىلىشقانىدى. 11 - ئەسىرنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ سودىگەرلەر تەبىقىسىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتقا ۋە

---

(1) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 1 -، 2 - بەت.

سىياسى ھاياتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا قويغان: «ئۇلار شەرقتىن غەربكە كېزىپ يۈرۈپ، سەن ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. مىڭ تۈرلۈك تاۋار - دۇردۇن، دۇنيانىڭ قىممەتلىك نەرسىلىرى شۇلاردا بولىدۇ. جاھان كەزگۈچى سودىگەر بولمىغان بولسا، قارا سۇسەر جۇۋىنى قاچان كىيەلەيتتىڭ. سودىگەر جاھان كېزىپ يۈرمىگەن بولسا ئۈنچە - مارجان، تىزنىقلارنى كىم كۆرەلەيتتى؟»

قەدىمدىن تارتىپ سودا ئىگىلىكىدە قانۇنىيەتلىك ئىككى خىل باغلىنىش مەۋجۇت. بىرى، ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلارنى سىرتقا چىقىرىش، يەنە بىرى، باشقىلارنىڭ ئىلغار مەھسۇلاتلىرىنى كىرگۈزۈش. ئۇيغۇرلار سودا ئىگىلىكىدىكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. چۈنكى، نوقۇل باشقىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقىلا تايانغاندا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەت ئىچىدىكى قول سانائەتچىلەرنىڭ ئىلگىرىلەش يولى توسۇلۇپ قالاتتى. ئىستېمالچىلارمۇ زور دەرىجىدە زىيان تارتاتتى. بۇ خىل ئەھۋال سودا ساھەسىدە ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدا كۈچلۈك رىقابەت ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنداق كۈچلۈك رىقابەت ئۇيغۇر ئۇستىلىرى ۋە سودىگەرلىرى تەبىئىي ئەۋزەللىكتىن، خام ماتېرىيال ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، قول سانائەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى — توقۇمىچىلىق سانائىتى، زەرگەرچىلىك سانائىتى، كېگىز ئىشلەپ چىقىرىش سانائىتى، گىلەمچىلىك سانائىتى، قاشتېشى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى سانائىتى قاتارلىقلار جەھەتتە ئۆز ئېھتىياجىدىن ئېشىپ، دۇنيا بازارلىرىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئىگىلىگەنىدى. تارىخىي كىتابلاردا بۇ ھەقتە قىممەتلىك مەلۇماتلار ساقلىنىپ قالغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى دېگەن قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەردە ئۇيغۇرلارنىڭ يىپكى - يىپكى ئىختىرالىرى توغرىسىدا نۇرغۇن ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن. مەھمۇد قەشقەرى مۇنداق بىر توقۇلما مەھسۇلاتنى تىلغا ئالىدۇ: «ياتۇق — ئىككى خىل نەرسىدىن توقۇلغان رەخت. ئۇنىڭ ئۆرۈمى يۇڭ يىپتىن، ئارقىغى پاختا يىپتىن بولىدۇ». بۇنداق ئىككى خىل يىپنى ئارىلاشتۇرۇپ رەخت توقۇشنىڭ قانچىلىك تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەسقۇ دېيمەن. يەنە بىر ئۇچۇر: «يالما — يامغۇرلۇق. پارسلار بۇنى تۈركلەردىن ئېلىپ ‹يەكمە› دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. ئەرەبلەر پارسلاردىن ئېلىپ ‹يەلموق› شەكلىدە قوللىنىدۇ. ھېچكىم بۇ سۆزنى تۈركلەر پارسلاردىن ئالغان دېيەلمەيدۇ. چۈنكى، مەن بۇ سۆزنى ئەڭ يىراق چېگرىدا ياشىغۇچى قارا تۈركلەردىنمۇ ئاڭلىغاندىم. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا قار - يامغۇر كۆپ ياغقاچقا، ئۇلار باشقىلارغا قارىغاندىمۇ يامغۇر يىپىنچىغا كۆپرەك موھتاج ئىدى». ئەمدى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدىن بىرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەيلى. مەھمۇد قەشقەرى «ئىرغاق» نى تونۇشتۇرىدۇ. ئۇنى مۇزنى مۇزخانىغا تارتىپ ئەكىرىشتە ئىشلىتىدىغان ئىلگەك، دەپ ئىزاھ بېرىدۇ. يۇقىرىقى ئۇچۇرلارنى كۆرگىنىمىزدە، بىزنىڭ 21 - ئەسىردە ياشاۋاتقان نۇرغۇن مۇزچىلىرىمىزنىڭ مۇزنى گەمىگە ئېلىپ كىرىشتە ياكى مۇز كۆللىرىدىن مۇز تارتىۋاتقاندا ئاشۇنچىلىك بىر ئىلغا ياساپ ئىشلەتمەي، قولى ۋە ئارغامچىلار بىلەن تارتىپ ناھايىتى مۇشەققەت چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. يەنە بىر ئۇچۇر تېخىمۇ بىزگە ئۈلگە ۋە ئىلھام بولۇشى مۇمكىن: «ئاقچاق — ئېغىزغا دورا قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىچى كاۋاك ئەسۋاب»، ھازىر بىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمىز بالىغا دورا ئىچكۈزۈشتە ئاشۇنچىلىك بىر ئەسۋابنىڭ يوقلۇقىدىن، دورىنىڭ كۆپىنى بالىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە ئىچكۈزۈۋاتقانلىقى

كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى مۇز تارتىش سايمىنى بىلەن دورا ئىچكۈزۈش ئەسۋابى ھازىرقى زامان يەن - تېخنىكىسىغا تايىنىپ ياسالسا، پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىشى مۇمكىنمىغۇ. دېگەن ئارمانىنى قىلىمىز.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۆتمىڭ يىل بۇرۇنقى مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن گۇۋاھلىق بەرگۈچى كروران ئانا، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت جەھەتتىكى ساپايىمىزنى ئەسلىتىدىغان شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئارقا - ئارقىدىن بايقىلىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مىڭئۆيلەردىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان سەنئەت نەمۇنىلىرى، دۇنيادا كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان «مەڭگۇ تاش پۈتۈكلىرى»، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي ۋە بەدىئىي ئىدىئالىنىڭ مەسئۇلى بولغان «ئۇغۇزنامە»، «قۇتادغۇبىلىك»، «چاھار دىۋان»، «خەمسە» قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە نەمۇنىلەر، دۇنيا مۇزىكا - سەنئەت تارىخىدىكى مۆجىزە دەپ تونۇلغان «ئون ئىككى مۇقام»، خەلقىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدىن چاقنىغان مىخ مەتبەئە، قەغەز ئىختىرالىرىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجاد قىلىشقا، يېڭىلىق يارىتىشقا، ئىسلاھ قىلىشقا، تەرەققىي قىلىشقا ماھىر، ئەمگەكچان، باتۇر خەلق ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

شۇنداق، ئۇيغۇر خەلقى ئەقىل بەيگىسى، ئىختىرا بەيگىسى ۋە يۇقىرى دەرىجىدىكى ئەقىل پاراسىتىگە تايىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. بۇنىڭ خاسىيىتى شۇ بولغانكى، بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ مىللىي خاسلىقى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى روشەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتراپتىكى ئەللەرنىمۇ ئۇخشىمىغان شەكىلدە ئۇيغۇرلاشتۇرغان. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھايات - ماماتلىق بەيگىسىدە غالىپلىق تۇغىنى كۆتۈرگەن ئەجرى بەدىلىگە ھېچبولمىغاندا مەۋجۇتلۇقتىن ئىبارەت ئەڭ شەۋكەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

## 3. تارىخىمىزدا مەدەنىيەت جەھەتتە ياتلىشىش ۋە مىللىي خاسلىقنى يوقىتىۋېتىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئاچچىق ساۋاقلار

«ئادەمنىڭ روھى چۈشسە ئېتى يۈگۈرەلمەيدۇ» دېگەن بىر ھېكمەت بار. ھەقىقەتنى ئېيتقاندا، ئىنسانلار دۇنياسى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن روھلار دۇنياسى، روھلارنىڭ ئۆزئارا كۈرەش قىلىش جەريانى: تارىخ بولسا روھلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئۆزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇش جەريانى: جەمئىيەت بولسا روھنى يېڭىلىشىدىكى سەھنىسى. مانا شۇنداق قارىمۇقارشى روھىيەت ئالىمى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مەۋجۇدىيىتىنىڭ مەنبەسى. ئىنسانلاردا روھ بولمىسا ئىنسانىيەتمۇ بولمايتتى، رەڭگارەڭ روھلار جىلۋىسى بولمىغاندا ئىنسان ئۆز كامالىتىنىڭ نۇرانە مەشئىلىنى يورۇتۇشنىڭ سېھرىي كۈچىدىن مەھرۇم بولۇپ قالاتتى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، روھنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلىشى، روھنىڭ روھ ئۈستىدىكى ئىسيانى مەڭگۈلۈك مۇقەددەس جەريانى. بۇنداق چەكسىز مۇساپە ئىچىدە سەپەر قىلىۋاتقان ئىنسانلار بېشىدىن ئىنتايىن جەلپكار، سېھرىي كۈچكە باي بولغان ئىجابىي روھلارنىڭ يېتەكلىشىنىمۇ، روھنىڭ روھ ئۈستىدىكى دەھشەتلىك، رەھىمسىز شاللىشىنىمۇ كەچۈرۈشكە مەجبۇر. بۇ ھەرگىزمۇ روھلارنىڭ ئۆز ئىرادىسى ئەمەس، بەلكى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مەڭگۈلۈك قانۇنىيىتى.

تارىخ ئۆزىنىڭ جەلپكار چېھرىنى ناھايىتى نۇرغۇن قېتىم ئۆزگەرتتى. تارىخنىڭ ھەم روھنىڭ ھەر قېتىمقى يېڭىلىنىشى مېھمان كۈتكەندەك ئۇنداق سىيلىق - سىپايە بولغىنى يوق، بەلكى ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك، يېڭىلىق يارىتىش بىلەن كونىدىن قىيالماسلىق،

غايە بىلەن رىئاللىق، تەرەققىيات بىلەن مۇتەئەسسىپلىك، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، ھەسرەت بىلەن سۆيۈنۈش، بەرىمەنلىك بىلەن مەھرۇملۇق ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك روھىيەت پىرۇتىدا ئۇزۇنىغا سوزۇلغان كۆرەش ئارقىلىق قايتىدىن تۇغۇلغان. تارىختا يۈز بەرگەن ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشلىرى، ئېتىقاد سەھىپىسىدىكى سەھنە ئۆزگەرتىشلەر، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئوينالغان تراگېدىيىلىك ۋە كومېدىيىلىك ئويۇنلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ھېسابتا تارىخنىڭ ۋە روھنىڭ يېڭىلىنىشىنىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن. ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆزلىرىنىڭ ھەققانىي باياقاشلىرى بىلەن تارىختىكى خاتا بىلىش ۋە خاتا ھۆكۈملەرگە جەڭ ئېلان قىلغان ۋە مۇشۇ يولدا رىيازەت چەككەن ھەم دارغا ئېسىلغان. پىلاتون، گالىلى، مەنسۇر ھەللاجى ... ۋە تۈمەنلىگەن كىشىلەر «يەر يەنىلا ئايلانماقتا» ، «ئەنەل ھەق، مەندەل ھەق» دېگەنگە ئوخشاش ئىسيانلىرى بىلەن دارغا ئېسىلغاندا، بۇ پاجىئەلەرگە شاھىت بولۇپ تۇرغان دەۋرداشلىرى ئۇلارنىڭ چوقانىنىڭ روھىنىڭ ئىسيانى، ئۇلارنىڭ تراگېدىيىسى روھنىڭ تراگېدىيىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تېخىرقىمماسلىقى ئۈمىد، ئىشەنچ مۇقەددەسلىكىنىڭ يىمىرىلمەس ئۇچقۇنىنىڭ ئەتىكى جىلۋىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشمىغانىدى. شۇنداق! ئەركىن، مۇقەددەس روھقا مەڭگۈ كىشەن سېلىپ بولغىلى بولمايدۇ. قەلب بوستانىدا يېنىۋاتقان مۇقەددەس پىكىرنى، روھنىڭ يېڭى ئىستەكلىرىنى ئوجۇقتۇرۇشقا ئورۇنۇش ھاكىمۇتلەقلىق بىلەن قاپلانغان ئاشۇ دەۋرلەردە ئەمدى تۈك چىقىرىۋاتقان بۈركۈتنىڭ قانىتىنى يۇلغانغا باراۋەر ئىش ئىدى. لېكىن، يۇلۇنغان قانات كېيىن بۇلۇتلار باغرىنى يارالايدىغان تېخىمۇ مۇستەھكەم تۆمۈر قاناتقا ئايلانغانىدى.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئىلغار ھاياتى كۈچكە تولغان ئىلغار روھىمۇ، زەئىپ، چۈشكۈن روھىمۇ، شۇنىڭدەك ئىلغار ئەنئەنىسىمۇ، ھەم قالاق ئەنئەنىسىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭمۇ شۇنداق، ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئاشۇنداق قارىمۇقارشى روھلار كۈرىشى داۋامىدا بەزىدە غالىب كەلدى ۋە بەزىدە چۈشكۈن، زەئىپ روھلار غالىب كېلىپ، ئىلغار روھ چەتتە قىسپالدى ۋە بەزىدە خارلاندى.

بىز بۈگۈندىن بۇرۇن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمانلىقى، جاپادىن قورقمايدىغانلىقى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، قۇربان بېرىش روھىغا بايلىقى، يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش روھىنىڭ يۇقىرىلىقى، مەرىپەتنى سۆيۈش قىزغىنلىقى، ھەققانىيەتنى ياقىلاش مەيدانى، ئەدەپ - ئەخلاق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى قاتارلىق ئىلغار مىللىي خاسلىقلىرىنى ئېغىزىمىز بېسىلماي تىلغا ئېلىپ ماختاپ كەلدۇق. بىراق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختا قانداق چوڭ سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزگەنلىكى، قانداق پىسخىك ئاجىزلىقلىرىنىڭ بارلىقى، ئىستىقبالىنى بەربات قىلىشقا سەۋەب بولغان قانداق ناچار ئىللەتلىرىنىڭ بولغانلىقى، تارىختىن بىزگە مىراس بولۇپ قالغان قانداق - قانداق ئىللەتلىرىمىزنىڭ يەنىلا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقى، ئۇنى قانداق قىلغاندا تۈگەتكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە تېخى تولۇق، ئەتراپلىق ئىزدىنىشكە، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەشكە ئۈلگۈرۈپ بولالمىدۇق. بىراق، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرنىڭ ئەڭ ئۇقۇمۇشلۇق شاھىتلىرى مىللەتنىڭ روھىدا ساقلانغان چىرىتكۈچى باكتېرىيىگە ئوخشاش يامان ناچار ئىللەتلەرنى يۈرەكلىك پاش قىلغان، شۇنداقلا ئۇنداق ناچار، يامان ئىللەتلەرگە قارشى رەھىمسىزلەرچە ئىسيان كۆتۈرۈپ، مىللەتنىڭ روھىنى ساپلاشتۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى زور ئەجىرلەرنى قىلغان، شۇنداق قىلىپ ئۇلار مىللەتنى خاراب قىلىدىغان، ھالاكىتىنى تېزلىتىدىغان يامان ئىللەتنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك چارە -

www.uyghurkitap.com



تەدبىرلىرى ئۈستىدە بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلىشقانىدى.

7 - ئەسىردىن بۇرۇنقى تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى مۇپەسسەل ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن تارىخىي خاتىرىلەر ناھايىتى ئاز. «ئورقۇن مەڭگۇ تاش يادىكارلىقلىرى» ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىگە قويغان دىئاگنوزىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمكى مەلۇماتى. مەڭگۇ تاش يادىكارلىقلىرىنىڭ ئاپتورلىرى كۆلتېكىن، بىلگە خاقان، تونيوقۇقلار ئۆز دەۋرىنىڭ مىلودىيىسىنى ئەڭ ياخشى چۈشەنگەن، ئۆزلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغان گىگانت ۋەكىللىرى ۋە ئەزىمەتلىرى ئىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مۇنبىرىدە ئەڭ شانلىق سەھىپە ئاچقان پارلاق دەۋرى. شۇنداق گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان تارىخىي باسقۇچتىمۇ دۆلەت، خەلقنىڭ ئوبرازىغا داغ چۈشۈرىدىغان زىيانلىق ئىللەتلەر باش كۆتۈرۈپ، دۆلەتنى خاراب قىلىش، ۋەتەننى مۇنقەرز قىلىش خەۋپىنى تۇغدۇرغان.

بۇنداق يامان كېسەلنى داۋالاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس مەسئۇلىيىتى دەپ بىلگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ باتۇرلار بېگىدەك قورقماس يۈرەك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتە باش كۆتۈرگەن ئىللەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى، مەنبەسىنى، ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى ئۇچۇق ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مىللەتنىڭ بۇنداق چىرىتكۈچى مەرەز كېسەلنىڭ ئۇنۇملۇك رېتسېپىنىمۇ بايقاپ چىققان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەلق ئىچىدىكى مەنىۋى بۇزۇلۇشقا، ئاق - قارىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىپ بارغانلىقىغا، ھەق بىلەن ناھەقنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىپ بارغانلىقىغا، ئەسلىدىكى پاك روھنىڭ شەخسىيەتچىلىك، تەمەخورلۇق، قۇلچىلىق بىلەن پەسكەشلىشىپ كېتىپ بارغانلىقىغا قاتتىق ئېچىنىدۇ. ئۇنىڭ ۋىجدانى ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى بۇنداق نابۇت بولۇپ كېتىشكە يول قويمايدۇ. ئۇنىڭ پاك روھى دەھشەتلىك تىترەيدۇ، ۋىجدان تارىسى ئۇنىڭغا تېخىمۇ قاتتىق جاكا بېرىدۇ - دە، ھۆكۈمدارلارغا ۋە خەلققە ھەقلىق يوسۇندا مۇنداق مۇراجىئەت قىلىدۇ:

«ئەي ئالىم، بۈگۈنكى بۇ زامانىڭغا نەزەر سال! ھەممە ئىش - ئەمەللەر تامامەن باشقىچە بولۇپ كەتتى، بىلىملىكلەر خارلاندى، ئەقىللىقلار كېكەچ بولۇپ ئېغىز ئاچالماس بولۇپ قالدى. ئەلدە يارىماس كىشىلەر كۆپىيىپ كەتتى، پاۋاشلار ئازار يەپ بېشىنى كۆتۈرەلمىدى. قاراپ باقسىن، مەي بىلەن يۈزىنى يۇيۇپ ناماز تاشلىغانلار مەرد، باتۇر ئاتالدى، پىتنە - پاسات قىلغۇچىلار ئەركەك سانالدى، مەي ئىچمەيدىغان ئوغلانلار خەسىس دەپ ئاتالدى. ئەلدە ھالا يوقالدى، ھەممىدە ھارام ئۈستۈنلۈكنى ئالدى، ھارام يېگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىنى قارا كىر بېسىپ كەتتى، ھالالنىڭ نامىلا قالدى، ئۇنى كۆرگىنى بولمايدۇ، ھارام بولسا تالاشتا قالدى، ئۇنىڭغا ھېچكىم تويمىدى. قاراپ كۆر! دۇنيانىڭ قىلىقلىرى تامامەن باشقىچە بولۇپ كەتتى، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى تىلىدىن باشقىچە بولۇپ كەتتى. خەلقتىن ۋاپا كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا جاپا ئۈستۈنلۈكنى ئالدى. ئىشەنچلىك بىرەر ئادەمنىمۇ ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. قېرىنداشلار ئارىسىدا يېقىنلىق يىراقلاشتى، ياخشى دوستلارمۇ مېھرىبانلىقتىن كەچتى. كىچىكتە ئەدەپ قالمىدى، ئۇلۇغدا بىلىم سۇسلاشتى. قوپال - نادانلار كۆپىيىپ، سىلىقلار ئازايدى. كىشىلەر ئارىسىدىكى يېقىنلىق پەقەت پۇل ئۈچۈنلا بولدى، ھەقىقەت ئۈچۈن توغرا، ھەق ئىش قىلىدىغانلار قېنى؟ قېنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى كىشى، قېنى يامانلىقتىن توسقۇچى كىشى؟ سودىگەرلەر ئامانەت مەجبۇرىيىتىنى ئۇنۇتتى، ھۈنەرۋەن -

ئۇستىلار نەسىھەتلىرىدىن ۋاز كەچتى، بىلىملىكلەر سۆزلىرىنى توغرا سۆزلىيەلمەيدىغان بولدى. خوتۇنلاردىن هايا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. توغرىلىق يوقالدى، ئۇنىڭ ئورنىنى ئەگرىلىك ئىگىلىدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ كەتتى، كىمدە پۇل بولسا شۇنىڭغا باش ئەگدى، مۇسۇلمانلار قارشىلىشىپ بىر - بىرىنىڭ گۆشىنى يېيىشمەكتە، كاپىرلار بولسا ھوزۇر - ھالاۋەتتە ياشىماقتا. مۇسۇلمانلارنىڭ مال - دۇنياسى تالان - تاراج قىلىندى. ھارامنى ھالالدىن پەرقلەندۈرىدىغان كىشى قېنى؟ كۆر، پىتنە - پاسات شاۋقۇنى قىلچە ئۇخلاتمايدۇ، ئىلمى قۇرئان ئاۋازى قېنى، كۆڭۈل قاتتىقلاشتى، تىل يۇمشىدى، ھەقىقەتنىڭ ئۆزى يوقاپ كەتتى، پۇرقى قالدى. نەزەر سالغىن، ئاتىغا ئوغۇل دادىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئوغۇل بەگ بولۇپ، ئاتا قۇل بولدى. كەمبەغەل، تۇل - يېتىملارغا شەپقەتچى يوق. جاھان ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. بۇنىڭغا ئەجەبلەنگۈچى قالمىدى. ئوغۇل - قىزلار ئاتا ھۆرمىتىنى تاشلىدى. «قېرى، دېگەن نام كىشى ئۈچۈن ھاقارەت بولۇپ قالدى. قانۇن - قائىدىلەر پۈتۈنلەي ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى، ئاق بىلەن قارا ئايرىلىشىپ كەتتى. بۇنىڭ ھەممىسى قىيامەت ئالامىتىدۇر، ئالامەت كۆرۈلسە كېلىدىغىنى كېلۇر. قۇدرەتلىك تەڭرىم ئىمانىمىزنى ساقلىسۇن، پىتنە، بالا - يامانلىقلارنى ئۇتتۇرىدىن كۆتۈرسۇن.»

مانا بۇ فېئودالىزم تۈزۈمى ئاستىدا ياشاۋاتقان بىر گىگانت جەڭچىنىڭ ئىسيانى. بۇ قەتئىي ئىسيان بىلەن يۈسۈپ دارغا ئېسىلىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، شاھ ۋە دەۋر ئۇنىڭ ئىسيانىنى قوبۇل تاپتى. ھەققانىيەت ئۈستۈنلۈك قازاندى. شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ شاھتىن قالسىلا ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارى — ئۇلۇغ خاس ھاجىپلىق شان - شەرىپى بىلەن تارتۇقلاندى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى دەۋردىكى خەتەرلىك مەنىۋى كېسەلنىڭ توپ يىلتىزىنى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ كۆرسەتكەن. بىرى، نادانلىق، ئىككىنچى، قانۇن - تۈزۈمنىڭ توغرا، ھەق بولماسلىقى، ئۈچۈنچى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىق ۋە موھتاجلىق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يوقىرىقى ئۇلۇغ بايقىشى بىلەن قانائەت قىلمايدۇ. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى مەنىۋى ئىللەتلەرنى داۋالاشنىڭ ئۇلۇغ مۇتەخەسسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلق ئارىسىدا ئەۋج قىلىشقا يۈز تۇتقان مەنىۋى ئىللەتلەرنى داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك رېتسېپىنى ھەم كۆرسىتىپ بەرگەن:

بىرىنچى رېتسېپ، بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ بارچىسى كېسەلچان كېلىدۇ، بۇ كېسەلنى داۋالىمىسا، ئادەمنىڭ تېزلا روھى ئۆلۈپ كېتىدۇ (1757 - بېيىت).

بىلىمنىڭ مەنىسىنى بىل، بىلىم نېمە دەيدۇ، بىلىملىك ئەردىن ھامان كېسەل يىراقلىشىدۇ (156 - بېيىت).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۆرسىتىپ بەرگەن مەنىۋى كېسەل ئىنسانىنى ئىنسانلىقتىن، ۋىجداندىن، ئىماندىن، ئەقىل - ئىدراكتىن، رېئاللىقنى بىلىش، چۈشىنىش ئىقتىدارىدىن، ئومۇمەن ياشاش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلاتتى. نادانلىق جاھالەتنى قەيەردە بولسا، پالاكەت ۋە ئاپەت قابائىتى شۇ يەردە بىخ سۈرەتتى. بىلىمسىزلىك - ئىقتىدارسىزلىق ھۆكۈم سۈرگەن جايدا ئادالەتمۇ، ھەققانىيەتمۇ، بەخت - سائادەتمۇ، ئەقىل - ئىدراكمۇ، گۈزەل ئىستىقبالمۇ ئۆز نىشانىدىن ئېزىقىدۇ. كۆزى ئوچۇق قارىغۇنىڭ ئالدىدا پۈتلىكاشاڭ كۆپ بولىدۇ، ئىرادە مۇقەددەسلىكىمۇ، يېڭىلمەس كۈچ - قۇدرەتمۇ، ئېگىلمەس ھەقىقەت تۇيغۇسىمۇ بىلىم شەربىتىدىن سۇغىرىلغان مەنىۋى تۇپراقتا ئاندىن ئۆسۈپ - يېتىلىش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن

www.uyghurkitap.com

بولالايتتى. چۈنكى، توغرا بىلىش پاراسەتنىڭ قانتى، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى،
زەئىپلىكنىڭ شىپاسى، ھاياتلىق يىلتىزىنىڭ ئابى ھاياتى بولالايتتى. بىلىپ پاكى بىلمەي
قىلىنغان بارلىق رەزىللىكلەر، ئىنسانىيەتسىزلىكلەر توغرا بىلىشتىن مەھرۇم بولغان
كىشىلەردىنلا سادىر بولاتتى.

ئىككىنچى رېتسېپ، توغرا، ئادىل، ھەققانىي قانۇن - تۈزۈم ئەلنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ، روھنى ساپلاشتۇرۇشنىڭ يەنە بىر ئۈنۈملۈك رېتسېپى ئىدى. شۇڭا، يۈسۈپ ئەل ئىچىدىن ناھەقچىلىقنى، زوراۋانلىقنى، تەڭسىزلىكنى يوقات. ھەققانىي قانۇننى خەلققە بەر. قانۇندىن ئۇلار بەھرىمەن بولسۇن، توغرا قانۇن سۇغا ئوخشاش چۆلنى بوستان قىلالايدۇ، ئادالەتسىز قانۇن پۈتۈن خانۇمانىڭنى ۋەيران قىلىشقا يارايدۇ. دەپ يەكۈنلەيدۇ. بۇ نۇقتىدا ئەڭ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى شاھ ئۈستىگە ئىرەيدۇ ۋە شاھ يالغۇز قانۇن چىقارغۇچى بولۇپ قالماستىن، ئەڭ ئالدى بىلەن قانۇنغا بويسۇنغۇچى بولۇشى كېرەك. شاھ ھەرقانچە يۇقىرى بولسىمۇ، يەنىلا قانۇن شاھتىن ئۈستۈن بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئەلنىڭ بۇزۇلۇشىنى ئەلدىن كۆرمە، ئۆزۈڭدىن كۆر، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى ۋە قانۇن - تۈزۈمىڭنى توغرىلا، شۇندىلا خەلق توغرا يولغا ماڭىدۇ.

ئۈچىنچى رېتسېپ، خەلق تۇرمۇشتىن خاتىرجەم بولسۇن. ھەرقانداق ياخشى خۇلقلىق، پاك ۋىجدانلىق، دۇرۇس خۇيلۇق، ساغلام روھلۇق كىشىلەرمۇ قولى قىسقىلىق، موھتاجلىق تۈپەيلىدىن ئۆزىنى بۇزۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھەي شاھ، خەلقىڭنى نامراتلىقتىن، كەمبەغەللىكتىن، ئاچ - يالىڭاچلىقتىن قۇتۇلدۇر، ئۇلارنى باياشاد ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە قىل، شۇندىلا دۆلەت روناق تېپىپ، ئەلدە خاتىرجەملىك قارار تاپىدۇ.

يۇقىرىقى ئۈچ رېتسېپ ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىققا نىسبەتەن ئەڭ شىپالىق كۆرسەتمىلەر ئىدى. بۇ رېتسېپنىڭ شىپالىق رولىنى ئەسىردە ئەمەلىي كۆرسىتىش بىلەن مەنىۋى جەھەتتىن ئىسپاتلىغان.

تارىخ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرگە قەدەم قويغاندا، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۆزىنى قايتىدىن ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئۆزلىرىگە يېڭىدىن باھا بېرىشكە يۈزلەندى. نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزۇن تارىخىي مۇساپىدە غاپىللىق، مەجبۇرىيەت ۋە زورلۇق ئاستىدا يول قويۇشقا، قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان نۇرغۇن سەۋەنلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالىدى. ئۆزى ئۈستىدىكى بۇنداق قايتا ئويلىنىش ۋە روھ ئۈستىدىكى ئىسيان ياۋروپادىكى خەلقلەرنى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىگە ئېلىپ كىرگەندى. بۇ باسقۇچتىكى روھلار كۈرىشى ئىنتايىن كەسكىن، دەھشەتلىك ۋە رەھىمسىز بولدى. بۇ روھىي كۈرەشنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئالدى بىلەن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئىنسانىي قىممىتى، جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە رولىنى تونۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ خىل يېڭى چۈشەنچە ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى بىلىش، مەھكۇم بولغان، ئالدانغان، خورلانغان روھنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالغانىدى. روھنى ئازاد قىلىش يەنىلا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋە مەڭگۈلۈك مەقسىتى بولۇپ قالىدۇ.

دەل ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىگە كەلگەندە بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ياشاۋاتقان شەرق زۇلمەت ئىسكەنجىسىگە بەنت بولغانىدى. خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك ئىزدىنىشلىرى بەدىلىگە ئېرىشكەن قىسمەن روھىي ئازادلىقى چەكتىن ئاشقان خوراپاتلىق پاتقىقىدا ئېگىراشقا، قوش زۇلۇم قامچىسى، زورلۇق - زومبۇلۇق كىشەنلىرى، روھىيەتكە قىلىنغان دەھشەتلىك بېسىملار ئاستىدا ھاقارەتلىنىشكە، خارلىنىشقا دۇچ كەلدى. مىللەت ئىچىدە سەلبىي ئېقىم

ئۇستۇنلۇك قازاندى. نەتىجىدە نەچچە ئەسىرلىك بېسىم، خورلۇق ۋە بۇلغاشقا ئۇچرىغان ساغلام روھ ئۆزىنىڭ ئورنىنى زەئىپ، چۈشكۈن، تېخىرقىغان، ھالسىزلانغان، ئازغان بىر پۈچەك روھقا بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن مىللەتنىڭ جۇشقۇن، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ئۇمىدۋارلىققا تولغان روھى نادان، ئالدامچى، قارا نىيەت، پۈرسەتپەرەس سوپىلارنىڭ تۇزىقىدا ماغدۇرسىزلاندى ۋە ئەركىن قانات قېقىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم ھالەتتە ياشاشقا مەجبۇر بولدى.

بۇنىڭ ئىپادىلىرى نېمە؟ مىللەت ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئادەمىيلىك ئورنىنى، ئادەمىيلىك قىممىتىنى ئۇنتۇپ قالدى، ئەكسىچە، ئۆزلىرىنى بۇ دۇنيادىكى بىر گۇناھكار، ئازغۇن، ھېچقانداق ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان مەجرۇھ مەخلۇق دەپ تونۇپ، بالدۇرقى قەددىنى تىك تۇتۇپ ماڭىدىغان بۇ خەلق ھەرقاچان پۈكۈلۈپ، تۆت قاتلىنىپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرەلمەيدىغان، تىكىلىپ بىرسىگە قارىيالمايدىغان، يەرگە يۈرەكلىك دەسسىيەلمەيدىغان بىر بىچارە مىجەزنى يېتىلدۈرۈۋالدى. ئەسلىي قانۇنىيەتتىن ياتلاشتۇرۇلدى. ئەسلىي قانۇنىيەت بويىچە قارىغاندا، ئىنسان بۇ دۇنيانىڭ خەلىپىسى (ئورۇنباسارى) ئىدى، ئادەم دۇنيادىكى بارلىق مەخلۇقلاردىن ۋە بارلىق مەۋجۇداتلاردىن ئەزىز ۋە شەرەپلىك ئورۇنغا ئىگە قىلىنغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئاللا بارلىق ئىنسانلارنى باراۋەر ياراتقانىدى، ھەرگىزمۇ بىرىنى يەنە بىرىگە قۇل قىلىپ بېرىشكە، بىرىنىڭ يەنە بىرىگە قۇللارچە چوقۇنۇشىغا ئەمر قىلىنغان ئەمەس ئىدى. ئەڭ مۇھىم تەرەپ شۇكى، پۈتۈن ئالەم ۋە زېمىن ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇلۇپ بېرىلگەنىدى، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ ياشىشىغا ئويغۇنلاشتۇرۇپ بەرگەنىدى، ئادەمنى بولسا يەر يۈزىدىكى بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن ئەركىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلغانىدى. بىراق، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە ئۇيغۇرلار ئازغۇن يولنى تاللاپ، ئەسلىي ماھىيەتكە خىلاپلىق قىلدى، ئۆزىنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىگە ئاسىيلىق قىلدى، ئاللانىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان مەئىشەتلىرىدىن يۈز ئۆرىدى. نەتىجىدە ئاللانىڭ «بىزنى ئۇنۇتقان قەۋمنى بىزمۇ ئۇنتۇيمىز» دېگەن ھۆكمىگە ئاساسەن، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئۇلۇغلۇق ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۇرۇپ، بارا - بارا ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ مىللەت نامىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىش ھالىتىگە بېرىپ قالغانىدى. پۈتۈن دۇنيامۇ ئۇيغۇرلارنى ئۇنتۇپ كېتىشكە باشلىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ يارقىن ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۇرۇپ قويۇشقا سەۋەب بولغان يەنە نۇرغۇن تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە روھىي سەۋەبلەرمۇ بار. ئۇنى ئومۇملاشتۇرغاندا، مۇنداق بىر قانچە تەرەپكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بىرىنچىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھاكىمىيەت تالىشىش ئۇرۇشلىرىدا بۇ زېمىن ئاپەت ئوچىقىغا ئايلىنىپ، سىياسىي كۈچلەر، دىنىي مەزھەپلەرنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن پائالىيەت قىلىدىغان جەڭگى - جېدەل بارگاھىغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى خەلقنىڭ بېلىنى مۈكچەيتكەن، يىلىكىنى قۇرۇتقان. ئۇلار جان ساقلاش ئۈچۈن ھەدەپ ئۇياندىن بۇيانغا قېچىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان، تىنچ - خاتىرجەم تۇرمۇش ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن.

ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ مۇھىم ئومۇرتقىسى بولغان سودا كارۋان يولى (يىپەك يولى) دېڭىز قاتنىشى ئېچىلغاندىن كېيىن، تەدرىجىي چۆلدەرەپ قالغان، بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىغا زور زىيانلارنى سېلىپلا قالماي، يەنە ناھايىتى ئۇزۇن زامان دۇنيا بىلەن بولغان قويۇق باردى - كەلدى مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قويدى. نەتىجىدە ئۇيغۇرلار ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت

جەھەتتە، جۇملىدىن ئىدىئولوگىيە جەھەتتە ئۇزۇن مەزگىل بىكىنمە ھالەتتە ياشاشقا مەجبۇر بولدى.

ئۈچىنچىدىن، مائارىپ ۋەيران بولدى، ئۇيغۇرلار نەچچە ئەسىر ئىنچىل ھالدا ئىلىم ـ پەندىن چەتنەشتۈرۈلدى. ئىلىم ـ پەن بىلەن دىن قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇلۇپ، پەقەت قىسمەن دىنىي ساۋاتتىن باشقا نەرسىلەرنى ئۆگىنىش گۇناھ دەپ قارالدى. نەتىجىدە پۈتۈن مىللەت مىللەت سۈپىتىدە نادان قالدى. نەتىجىدە مۇقەددەس ئىسلام دىنىمۇ شۇ زېمىندا ئەسلىي ماھىيىتى بۇرمىلىنىپ ھاقارەتكە ئۇچرىدى. ئادەمىيلىك ماھىيىتىنى يوقىتىش ھېسابىغا تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگىمۇ خىلاپلىق قىلىندى. چۈنكى، بىلىش، تەرەققىي قىلىش تەڭرىنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن ئەڭ قىممەتلىك شەپقىتى ئىدى.

بۇنداق نادانلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاپەتنى، مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىللەتلەرنى 18 ـ ئەسىر ئەدەبىياتىمىزنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان سالاھى ئۆزىنىڭ «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانىدا ناھايىتى سىمۋوللۇق ئاساستا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنىدى. ئۇ ئالدامچىلىق، كاززاپلىق، پوچىلىق، نەپسانىيەتچىلىك، مەنىۋى زەئىپلىك بىلەن تولغان رېئاللىقتىن بىزار بولغان، ھۆرلۈككە، پاكلىق بىلەن تولغان دۇنياغا تەشنا بولغان بۇلبۇل ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىدۇ. ئۇنى شۇ دەۋرگە ۋە شۇ دەۋردە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان چۈشكۈن، زەئىپ، ئۆزىدىن مەھرۇم بولغان دۇنياغا قارشى ئىسيانكار قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، تىڭىرقىغان، ئالدانغان، زەئىپلەشكەن، قۇللۇق قەپەسكە بەنت بولغان، نەپسگە ئەسىر بولغان روھنى ئازاد قىلماقچى بولىدۇ. ئەسەردە بۇلبۇل ساباننىڭ يول باشلىشى بىلەن رەزىللىك بىلەن تولغان قاباھەت دۇنياسىدىن ئايرىلىپ، ھۆرىيەت دۇنياسىغا سەپەر قىلىپ، ھۆرىيەت دۇنياسىنىڭ سىمۋولى بولغان قىزىل گۇل دىيارىغا قەدەم قويۇشقا دىيانەتسىز باغۋەن بۇلبۇلنى تۇتۇۋېلىپ قەپەسكە سولايدۇ. ئۇ بۇلبۇلنى قەپەسى بىلەن ئۆزىنى «مەرد جاھانى» دەپ ئاتىۋالغان بىر رەھىمسىز، قەلبسىز، روھسىز، ۋىجدانسىز، ئىنسانىي تەبىئەتتىن مەھرۇم بولغان بىر نائەھلىگە سېتىۋېتىدۇ. بۇلبۇل بۇ خورلۇققا قەتئىي كۆنمەيدۇ، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئەركىنلىك روھىنىڭ قۇللۇق قەپەسكە بەنت قىلىنىشىدىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل بىلىدۇ ـ دە، ئۆزىنى قەپەسكە ئۇرۇپ ئۆلۈش ئارقىلىقلا روھىنى ئازاد قىلىدۇ. «مەرد جاھانى» بولسا بۇلبۇلنىڭ ئۆلۈمىگە قىلچە ئېچىنمايدۇ، ئۇنىڭ مەقسەت ـ نىشانىنى، ئۇنىڭ روھىدىكى ئۇلۇغۋارلىقنى ھېس قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ئۇنداق قەلب، ئۇنداق چۈشەنچە، ئۇنداق رەھىمدىللىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك دېگەن نەرسە نېمە ئىش قىلسۇن. شۇڭا، ئۇ «مەرد جاھانى» بۇلبۇلنى سېتىۋالغان پۇلى ئۈچۈن پەرياد چېكىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئەخمەق بۇ ھەسرەتتىن ئۆز بېشىنى تاشقا ئۇرۇپ، ئون پۇل ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرىدۇ.

بۇ ئەسەر ماھىيەتتە ئۆز دەۋرىدىكى دەھشەتلىك تراگېدىيىنىڭ بۇلبۇل پاجىئەسى ئارقىلىق ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى ئىدى. بۇلبۇل گۈزەللىككە، ئەركىنلىككە يورەكلىك ئىنتىلگەن، جاھان زۇلمىتىگە جەڭ ئېلان قىلغان، ئۆزىنىڭ روھىنى زۇلمەت ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئىسيانكار ئىدى. ئەپسۇسكى، شۇ تارىخىي رېئاللىقتا جاھىل، مۇتتەھەم، تەپرىقچى، نەپسانىيەتكە ئەسىر بولغان، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى ئۇنۇتقان ئۇ قارا كۈچلەر ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بۇ زۇلمەت ئوچىقىدا بۇلبۇل ئۈچۈن ياخشى كۈن يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ دەۋردە بىر تەبىقە تەركىدۇنيالىقنى تەرغىب قىلىپ خەلقنى بىخوتلاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار پۇل، مەنسەپ ئۈچۈن ھەرقانداق رەزىللىكنى

قىلىشتىن باش تارتمايتتى. يامانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ياخشىلارغا كۈن بولمىغانىدى.

شائىر ناھايىتى مۇھىم بىر ئىجتىمائىي قانۇنىيەتنى بايقىغانىدى. تارىختىن بۇيان ياخشىلار ئۈستۈنلۈك قازانسا، ياخشى، ئىلغار مەقسەتلەر ئۈچۈن قۇلايلىق شارائىت تۇغۇلسا، يامانلارنىڭ يولى تارىيىدۇ، ئۇلار مەجبۇرىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ پەسكەشلىكىنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەكسىچە، ئەسكى، چىرىك، ياۋۇز كۈچلەرگە كەڭ بازار بولغاندا، ياخشىلارنىڭ يولى توسىلىدۇ، ياخشىلار كۆپلەپ ئازاب - ئوقۇبەت ۋە خورلۇقتا مەھكۇم بولىدۇ. چۈنكى، ياخشىلارغا كېلىدىغان ئازاب بەك كۈچلۈك بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار جەمئىيەتتىكى ناھەقچىلىك، بۇزۇقچىلىق، ئىنسانلىقتىن مەھرۇم بولۇۋاتقان جەمئىيەتنى ناھايىتى ئوچۇق ھېس قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ھەقىقەتنىڭ ھىمايىچىلىرى، ھەقىقەتنى بايقىغۇچىلار بولغاچقا، ھەققانىيەتنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەھشەتلىك ئازاب دېڭىزىدا ئۈزىدۇ. نادان، ئەقىلسىز ئادەملەرلا بۇنداق ئازابنى ھېس قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇلاردا قورساقنى ئاچقاننى ھېس قىلىشتىن باشقا ئازاب بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، جاھالەت ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رېئاللىقتا ياخشىلار ھەرقانچە ھەققانىي بولغان بىلەن رەزىل كۈچلەر بىلەن بولغان كۈرەشتە يالغۇز قالىدۇ - دە، جاھىل كۈچلەرنىڭ ھاقارىتىگە، كەمسىتىشىگە، مەسخىرىسىگە ئۇچرايدۇ. مانا بۇ ئازاب ئۈستىگە ئازاب بولىدۇ.

ئۆز دەۋرىدىكى نادانلىقنىڭ تراگېدىيىسىنى، خوجىلارنىڭ ساختا (ئەۋلىيا) لىق، ساختا تەقۋادارلىق بىلەن خەلقنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سېلىپ، خەلقنى ھايات مەئىشىتىدىن قول ئۈزۈشكە، زۇلمەت دېڭىزىغا ئۆزلىرىنى بەخشەندە قىلىشقا ھەدەپ ئىشتىراك قىلىۋاتقان ئېچىنىشلىق ئەھۋالنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى بەزى سەزگۈر، ئوقۇمۇشلۇق ئەربابلارنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان. مەسىلەن، موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ نازىم تارىخىي رېئاللىقنى پاكىتلارنى ئاساس قىلىپ «چاڭموزا يۈسۈپخان» داستانىنى يازغانىدى. ئەسەردە ئالداش بىلەن ئالدىنىش ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن تراگېدىيىلىك ھەم كومېدىيىلىك ئىجتىمائىي پاجىئە ئىنتايىن ئۆتكۈر ھەجۋىي يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. داستاندا يۈسۈپ خوجا ئۆزىنى ئەۋلىيا قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى يوشۇرىدۇ. ئالدانغان نادان خەلق ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ نىجاتكارى ھېسابلاپ، ئۇنىڭ رەزگى تونىنىڭ پېشىنى سۆيۈشتى، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش بىلەن ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈش ھېسابىغا ئۇنىڭدىن نىجاتلىق تىلەشتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالماق بولۇشتى، ھەتتا يۈسۈپ خوجىنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشمەك ئۈچۈن، مەسۇمە قىزلىرىنى نەزىر قىلىپ، ئۇ ئالدامچىغا تۇتۇشتى. يۈسۈپ خوجا بولسا بۇ نادان، ئەخمەق، ھاماقەت خەلق ئېلىپ كەلگەن ئامەتلىرىدىن پەخىرلىنىپ، ئېسىل كىمخاپ تونلارنى كىيىپ، ياسىداق ئۆيگە پەردە تارتىپ «ئەلنىڭ بەختى ئۈچۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتىمەن» دەپ نەزىر قىلىنغان قىزلار بىلەن ئەيش - ئىشرەت ھوزۇرىنى سۈرۈۋەرگەن.

موللا بىلال يۈسۈپ خوجىنىڭ بۇ ساختا چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلاش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئۆز دەۋرىدىكى خەلقنى گۇمراھلىققا سۆرەپ كىرگەن نادانلىقنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن پاجىئەسىنى ھېس قىلدۇرماق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلققە نادانلىقنىڭ ئادەمگە قانچىلىك ھاقارەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، قانچىلىك مەھرۇملۇقلارغا دۇچار قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرماقچى بولغان. قارىغۇلارچە چوقۇنۇشنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىۋاتقان خەلققە خوجىلارنىڭ ساختا ماھىيىتىنى تونۇتۇش بىلەن ئۇلارغا سەگەك، ھوشيار ياشاشنى تەۋسىيە

www.uyghurkitap.com

قىلغان.

بۇ دەۋردىكى ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش شۇ بولغانكى، خوجا ـ ئىشانلار ئۆزلىرىنىڭ سېھرىي ئەپسۇنىنى كۈچەپ تەرغىب قىلىۋاتقان ئاشۇ جاھالەتلىك دەۋردە بەزى ئوقۇمۇشلۇق ئەربابلىرىمىزمۇ ئۇلارنىڭ جىن ـ شاياتۇن دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ، خەلقنى بىخوتلاشتۇرۇشتا مەلۇم رول ئويناپ قالغان.

ئەۋلىياغا جان دىلى بىرلە مۇرد بولسا كىشى،
ئىككى ئالەمدە ئانىڭ ئورنى گۈلى گۈلزارىدۇر.
— نەۋبەتى

جەھان بولدى كوفۇرلارغا بېھىش،
ئاڭا قىلدى، ئالەمنى راھەت سىرىشت.

جەھان ئاخىرەت بىرلە خەندان ئېرۇر،
جەھان ئەھلى ئوقباغە زىندان ئېرۇر.

كىشىگە يېتىشسە جەھان راھەتى،
چېكەر ئاخىرەتتە بەسى مېھنەتى.

كىشى چەكسە ئالەم ئارا زارلىغ،
قىلۇر ئاقىبەتتە تەڭرى دىلدارلىغ.
— تورودوش ئاخۇن غەرىبى

ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىن بەھرىمەن بولۇشىغا ئىرادە قىلىنغان بۇ چەكسىز ئالەمنىڭ مەئىشەتىنى ھارام دەپ قاراشقا ئېلىپ بارغان چېكىدىن ئاشقان ئازغۇن ئىدىئولوگىيە خەلقىمىزنى قانچىلىك زور مەھرۇملۇقلارغا دۇچار قىلمىغان ـ ھە! بۇ خىل خاتا ئىدىئولوگىيىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان روھ تا ھازىرغىچە تېخى ئۇنىڭ زەھىرىدىن قۇتۇلالىغىنى يوق.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئىنتىلىشچان، ئىجادچان، تىرىشچان، كۆرەشچان روھ ئۆلگەن. ئۇلار خوجا ـ ئىشانلارنىڭ پېشىگە يۈزىنى بىر سۈرتۈۋېلىشنى چەكسىز بەخت ـ سائادەت ھېسابلاشقان. ئۇلار بەختىنىڭ، ھاياتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەن. بارا ـ بارا ئۇيغۇرلارنىڭ مەغرۇر خاراكتېرىنىڭ ئورنىنى قۇلچىلىق ئىگىلەپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلار بۇرۇنقى «ئات ئۈستىدە جەڭگىۋارلىق كۆرسىتىپ، تىكلىگەن نامىنى ئۇنۇتقان. بۇنىڭدىن ئىككىمىڭ يىللار بۇرۇنلا كىيىملىرىگە دەزمال سېلىپ كىيىدىغان، ئاياغلىرىغا پېتەك سېلىپ كىيىش مەدەنىيىتىگە كىرگەن، قوللىرىدا پەلەي، ئۈچىلىرىدا ساۋۇت ـ دوبۇلغا، ئاياغلىرىدا خۇرۇم ئۆتۈك، ئېسىل تونلارنىڭ ئۈستىدە يەنە كېپىنەك تون كىيىپ يۈرگەن ئەركەكلىرىمىزنىڭ ئەپتىنى ۋەيرانلىق باسقان. باشلىرىدا مەزھەپلىرىنى ئۇقتۇرىدىغان ئاق ۋە قارا تەقىي دوپپا ۋە ياكى كۆلا ـ جەندە، ئۈچىسىدا كېپەنلىك تون، پۇتلىرى يېرىلىپ تىلىم ـ تىلىم بولۇپ كەتكەن، يالاڭ

ئاياغ، رەڭگىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان تىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ قالغان. ئاياللىرىمىز تېخىمۇ خورلۇق ئۇستىگە خورلۇق تارتقان، ئۇلارنى ھە دېگەندە ئۆزلىرىنى گۇناھكار ھېسابلاشقا مەجبۇر قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي قىممىتىنى جارى قىلىش ئىمكانىيىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلغان. كروران ئانا ياشىغان بۇنىڭدىن تۆتمىڭ يىل بۇرۇن پۈتلىرىغا گۈللۈك ئۆتۈك كىيگەن، ئۇچىسىغا قاتلاق گارمۇن ئىشتان كىيىپ يۈرىيدىغان، يۈزلىرىگە ئەڭلىك سۈرتۈپ پەردازنى تاشلىمايدىغان ئانىلار، قاراخانىيلار دەۋرىدە باغرىداق مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، دۇنيا ئاياللىرىغا باغرىداق مەدەنىيىتىنى ئۆگەتكەن ئۇيغۇر ئاياللىرى بۇ دەۋرگە كەلگەندە قارا چۈمپەردىنىڭ ئىچىدە خورلىنىشقا، ئىنسانىي ئەركىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولۇشقا باشلىغان. خان ـ پادشاھلارنىمۇ پىسەنت قىلماي، تىپىپ يىقىتىۋېتىپ، «قىز بىلەن چېلىشما، تۇغمىغان بايتال بىلەن چېپىشما»[1] دېگەندەك تەمسىللەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغان ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرى خوجا ـ ئىشانلارغا نەزىر قىلىپ بېرىدىغان بويۇمغا ئايلىنىپ قالغان.

ئۇمۇمەن، يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئىجتىمائىي ـ تارىخىي ۋە ئىدىئولوگىيە جەھەتتىكى ئېزىقىشلار، ئۇزۇنغا سوزۇلغان خورلۇق ۋە ئازاب ـ ئۇقۇبەتلەر، تەلىم ـ تەربىيىدىن مەھرۇم بولۇپ نادان قېلىشلار، دۇنيادىن بىخەۋەر بېكىنمىچىلىككە ئۆزىنى بەنت قىلىشلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئىلغار مىللىي خاسلىقىنى دەپنە قىلىشقا يۈزلەندۇرگەن.

ئۇيغۇر خەلقى ئاشۇنداق ھالسىزلانغان، تېڭىرقىغان، ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويغان ھالىتىدە 20 ـ ئەسىر بوسۇغىسىدىن ئاران ـ ئاران كىرگەن. بىراق، بۇ دەۋردە بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ كۆزى ئېچىلغان، دۇنيا بىلەن ئۇچراشقان، شۇڭا ئۇلار يېڭى بىر كۆز، يېڭى بىر ئىدىئولوگىيە بىلەن ئۆزلىرىگە دىئاگنوز قويۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە روھنىڭ روھ ئۇستىدىكى ئىسيانى ئەۋجىگە چىقىشقا باشلىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ئىزدەش، زەئىپلىك دەستىدىن ئېڭراۋاتقان مەجرۇھ روھنى قۇتۇلدۇرۇش دولقۇنىنىڭ ئەۋجىگە چىققانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. چۈنكى، خوراپاتلىق تۇزىقىغا بەنت بولغان، قۇللۇق زەنجىرىدىن قۇتۇلۇشقا ئىمكان تاپالمىغان خەلق نىدا قىلالماقتا ئىدى. ئەگەر بۇنداق نادانلىق ۋە ئازغۇنلۇق داۋاملىشىۋەرسە، خەلق ھەرگىزمۇ چىقىش يولىنى ۋە ئىستىقبالىنى تاپالمىغان بولاتتى. بۇ خىل ئېغىر تەقدىرنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرگەن، روھى بالدۇرراق ئويغانغان ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلارنىڭ يۈرىكى ئەلەم زەرداپلىرى بىلەن ئۆرتەندى. ئۇلار ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان، مەنىۋى ئىللەتلەر تورىغا بەنت بولۇپ ئېڭراۋاتقان، جان تالىشىپ تىپىرلاۋاتقان روھنى كېسەلدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاتاشتى. شىنجاڭدا ئۇمۇمىيۈزلۈك ئاقارتىش ھەرىكىتى باشلاندى. خەلققە ھەق ـ ناھەقنى تونۇتۇش، ۋۇجۇدىدىكى يامان، مەرەز كېسەلنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلىشتى. بىز بۇ خۇسۇستا پەقەت ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ 21 ـ يىللىرى يازغان

(1) مۇشۇ ماقالىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا مەھمۇد قەشقەرى مۇنداق ھېكايەت قىلغان: خاقانىيە قىزلىرىدىن بىرى نىكاھ كېچىسى سۇلتان مەسئۇدنى تېپىپ يىقىتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن خاقانىيىلىكلەر ئارىسىدا سۇلتان مەسئۇد توغرىلىق بىر ماقال چىقىرىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 619 ـ بەت.»

www.uyghurkitap.com



«ئۇيغۇرۇم» دېگەن دىئاگنوز خاراكتېرلىك شېئىرىدىن ئازغىنە مىسال ئېلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز:

جاھالەت سەمەرىسىدىن بىزگە بىر كۈن كۆپ خاتا باردۇر،
ئېيتىڭىزچۇ، بۈگۈنكى ھالىمىزنىڭ قايسى بىرسىدە ساپا باردۇر؟

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

خاتائەن دوستىمىزدا بىر ئەيىب زاھىر بولۇپ قالسا،
يوشۇرماي بىرگە ئۇننى قوشۇپ چاقىقانىمىز باردۇر.

خۇشامەت بابىدا بىزدىن بۆلەك ئۈستىسى ھەم كامدۇر،
قوۋلۇق - شۇملۇق بىلەن رەڭمۇرەڭ يالغانىمىز باردۇر.

ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كۆكتە، ئۈزەر سۇدا،
مىنىشكە قوتۇر ئېشەك يوق، پىيادە قالغانىمىز باردۇر.

بۇۋىلار شۆھرىتىنى، غەيرىتىنى ھېچ سېغىنماسمىز،
قېلىپ غەپلەت - جاھالەتتە يۇمۇپ كۆز، پو ئاتقانىمىز باردۇر.

ھۈنەر بىلەن سانائەتتە يېتىشتۇق، بولدى ئىش پۈتتى،
ئۇماچ ئىچمەككە خۇمدانda ھېچىر قۇيغانىمىز باردۇر.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋەيا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۈرلۈك - تۈمەن بۆھتانىمىز باردۇر.

ئەل يۈرتىنىڭ دەردىگە قىلچە دەرمان بولمىدۇق بىزلەر،
كېلۇر بىر كۈن، ئاشۇ چاغدا ئورنىغا كەلمەس پۇشايمانىمىز باردۇر.

ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى، ئۆز پاجىئەسىگە سايە بولۇۋاتقان ئىللەتلەر بۇنىڭدىنمۇ ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلمەس. بۇ تىرىشچانلىقلار يوقۇلۇشقا يۈز تۇتقان مىللىي خاسلىقنى ئويغىتىش، ئۆزلىرىنى قايتا تونۇتۇش ئۈچۈن قىلىنغان ئۇرۇنۇشلارنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى.






源泉 （布拉克）（维吾尔文）总90期

بۇلاق (قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي90-سان

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 نومۇر )
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65-1063/I
本刊代号：58—108　定价：6.50元
ISSN 1005—0876/ 国外代号：Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋاكالەت نومۇرى : 108–58. باھاسى : 6.50 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى : Q1118